


ئابلىم قېيۇم


# تۇرپان ئاسارئەتىقىلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرپان ئاسارئەتىقىلىرى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7—228—03960—2
K·440 (民文)定价:15.00元


ISBN 7-228-03960-2
9 787228 039609 >




سۇ بېشى قەدىمكى تۇرالغۇ خارابىسى




ئالغۇيدىكى قەدىمكى تاش قەبرىلەر




مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى




چىگىلىك تام قەدىمكى ئىبادەتخانا خارابىسى




يارغول قەدىمكى قەبرە رايونى




تاشقا چېكىلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى





لاپچۇق قەدىمكى كارىز خارابىسى



ئويمانتۇر ئوت تۇرى خارابىسى

TURAN KİTAPLIĞI

## ئاپتور ھەققىدە

ئابلىم قېيۇم 1980 ــ يىلى بېيجىڭ داشۆسىنىڭ ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن. شۇ يىلى 3 ــ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىغا تەخسىم قىلىنغان. 1986 ــ يىلى، ئۇ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ، مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. 1988 ــ يىلى 11 ــ ئايدا جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

يولداش ئابلىم قېيۇم خىزمەت داۋامىدا، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات خىزمىتىگە دائىر بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ، گېزىت ــ ژورناللاردا ئېلان قىلغان.

يولداش ئابلىم قېيۇم 1995 ــ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى قۇرۇلغاندا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىگە ئالمىشىپ كەلگەن. ئىدارىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش جەريانىدا، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغان.

« تۇرپان ئاسار ئەتىقىلىرى » دېگەن بۇ كىتاب يولداش ئابلىم قېيۇمنىڭ 1988 ــ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ( تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىكى ) تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋامىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن رەتلەپ چىققان كەسپىي خىزمەت نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

TURAN KİTAPLIĞI

## كىرىش سۆز

تۇرپان ئويمانلىقى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مول ھەم مەركەزلىك جايلاشقان بىر جاي. تۇرپان ئويمانلىقى مەملىكىتىمىز بويىچە ھاۋاسى ئەڭ قۇرغاق، كىلىماتى ئەڭ ئىسسىق، دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن جاي بولۇپ، دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئويمانلىق شىمالىي تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس بولغان جۇغراپىيىلىك ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى 1980 ـ يىل 4 ـ ئايدا پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقى تەۋەلىكىدىكى قەدىمىي ئىز ـ خارابىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئويمانلىق تەۋەلىكىدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەر، يېزا ـ كەنتلەردىن كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىنىڭ بارلىقى بايقالدى. 1986 ـ يىلى يەنە بىر نۆۋەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىز ـ خارابىلىرىنى تولۇقلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى تولۇقلاپ تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىلگىرى ئاڭلاپمۇ باقمىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرى يېڭىدىن بايقالدى. 1988 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى بىرلىكتە پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەلىكىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر نۆۋەت تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرى ئۈستىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تۇنجى نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىز ـ خارابىلىرى نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. بۇنى نۇقتىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك

تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان تاش قورال ئىزلىرى نۇقتىلىرىدىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىزلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ماكاندا يىراق قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ ياشاپ، ئاۋۇپ كەلگەنلىكىنىڭ شاھىتى.

بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۇرپاننىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت تارىخىنى ۋە تۇرپان بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمىي مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا، كەم بولسا بولمايدىغان ئەمەلىي پاكىتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېنىقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل.

مەن بۇ كىتابنى يېزىشتا، تەكشۈرۈش داۋامىدا يېڭىدىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابىلىرىنى جامائەتچىلىككە بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق كەڭ ئىزدەنگۈچىلەرنى، تۇرپانشۇناسلىقا ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا قىزىققۇچىلارنى يېڭى - يېڭى تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسپداشلىرىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى تۈس ئالغان يېڭى پەن ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇپ، زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئاز - تولا ياردەم بېرىشنى كۆزدە تۇتتۇم.

ئۇيغۇر مىللىتىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان قەدىمىي مىللەت. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى ھەر قايسى سۇلالىلەر تارىخىدا تولۇق قەيت قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە قەدىمىي مىللەت، مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىچكىرىدىكى جايلارغىمۇ خېلى تەسىر كۆرسەتكەن مىللەتلەرنىڭ بىرى.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاش، ئاۋۇش، بۇ ئويمانلىقنى گۈللەندۈرۈشتەك ئۇزاق تارىخ داۋامىدا ناھايىتى ئۇلۇغ ھەم ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلارنى ياراتقان. ئۇلار ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردىن



تارتىپلا مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە خاس مەدەنىيەت شەكلىنى ياراتقان. بۇنداق مەدەنىيەت شەكلى ھازىر جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخشۇناسلىرى تەرىپىدىن «قوتچۇر مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالماقتا.

بۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزلىرى ۋە بۇ ئىز - خارابىلىكلەردىن تېپىلغان شەكلى ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەل مۇشۇ «قوتچۇر مەدەنىيىتى» نىڭ دەلىل - پاكىتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىشتە دادىل، قوبۇل قىلىشتا ماھىر، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، يېڭىدىن ئىجاد قىلىشقا قادىر قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. تۇرپان ئويمانلىقى قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي لىنىيىسىدە بولۇپ، بۇ ئويمانلىقتا ياشىغان ئەينى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىز بۇ رايونغا كېلىپ - كېتىۋاتقان قوشنا ئەللەردىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان سەيياھلار، مەدەنىيەت ئەلچىلىرى، دىن تارقاتقۇچىلار، سودىگەرلەر، ھەربىي ئالىملار، دوستلار ۋە تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئۇچراشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى كۆچمەن مىللەتلەر، جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان باشقا قەبىلە - ئۇلۇسلار بۇ جايدا ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسلۇبى بولغان. ئۇيغۇرلار ئۆز ئەتراپىدا ياشاۋاتقان بۇ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى، تۇرمۇش ئۇسلۇبىنى ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇلار بۇ خىل مەدەنىيەتنى ئاددىي قوبۇل قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئەسلىگە قادىر بولغان ھالدا، ئۆزلىرىنىڭكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ناھايىتى ئىلغارلىققا ئىگە بولغان ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ئۇسلۇبىنى ياراتقان. بۇ نۇقتىلارنى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىلغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تولۇق ئىسپاتلىدى.

تۇرپان نامى قەدىمىي زامانلاردا ئۆتكەن ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ

تارىخنامىلىرىدە داۋاملىق خاتىرىلەندى. بىراق، بۇ خاتىرىلەردە تۇرپاننىڭ نامى ھازىرقى ئاتىلىشى بويىچە «تۇرپان» دەپ خاتىرىلەنمەي، ئەينى زامانىدىكى ئاتىلىشى بويىچە «قۇس»، «غۇز»، «قۇتچۇر» ①، «دوربان»، «يارقۇت»، «ئىدىقۇت» دېگەندەك ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ئاساسەن تىل جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقتىن كېلىپ چىققان. چۈنكى، شۇ چاغلاردا بىر مىللەتنىڭ تىلىنى يەنە بىر مىللەتنىڭ ئەينى بويىچە تەلەپپۇز قىلالىشى ۋە بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دۆلىتىمىزدىكى تارىخي خاتىرىلەردە تۇرپاننىڭ نامىنىڭ خىلمۇ خىل ئاھاڭ ۋە تەلەپپۇزدا خاتىرىلىنىپ قېلىشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولغانلىقى ناھايىتى تەبىئىي.

شۇڭا، مەن بۇ كىتابتا مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچىمەن.

بۇ مېنىڭ تۇنجى ئىزدىنىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر ۋە كەمچىلىكلەردىن خالىي بولماق قىيىن. كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋە كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي ياردەم بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

① «بەخت ـ تەلەيلىك بەگ» مەنىسىدە.



مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب تۇرپان شەھرى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ......... 1
I تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىزلار ........................... 1
1. ئاستانە سىپتە تاش قورال ئىزى ........................... 1
2. يارغول سىپتە تاش قورال ئىزى ........................... 2
II قەدىمىي قەبرىلەر ........................................ 3
1. يارغول قەبرىستانلىقى ........................... 3
2. چەشتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 5
3. قەدىمىي شەھەر مەھەللىسى قەبرىستانلىقى ........................... 6
4. ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقى ( I ) ........................... 6
5. چىكاڭكۆل سۇ ئامبىرى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 8
6. چىچانخۇ ساي قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 9
7. غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھەر خارابىسى قەبرىستانلىقى ........................... 10
8. ئاستانە ـ قاراغوجا قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 11
9. ئاتئويناق غولى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 14
10. ئېشەك داۋىنى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 15
11. ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقى ( II ) ........................... 16
13. شوربۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 17
14. قارۇزە قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 18
15. غوجامبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........................... 19
III مىڭئۆي تاشكېمىر خارابىلىرى ........................... 21
1. بېزەكلىك مىڭئۆيى ........................... 21
2. چىكاڭكۆل مىڭئۆيى ........................... 23
3. تاللىقبۇلاق مىڭئۆيى ........................... 24
4. بەشخا مىڭئۆيى ........................... 25

5. قۇرۇتقا غولى مىڭئۆيى ........ 27
6. سىڭگىم مىڭئۆيى ........ 28
7. بۇيلۇق تاش غارى ........ 29
8. يارغول مىڭئۆيى ........ 30
IV قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ........ 31
1. ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى قەدىمىي شەھىرى ........ 31
2. يارغول قەدىمىي شەھىرى ........ 33
3. شاد ـ خۇرام قەدىمىي شەھىرى ........ 36
4. پاقىلىق قەدىمىي شەھىرى ........ 37
5. قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى ( II ) ........ 38
6. سايبۇلۇڭ قەدىمىي شەھىرى ........ 40
7. لامپاگۇڭشاڭ قەدىمىي شەھىرى ........ 41
8. قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى ( I ) ........ 42
9. ئەنجان مەھەللە قەدىمىي شەھىرى ........ 44
10. غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ........ 45
V ئوت تۇرى خارابىلىرى ........ 46
1. يارغول ئوت تۇرى ........ 46
2. تاشتۇر خارابىسى ........ 47
3. كىندىكتاغ ئوت تۇرى ........ 48
4. تۇزلۇق تاغ ئوت تۇرى ........ 49
5. غوجامبۇلاق ئوت تۇرى ........ 50
6. سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۇرى ( II ) ........ 51
7. چىچانخۇ ساي ئوت تۇرى ........ 52
8. سىڭگىم ئوت تۇرى ........ 53
9. سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۇرى ( III ) ........ 54
10. قىزىلىيۇلتۇز 1 ـ ئەترەت ئوت تۇرى ........ 55
11. قىزىلىيۇلتۇز ئوت تۇرى ( V ) ........ 56
12. قۇرۇق ئېغىز ئوت تۇرى ........ 57





13. مۇرتۇق ساي ئوت تۇرى ........ 58
14. چىكاڭكۆل ئوت تۇرى ........ 59
15. جاڭزا مەھەللە ئوت تۇرى ........ 60
16. قارۇزە ئوت تۇرى ........ 61
VI بۇددا دىنىغا ئائىت مۇنارلار ........ 62
1. بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى ( I ) ........ 62
2. بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى ( II ) ........ 63
3. تەيزاڭ مۇنارى ........ 65
4. سىڭگىم ئېغىزى جەسەت مۇنارى ........ 66
5. كارساڭ بۇددا مۇنارى ........ 67
6. ئاستانە بۇددىزم مۇنارى ........ 69
7. ئاۋات بۇددىزم مۇنارى ........ 70
8. غوجامبۇلاق بۇددا مۇنارى ........ 70
VII بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى ........ 72
1. سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى ( I ) ........ 72
2. سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسى ( II ) ........ 73
3. سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيى ( III ) ........ 74
4. سىڭگىم ئېغىزى دىنىي خارابىسى ........ 75
VIII مازارگاھلىقلار ........ 76
1. خىزىر غوجا مازىرى ........ 76
2. پاقىلىق ئانىجان غوجام مازىرى ........ 78
3. شېھىد بۇزرۇكۋار غوجام مازىرى ........ 79
4. سەيدىخان غوجام مازىرى ........ 80
5. جاي غوجام مازىرى ........ 81
6. تۇرپان شاھلىقى قەبرىگاھلىقى ........ 82
IX قەدىمىي تۇرالغۇ ئىز ـ خارابىلىرى ........ 83
1. قەدىمكى مەھەللە خارابىسى ........ 83
2. سىڭگىم ئېغىزى قۇرۇلۇش خارابىسى ........ 84

3. مۇرتۇق ساي مەھەللە خارابىسى ........ 85
4. كونا خۇمدان تۇرالغۇ خارابىسى ........ 86
5. ئەنجان خارابىسى ........ 87
6. لامپاگۇڭشاڭ قەدىمىي تۇرالغۇ ئىزى ........ 88
X قىيا تاش ئۆيملىرى ........ 90
1. سىڭگىم ئېغىزى قىيا تاش ئۆيمىسى ........ 90


## ئىككىنچى باب توخسۇن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 92


تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىزلار ........ 92
1. ئويمانبولاق تاش قورال ئىزى ........ 92
II. قەدىمىي قەبرىلەر ........ 93
1. ئالغۇي ئېغىزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........ 93
2. كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........ 94
3. كىچىكياغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........ 96
4. پەنجىرتاغ ( كۆجەي ) قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........ 97
5. چولاقكارىز قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........ 99
6. قاغىچاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........ 100
7. چەكمەنكارىز قەدىمىي قەبرىستانلىقى ........ 101
8. ئۈستىغول تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى ........ 102
9. ئېۋىرغول تاش چەمبەر قەبرىستانلىقى ........ 104
10. ئالغۇي تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى ........ 105
11. يېڭىيايلاق تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى ........ 106
III. قىيا تاش ئۆيملىرى ........ 108
1. ئۈستىغول سانسكرىت يېزىقى ئۆيمىسى ........ 108
2. كۆجەي قىيا تاش سۈرىتى ( A ) ........ 109
3. كۆجەي قىيا تاش سۈرىتى ( B ) ........ 110
IV ئوت تۆرى خارابىلىرى ........ 112
1. ساي ئوت تۆرى ........ 112
2. ئالغۇي ئوت تۆرى ........ 114





3. پاقىلىق ئوت تۆرى ........ 115
4. چىغىبۇلاق ئوت تۆرى ........ 116
5. دادۇڭ ئوت تۆرى ........ 117
6. كۆك ئوت تۆرى ........ 118
7. بۇغان ئوت تۆرى ........ 119
8. ئۈستىغول ئوت تۆرى ........ 120
9. ھاسا ئوت تۆرى ........ 121
V قەدىمىي ئىز ـ خارابىلار ........ 123
1. پارچە شاغال خارابىسى ........ 123


## ئۈچىنچى باب پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ... 126


I. تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىزلار ........ 126
1. تاشقىنىئېرىق تاش قورال خارابىسى ........ 126
2. ئاقتېرەك يېڭى تاش قورال خارابىسى ........ 127
3. قىزىلقۇم تاش قورال خارابىسى ........ 130
4. ياڭخې ئاسقال مەھەللە يېڭى تاش قورال خارابىسى ........ 132
5. ئىككىنچى كەنت تاش قورال خارابىسى ........ 134
6. دىغار تاش قورال خارابىسى ........ 136
II قەدىمىي شەھەر ـ قورغانلار ........ 138
1. دۆڭبازار خارابىسى ........ 138
2. قوشجاڭزا خارابىسى ........ 139
3. دۆڭمەھەللە خارابىسى ........ 141
4. سۇبېشى قەدىمىي تۇرالغۇ خارابىسى ........ 142
5. كۆكياز قەدىمىي شەھىرى ........ 145
6. سەكسەنتۇر قورغىنى ........ 146
7. چىقتىم قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ........ 147
8. ئېغىلتام قورغىنى خارابىسى ........ 149
9. ئەسكىبازار خارابىسى ........ 151
III ئوت تۆرى خارابىلىرى ........ 153

1. ھاسا شەھرى ئوت تۇرى ...... 153
2. ئاچچىق ئوت تۇرى ...... 155
3. دىغار ئوت تۇرى ...... 156
4. ئوتتۇز چاقىرىملىق چوت ئوت تۇرى ...... 157
5. ھوگتۇر ئوت تۇرى ...... 159
6. سەكسەنتۇر ئوت تۇرى ...... 160
7. تۇرمەھەللە ئوت تۇرى ...... 162
8. تۇر كارىز ئوت تۇرى ...... 163
9. سۇبېشى ئوت تۇرى ...... 165
10. خاندۇ ئاقدۆڭ ئوت تۇرى ...... 167
11. ئەنجانتۇر ئوت تۇرى ...... 168
IV مىڭئۆي تاشكېمىر خارابىلىرى ...... 170
1. شۆگە مىڭئۆيى ...... 170
2. تۇيۇق مىڭئۆيى ...... 171
3. ماگدىغۇر مىڭئۆيى ...... 172
4. سۇبېشى تاشكېمىر ئۆيى ...... 174
V قەدىمىي قەبرىلەر ...... 175
1. قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 175
2. سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ( I ) ...... 177
3. سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ( II ) ...... 179
4. ياگخىي قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 180
5. تۇيۇق سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ( III ) ...... 182
6. تۇيۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 184
7. ئاقتىرەك قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 185
8. تۇگمەنبويى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 186
9. ئۇچكۆۋرۈك قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 188
10. بىر تۇپ جۇجەم قەبرىستانلىقى ...... 188
11. ئامانشا قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 190



12. سەنكەنقىر قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 191
13. ئابىيۇنجۇن قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 192
14. ئاقتىېتىر قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 193
15. يەتتەقىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقى ...... 194
16. چەكمەن قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 196
17. خاندۇ غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 199
18. دۆگمەھەللە قەدىمىي قەبرىستانلىقى ...... 200
VI بۇددىزم مۇنارلىرى ...... 201
1. خاندۇشا مۇنارى ...... 201
2. ئۆتەگغول مۇنارى ...... 203
3. سىركىپ بۇددا مۇنارى ...... 205
4. كىچىكھاسا بۇددا خارابىسى ...... 206
VII قىيا تاش ئويمىلىرى ...... 208
1. سىركىپ ئېغىزى تاش ئويمىسى ...... 208
2. تامغىلىق تاش ...... 209
VIII قەدىمىي خارابىلەر ...... 210
1. ئېغىلتام خارابىسى ...... 210
2. غوجامئالدى مازىرى مال كۆمگەن ئازگال ...... 212
IX ئىسلام دىنىغا ئائىت قۇرۇلۇشلار ...... 214
1. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ...... 214
2. شەرقىي چوڭ جامە ( دۇگداسى ) ...... 216

# بىرىنچى باب

## تۇرپان شەھىرى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

### I تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىزلار

#### 1. ئاستانە سىپتا تاش قورال ئىزى

ئاستانە سىپتا تاش قورال ئىزى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى كارسان مەھەللىسى تەۋەلىكىدە تېپىلغان.

بۇ سىپتا تاش قورال ئىزى ئاستانە قەدىمىي قەبرە رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 40 مېتر تۆۋەن جايدا.

قورام تاشلىق كەڭ كەتكەن ساي ئىچىنى ئېقىن يولى كېسىپ ئۆتكەن. سۇ سېرىق رەڭدىكى قۇم تۇپراقنى ئاشكارىلاپ قويغان. ئەتراپىدا تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلەر بار. قەبرە تۈپىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. غەربىي ـ شىمالىي ۋە شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدە بىردىن كېسەك بىلەن ياسالغان مازارنىڭ ئىزى بار.

ئاستانە سىپتا تاش قورال ئىزى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

قەدىمىي ئىزنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. 1959 ـ يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرگەن ۋە ئەۋرىشكە يىغقان. ھازىرقى جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدا چوڭ ئۆزگىرىش يوق. بىراق، تاش قورال ئەۋرىشكىلىرىنى تاپماق سەل قىيىنلىشىپ قالغان.

1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ يەردە تەكشۈرگەن ھەمدە تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلغان. 1988 ـ يىل 4 ـ

ئايىنىڭ 15 ـ كۈنى تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەرنى قايتىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرگەن .

1959 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش داۋامىدا 760 دانىدىن ئارتۇق ئەۋرىشكە يىغىۋېلىنغان . بۇلارئىچىدە 111 پارچە ساپال پارچىسى يەنە تاش ياپراقچىلىرى ۋە باشقا تاش قوراللارمۇ بار . تاش قوراللار بىلەن تەبىئىي تاش ياپراقچىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن .

بىز بۇ قەدىمىي ئىزنى تەكشۈرۈش داۋامىدا 7 دانە كىچىك تاش ياپرىقى يىغىۋالدۇق .

ئاستانە سىپتا تاش قورال قەدىمىي ئىزىنىڭ دەۋرى ، ئۆزىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ، سىپتا تاش قوراللار مەدەنىيەت دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .

## 2 . يارغول سىپتا تاش قورال ئىزى

يارغول سىپتا تاش قورال ئىزى ، تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى يارغول مەھەللىسى تەۋەسىدىكى يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ، يەنى يار يېزىسى تەۋەلىكىدىكى 3 ـ غول بىلەن 4 ـ غولنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېگىزلىكتە .

بۇ قەدىمىي ئىز يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى 3 ـ غول بىلەن 4 ـ غولنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان . ئېگىزلىكتە چوقچىيىپ چىققان كىچىك قۇم بارخانلىرى بار . سېغىز تۇپراق قاتلىمى سەل قېلىن ، شىمالىي تەرىپىدە بىر پارچە تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىستانلىق بار . ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى تاكى قىرغاقچە تۇتاشقان . ئوتتۇرىسىدا قەبرە رايونىنى كېسىپ ئۆتىدىغان شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان توپا يول بار .

يارغول سىپتا تاش قورال ئىزىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1000 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

قەدىمىي ئىز ئەتراپىدىكى قەبرىلەر باشقىلار تەرىپىدىن قالايمىقان قېزىلغان بولۇپ ، قەدىمىي ئىزغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزگەن . يەر



يۈزىدە يەنىبىر ئۆزگىرىشلەر بار ، تاش قوراللارنى ئۇچراتماق سەل تەس .

1960 ـ يىللىرى بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن ھەمدە تەكشۈرۈش ماقالىسى ئېلان قىلىنغان . 1988 ـ يىلى تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەرنى قايتا تەكشۈرگەن .

قەدىمىي ئىزنىڭ مەدەنىيىتى جەھەتتە ، خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، 1960 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش جەريانىدا ، شىمالىي تەرەپتىن قىرغۇچى ئەسۋاب ، ئۇچلۇق بۆسۈش قورالى ، تاش مېغىزى ، تاش ياپرىقى قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان . ھازىر يەر يۈزىدە تەبىئىي قورام تاشلار كۆپ ، تۇخۇمەك تاشلار يەر يۈزىنى بىر ئالغان ، بىراق تاش قوراللارنى ئۇچراتماق تەس .

بۇ تاش قورال ئىزىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ، بۇ قەدىمىي ئىزنىڭ دەۋرى سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .

## II قەدىمىي قەبرىلەر

### 1. يارغول قەبرىستانلىقى

يارغول قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى تەۋەلىكىدە .

بۇ قەبرىستانلىق تۈزلۈق تاغ تىزمىسىنىڭ ئىچى غول دەپ ئاتىلىدىغان غولنىڭ شىمالىي تەرىپىدە . شەرقىي مېرىدىئان 89° 2′ 53″ — 4′ 34″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 57′ 18″ — 56′ 34″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 75 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان .

يارغول قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن تۆت كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ .

يارغول قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى . بىر قىسىم قەدىمىي قەبرىستانلىقلار ئوغرىلىقچە قېزىلغان . ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا ، قىيپاش شىمالىي تەرىپى سەل ياخشى

ساقلانغان. جەنۇبقا قىيپاش يۆلەنگەن قىسمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. پۈتكۈل قەبرىستانلىق نۇرغۇن ئائىلە ياكى ئائىلە ئۇرۇقداشلىقى قەبرىگاھلىقىدىن تەركىب تاپقان. ئايرىم قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا قورام تاشلارنى تىزىش ئارقىلىق كىچىك ھويلا تېمى ياسالغان. ئىشىكى شەرققە قاراپ ئېچىلغان. شىمالغا ۋە جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغانلىرىمۇ بار. ئۇرۇقداشلىق چېگرىسى ئېچىدە ئۆزگىچە يوسۇنى بار (ئايرىملىرىدا يوسۇنلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ). كۆپ قىسمىدا قەبرە يولى بار. قەبرە يولىنىڭ كۆپ قىسمى ئىشىك ئېچىلغان تەرەپكە يۆلەندۈرۈلگەن. قەبرە تۇپىسى كۆپىنچە پىرامىدا شەكلىدە. بەزىلىرى ئالاھىدە يوغان، بۇلار قەبرىلەر ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قەبرىلەردۇر. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقداشلىق مەزگىلىگە ئائىت بىر قەبرە تۇپىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 57 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 44 مېتر، ئىشىك تېمى 24 مېتر، كەڭلىكى 13.7 مېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىر قەبرە تۇپىسى، بىر تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 6.5 مېتر، يەنە بىر تەرىپى 6.7 مېتر، ئېگىزلىكى 1.8 مېتر كېلىدۇ. قەبرە ئىشىكى، كېسەكلەر بىلەن قىرلاپ قويۇلغان. كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.45 مېتر، قېلىنلىقى 0.10 مېتر، كەڭلىكى 0.21 مېتر كېلىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئايرىلىقلىرىدىن تاش قورال دەۋرىگە تەۋە كۆل رەڭ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان.

بۇ قەبرىستانلىقتىن 0.095 مېتر چوڭلۇقتىكى بىر دانە تاش ساقا تېپىلدى. بۇ تاش ساقا قولدا ئۇرۇپ يۇمىلاق تۇسكە كىرگۈزۈلگەن. قۇم ئارىلاش قىيا تاشتىن ياسالغان. سوقۇلۇپ چېقىلغان ئىزلىرى بار.

يارغول قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى قەبرىستانلىقتا ئەسلىدە ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، بۇ قەبرىستانلىق يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.



## 2. چەشتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى

چەشتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى تەۋەسىدىكى سەيدىخان مەھەللىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە. يەنى شىمالىي پاراللېل 42° 55′ 23″، شەرقىي مېرىدىئان 89° 7′ 20″ تا بولۇپ، تۇرپان - ئايدىڭكۆل تاشيولىنىڭ بويىغا جايلاشقان.

چەشتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 0 مېترلىق ئۇزۇنغا توغرا كېلىدۇ. ئەتراپىنىڭ شەكلى تەكشى ئەمەس، سايلىق، تاغلىق ۋە ئېتىزلىقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. چەشتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 100 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ساقلىنىشى تازا ياخشى ئەمەس. قەدىمىي قەبرىستانلىق بىر كىچىك تاغ ئۈستىدىكى غەربىي - جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى بۇرجەكتە. يەرلىك ئاھالىلەر بۇ يەردىن داۋاملىق قۇم - شېغىل ئېلىپ تۇرغانلىقتىن، نۇرغۇن قەبرىلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. تاغ ئۈستىدە كېسەك بىلەن چاسا شەكىلدە قىرلاپ ياسالغان بىر قەبرە تۇپىسى بار، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتر كېلىدۇ. تەكشۈرۈش داۋامىدا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تاغدىن خالىغانچە شېغىل توشۇۋاتقانلىقى بايقالغان. تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى خادىملار پۇقرالارنىڭ يېنىغا بېرىپ شېغىل ئالماسلىق، قەدىمىي قەبرىلەرنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان، بىراق ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىغان. ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا قۇم - شېغىللار ئارىسىدىن بەزىبىر ساپال پارچىلىرى تېپىلغان.

ساپال قاچىنىڭ ئاغزى قىسمى ۋە قاچىنىڭ تېگى قىسمى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ئەۋرىشكە ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان.

قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بۇ قەبرىستانلىق مىلادىيىدىن VI، VI ئەسىر ئىلگىرىكى مەزگىلگە تەۋە قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 3. قەدىمىي شەھەر مەھەللىسى قەبرىستانلىقى

قەدىمىي شەھەر مەھەللىسى قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپىدە تەخمىنەن كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. شەرقىي مېرىدىئان 89° 3′ 20″، شىمالىي پاراللېل 42° 57′ 52″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 90 مېتىر ئېگىز.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يەنە بىر ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىدە. بۇ ئېگىزلىكمۇ ئېگىز ـ پەس، تەكشى ئەمەس. بوراننىڭ يالاپ ئۇچۇرتۇشى بەك ئېغىر، لەھەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى بوراندا ئۇچۇرتۇپ كېتىلگەچكە، لەھەتمۇ ياكى باشقا بىر ئازگالمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بىر دەرىجىگە كېلىپ قالغان.

قەدىمىي شەھەر قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. قەبرىستانلىق بىلەن يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قەبرىلەرنىڭ شەكىل ـ تۈزۈلۈشى ئوخشاش. تاش دۆۋە قەبرىلەر. كۆپ قىسمى ئائىلە ياكى ئائىلە ئۇرۇقداشلىقى تۈزۈمىنى بىرلىك قىلغان. بىراق، قەبرە چېگرىسى ۋە قەبرە سانى قاتارلىقلارنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

قەبرىلەردىكى دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 4. ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقى ( I )

ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي قىسمىدا 8 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر چۆلگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 40 مېتىر ئېگىز.



بۇ قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپى بىلەن بۇغان تۈرىنىڭ ئارىلىقى 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېڭى ياسالغان قاراماي يولى باربۇ يول قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىدىن، بۇغان تۈرىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتىدۇ. بۇ يەر ئېگىز ـ پەس شەكىللەنگەن، يانتاقلار ئۆسكەن. تۇپرىقى مۇنبەت سېغىز توپا، يۇمشاق، چوقچىيىپ قالغان ئېگىز جايلىرىدا تۇزلىشىش، شورلىشىش ئەھۋالى ئېغىر.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىلغاندا تەبىئىي ئايرىمىسى B، قەدىمىي قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. تەبىئىي بۇزغۇنچىلىق بەك ئېغىر. مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، 1980 ـ يىلدىكى قەبرىلەرنى قېزىش، رەتلەش، تازىلاش ۋاقتىدا پەقەت 0.20 ــ 0.50 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكىلا قەبرىلەر ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش داۋامىدا يول باشلىغۇچىلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا، 1986 ـ يىلى كەلگەن بىر قېتىملىق قىيان بۇ قەبرىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كەتكەن.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئېلگىرى ئايدىڭكۆل قەبرىستانلىقىنى قېزىشقا قاتناشقان يەرلىك دېھقانىنى ئېلىپ، 1991 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قەبرە رايونىغا بېرىپ، 2 سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا 2 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق دائىرە ئىچىدە تەكشۈرگەن. بىراق، قەبرە بارلىقى سېزىلمىگەن.

ئەسلىدە 1980 ـ يىلى 50 دانە قەبرە تازىلانغان. ساپال قاچا، تاش قورال، مىس قورال، تۆمۈر قورال، ئالتۇندىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇمى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 165 پارچىسى قېزىۋېلىنغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش داۋامىدىمۇ پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپاللار ئۇچرىغان. بۇلار قەبرىستانلىقنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن تەھلىل ـ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرىنى غۇزلارنىڭ قەبرىستانلىقى ياكى ئالدىنقى قوش دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىزى، يىلى مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن مىلادى دەسلەپكى يىللىرىغىچە دەپ بېكىتىلدى.

## 5. چىكاڭكۆل سۇ ئامبىرى قەدىمى قەبرىستانلىقى

چىكاڭكۆل سۇ ئامبىرى قەدىمى قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى چىكاڭكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە شەرقىي مېرىدىئان 89° 35′ 53″، شىمالىي پاراللېل 42° 57′ 4″ تا بولۇپ، غولنىڭ ئارىلىقىدا شەكىللەنگەن ئارال تۈسىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان.

چىكاڭكۆل سۇ ئامبىرى قەدىمى قەبرىستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 136 مېتىر ئېگىز.

بۇ قەدىمى قەبرىستانلىق ئۆزگىچە يەر شارائىتىغا ئىگە. سۇ ئامبىرىدىكى سۇلار چېقىنىش ئېغىزى بىلەن ئېقىپ بۇ ئېگىزلىكنى بويلاپ ئۆتىدۇ. بۇ ئېگىزلىكمۇ تەكشى بولماستىن، ئېگىز ـ پەس شەكىللەنگەن. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى قۇم ئارىلاش شورلۇق تۇپراق. غولنىڭ شەرقىي تەرىپى يالقۇنتاغ تىزمىسى بولۇپ تاغ قاپتاللىرىدىمۇ يەنە بىر قىسىم قەبرىلەر بار.

چىكاڭكۆل قەدىمى قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى، قەبرە قويۇلغان ئېگىزلىك ۋە شەرقىي تەرەپتىكى يارداڭلىق قوشۇلۇپ تەخمىنەن 13 مىڭ 320 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

چىكاڭكۆل سۇ ئامبىرى قەدىمى قەبرىستانلىقى ياخشى ساقلانمىغان بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقتا ھازىر 100 دىن ئارتۇقراق قەبرە بار. بۇ قەبرىلەرنىڭ 80 پىرسەنتى ئوغرىلىقچە قېزىپ كېتىلگەن. قېزىلغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، قەبرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يانتۇ يوللۇق قەبرىلەر بولۇپ، يەنە بىر قىسىم تىك قۇدۇق شەكلىدە قېزىلغان لەھەتلەرمۇ بار.



ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق لەھەت ئىچىدە جەسەت ئۇستىخانلىرىنىڭ بارلىقى ۋە يەنە بىر قىسىم كۈل رەڭ ساپال پۇچۇقلىرىنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى.

بۇ قەبرىستانلىق رايونىدىن 2 دانە ساپال كومزەك تېپىلدى. كومزەكلەرنىڭ 1 دانىسى كۈل رەڭ ساپالدىن ياسالغان تېگى تۈز، يانتۇ كالپۇكلۇق قاچا بولۇپ، ئاغزى قىيسىمى چېقىلغان، قورسىقى قىسمىدا ئىككى جۈپ كىچىك تۆشۈك بار. كومزەكنىڭ ئېگىزلىكى 0.21 مېتىر، تېگى قىسمىنىڭ ھەجمى 0.12 مېتىر كېلىدۇ. ياسىلىشى قېلىن، ئېغىر، خېلى يۇقىرى ھارارەتتە پىشۇرۇلغان. يەنە 1 دانە ساپال كومزەكمۇ كۈل رەڭ ساپالدىن ياسالغان. بويى پاكار، پۈتۈن پۇتلۇق، يۇمىلاق قورساقلىق، يانتۇ كالپۇكلۇق قاچا بولۇپ، ئېغىزى ۋە قورسىقى قىسمىدا چېقىنقى بار. قورسىقى قىسمىنىڭ ھەجمى 0.12 مېتىر، تېگى قىسمىنىڭ ھەجمى 0.06 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ساپال كومزەكلەر خېلى ئىنچىكە ھەم سىلىق بولۇپ، خېلى ئۇستىلىق بىلەن ياسالغان.

قەبرىستانلىقنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، بۇ قەدىمى قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادىدىن V، IV ئەسىر ئىلگىرىكى مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

## 6. چىچانخۇ ساي قەدىمى قەبرىستانلىقى

چىچانخۇ ساي قەدىمى قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ چىچان بازىرى تەۋەسىدىكى چىچانخۇ ۋوگزالىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 7.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان. شەرقىي مېرىدىئان 89° 24′ 42″، شىمالىي پاراللېل 43° 4′ 7″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 498 مېتىر ئېگىز.

بۇ قەدىمى قەبرىستانلىقنىڭ يەر شارائىتى ئالاھىدە بولۇپ، جەنۇبىي تەرەپتە يالقۇنتاغ تىزمىسى بىلەن، شىمالىي تەرەپتە تىيانشان تېغى

ئارىلىقىدىكى كەڭ ۋە تۈز كەتكەن چىچانخۇ سايلىقىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي چېتىگە تۇتىشىدۇ. شەرقىي تەرىپى ئايدىڭكۆل خىمىيە زاۋۇتىدىن چىچانخۇغا بارىدىغان تاشيولغا 150 مېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

چىچانخۇ ساي قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 125 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

چىچانخۇ ساي قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى چوڭراق بىر قەبرە شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قارىتىپ قارا تاش چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىنغان. غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدىن ئېغىز ئېچىلغان. تاش چەمبىرەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسى يۇمىلاق شەكىلدىكى تاش دۆۋىلىك قەبرە. قەبرە تۇپىسىنى قىسمەن قازغان، ئېنىق ئىزى بار. بىراق، يەر يۈزىدىن نەرسە ـ كېرەكلەر تېپىلمىدى. شەرقىي تەرەپتىن تەخمىنەن 80 مېتر كېلىدىغان يەردە يەنە بىر ياسىلىش شەكلى بۇ قەبرىگە ئوخشايدىغان 1 دانە كىچىك قەبرە بار.

چىچانخۇ ساي قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرىنى مىلادى Ⅲ — Ⅴ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 7. غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھەر خارابىسى قەبرىستانلىقى

غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھەر خارابىسى قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ غەربىي شىمالىغا 4 كىلومېتر كېلىدىغان يەرگە، يەنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 4″، شىمالىي پاراللېل 42° 59′ 19″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

غوجامبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى يالقۇنتاغ تىزمىسى بىلەن مۇرتۇق دەرياسى ئارىلىقىدىكى بىر پارچە تۈزلەڭلىكتە بولۇپ، غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدە، غوجامبۇلاق بۇددا مۇنارى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپى بىر غول بىلەن غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھىرىدىن ۋە غوجام قەبرىسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. قەبرىستانلىق جايلاشتۇرۇلغان



يەرنىڭ شەكلى تەكشى ئەمەس. يەر يۈزى قاتلىمى قۇم ئارىلاشقان تاشلىق ساي.

غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھەر خارابىسى قەبرىستانلىقى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى مۇرتۇق دەرياسىنى بويلاپ، 1.5 كىلومېتر دائىرە ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 200 مېتر كېلىدۇ.

غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھەر خارابىسى قەبرىستانلىقى شەرقىي ـ جەنۇبىي يۆزلىنىشتىن، غەربىي ـ شىمالغا قاراپ 6 گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر قەبرە تۇپىسى چوڭ ـ كىچىك، ئوخشاش ئەمەس. بىراق، ئائىلە ئۇرۇقداشلىقى بويىچە رەتلىك تىزىلغان. بىر قىسمى تۇپا دۆۋىلىك قەبرىلەر تاش چەمبىرەكلەر يوق. زور كۆپ قىسمىدىكى بىر قىسىم قەبرىستانلىقنىڭ سىرتىدا ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى تاش چەمبەر بار. ھەممىسىنىڭ ئېغىزى ئوچۇق. بىراق، يۆنىلىشى ئوخشاش ئەمەس. تاش چەمبىرەكلەرنىڭ دائىرىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. قەبرىلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى ئوغرىلىقچە قېزىپ كېتىلگەن. لېكىن، پۈتۈن قەبرىستانلىقنىڭ سىرتقى شەكلىنىڭ ساقلىنىشى خېلى ياخشى. بۇ قەبرىستانلىقتىن نەرسە ـ كېرەكلەر تېپىلمىدى. 2 ـ گۇرۇپپىدىكى قەبرىلەر شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي ـ جەنۇبقا يۈزلەندۈرۈلگەن. قەبرىلەرنىڭ شەكلى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. قەبرە تۇپىسىنىڭ ئېگىزلىكى 0.80 مېتر كېلىدۇ.

غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھەر خارابىسى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قەبرە ئۇرۇقداشلىق مەزگىلىدىكى قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 8. ئاستانە ـ قاراغوجا قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرى ئاستانە يېزىسى كارسان مەھەللىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە. شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 44″، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 57″ بولۇپ،

تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 40 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان. تۇرپان شەھىرىدىن ئاستانە يېزىسىغا بارىدىغان قاراماي يول بۇ قەبرىستانلىقنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى قويۇلغان يەرنىڭ يەر شارائىتى بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى سۇ چۆكمىلىرىدىن شەكىللەنگەن تۈزلەڭلىكتە، يەر يۈزىنى قورام تاشلار كۆمۈۋالغان. تېگى قىسمى سەل قىلىن كەلگەن سېرىق توپىلىق يۇمشاق توپا قاتلىمى، قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن 2 كىلومېتردەك ئارىلىقتا لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈر يولى بار. باشقا ئۈچ تەرىپى مەھەللە ۋە تېرىلغۇ ئېتىزىغا تۇتاشقان. جەنۇبتىن شىمالغا يۈزلەندۈرۈلۈپ ياسالغان بىر قاراماي يولى قەبرىستانلىقنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەبرىستانلىقنى شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋېتىدۇ. يولنىڭ شىمالىي تەرىپى لەنجۇ – شىنجاڭ تاشيولىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى بىلەن قۇتچۇر قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 3.5 كىلومېتر كېلىدۇ.

ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ.

ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى يامان ئەمەس ساقلانغان. بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا قېزىش – تازىلاش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان. غەربىي تەرەپتىكى قەبرىلەر ئاستانە قەبرىستانلىقى قېزىپ بولۇنغاندىن كېيىن قايتىدىن تىندۇرۇۋېتىلگەن. يەر يۈزىدە پەقەت قەبرە توپىلىرىلا قېپقالغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى قەبرە يوللىرىنى كۆرگىلى ۋە پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئاستانە قەبرىستانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپى قاراغوجا دەپ ئاتىلىدۇ. قاراغوجا قەبرىستانلىقى قېزىلغاندىن كېيىنمۇ كۆپ قىسمى تىندۇرۇۋېتىلگەن. ئاز ساندىكى قەبرىلەرنى قېزىپ ئاچقاندىن كېيىن ساياھەتچىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان، قەبرە يولى، قەبرە ئۆيى، دەپنە ئادىتى، قەبرە توپىسى قاتارلىقلار ئاساسەن ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.



بۇ يەردە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بېكىتكەن قوغداش تاختىسى، چۈشەندۈرۈش تاختىسى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا مەخسۇس قويۇلغان قوغداش خادىمى بار.

ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەكشۈرۈلگەن. 1912 – يىلى ياپونىيىلىك جى دۇەنچاۋ بۇ يەردە 10 ئاي قازغان، 1928 –، 1930 – يىللاردا سېۋېن ھېدىن، خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىقلار بۇ يەرنى قازغان. 1957 – يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغداش ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1959 – يىللىرىدىن 1979 – يىللىرىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى – ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى بۇ قەبرىستانلىققا كېلىپ كۆپ قېتىم قېزىش ئېلىپ قىلغان. 1988 – يىل 4 – ئاينىڭ 15 – كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەرنى يەنە بىر نۆۋەت قايتا تەكشۈرگەن.

ئاستانە قەبرىستانلىقىدا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، يولنىڭ غەربىي قېتىدىكى قەبرىلەرنىڭ پەقەت قەبرە توپىسىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. قەبرە توپىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.5 مېتىر كېلىدۇ. دائىرىسى 6 مېتر ( سەل چوڭراقلىرى) كېلىدۇ. ئۇ يەر – بۇ يەردە رەڭگى كۈل رەڭ ۋە قىزىل قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ساپاللارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا بۇرۇن كىشىلەر بۇ يەردىن سېپىتا تاش قوراللارنى يىغىۋالغان. يولنىڭ شەرقىدىكى قەبرىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 مېتردىن 5 مېترغىچە كېلىدۇ. يانتۇ قەبرە يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 نەچچە مېتر كېلىدۇ. قەبرە توپىلىرىنىڭ چوڭ – كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس. چوڭلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2 مېتر كېلىدۇ، ھەجمى 6.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى توپىسى قېزىلىپ ئېچىلغان قەبرىلەرنىڭ ئىچىدە تام سۈرىتى بار، قۇرۇپ قالغان جەسەتلەرمۇ بار، باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرى يىغىپ كەتكەن.

ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش –
تەتقىق قىلىش ئارقىلىق III — VI ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرە دەپ
بېكىتىلدى .

## 9. ئاتئوييناق غولى قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ئاتئوييناق غولى قەدىمىي قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار
يېزىسى تەۋەلىكىدىكى يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىي
قىسمىدا بولۇپ ، ئارىلىقى تەخمىنەن 35 كىلومېتىر كېلىدۇ . شىمالىي تە-
رىپى ئۈرۈمچىگە بارىدىغان تاشيولغا 35 كىلومېتىر كېلىدۇ . شەرقىي
مېرىدىئان ″ 22 ′1 °89، شىمالىي پاراللېل ″ 18 ′59 °42 تا بولۇپ . دې-
ڭىز يۈزىدىن 150 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان .
ئاتئوييناق غولى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئۆزئارا يېقىن بولغان ئىككى
ئېگىزلىككە جايلاشقان . ئېگىزلىكنىڭ ئارىلىقىدا قۇرۇق غول ۋە تەبىئىي
يارداڭلىق بار . ئېگىزلىك شىمالغا سوزۇلغانسېرى تۆزلەڭلىككە ئايلىنىپ
كەتكەن .
بۇ ئېگىزلىكنىڭ يەر يۈزىنى بىر قات قۇم – شېغىل كۆمۈۋالغان
بولۇپ ، بىر پارچە تەبىئىي سايلىق .
ئاتئوييناق غولى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي
كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .
ئاتئوييناق غولى قەبرىستانلىقىنىڭ هازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى
خېلى ياخشى . يەر يۈزىدە هەر بىر قەبرىگە تۆرۈك شەكلىدە تاش قويۇل-
غان هەم بۇ قەبرە بەلگىسى قىلىنغان . غەربىي قېتىدىكى ئېگىزلىكتە چاسا
شەكىللىك تاش دۆۋىسى ، ئوتتۇرىسىدا تۆرۈك تاش دۆۋىسى قاتارلىق
شەكىللەر بار . تاش دۆۋىلەر ئادەتتە 3×3 مېتىر ، تاش دۆۋىلەرنىڭ
ئېگىزلىكى 1 مېتىر ، تاش دۆۋىسىنىڭ دائىرىسى 1.6 — 1.8 مېتىر كېلىدۇ .
شەرقىي تەرەپتىكى قەبرىلەر شالاڭراق تارقالغان . تاش چەمبىرىكى يوق .
تاش دۆۋىسى 0.4 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ .
ئاتئوييناق غولى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە



مۇلاهىزە قىلىش ئارقىلىق دەۋر مىلادىدىن III ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرگە
تەۋە قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى .

## 10 . ئېشەك داۋىنى قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ئېشەك داۋىنى قەدىمىي قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرى باغۋەنچى-
لىك مەيدانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ ، باغۋەنچىلىك مەيدانىغا 12
كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى يوغانتېرەك غولىغا بارىدىغان يول ئۈستى-
دە . شەرقىي مېرىدىئان ″ 38 ′49 °88 ، شىمالىي پاراللېل
″ 20 ′17 °43 تا بولۇپ ، ئېشەك داۋىنى قەدىمىي قەبرىستانلىقى دېڭىز
يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان .
ئېشەك داۋىنى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئېشىق
تاغ دەپ ئاتىلىدىغان تاغ بار . غەربىي تەرىپى يارداڭلىق ، يارداڭلىقنىڭ
ئۈستى قىسمى بىر تەكشى كەتكەن تۈپتۈز سايلىق . يارداڭلىقنىڭ تۆ-
ۋەنكى قىسمىدا داخىيەن دەرياسى بار . دەريا سۈيى شىمالدىن جەنۇبقا
قاراپ ئاقىدۇ . شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدە قۇرۇق غول بار . قەبرىس-
تانلىق ئېشىق تېغىنىڭ قاپتىلىدىكى بىر سۈپىدا تاش دۆۋىلىك قەبرە ۋە
تاش چەمبىرەكلىك قەبرىلەر بار . بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق بىلەن دەريا
سۈيىنىڭ ئارىلىقى 100 مېتىردىن 150 مېتىرغىچە كېلىدۇ . ئارىلىقتا تاشيول
ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ بىر نەچچە ئېغىز ئۆيى بار .
ئېشەك داۋىنى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر
كۆلىمى تەخمىنەن 24 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .
بۇ قەبرە رايونىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى ، بۇ
قەبرىستانلىقتىكى 3 دانە قەبرىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان . قەبرىلەرنىڭ
هەممىسى تاش بىلەن قىرلاپ ياسالغان . قەبرىلەرنىڭ ئاغزىغا چوڭ –
كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ياغاچلار قويۇلغان . بىر قەۋەت ياغاچ
ئۈستىگە تاشلارنى دۆۋىلىگەن . ئاندىن قەبرە توپىسى قىلىنغان .
قەبرىلەرگە ئىشلىتىلگەن ياغاچلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.8 مېتىر كېلىدۇ . قەبرە
توپىلىرىنىڭ دائىرىسى 1.6 × 2.2 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ . بەزىبىر

قەبرىلەرنىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ كەتكەن خاتىرە ئازگاللىرى بار. جەنۇبىي تەرەپتىكى بەزى ئازگاللار (لەھەتلەر) نىڭ ئاغزىغا تىزىلغان قەبرە تاشلىرى ئېلىپ كېتىلگەن. ئەسلىدە بۇ قەبرىگە قويۇلغان تاش دۆۋىلىرىمۇ سەل پاكارراق ئىكەن.

بۇ قەبرە 1988 – يىل 4 – ئاينىڭ 17 – كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە قىلىش، تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بۇ قەدىمىي قەبرىنىڭ دەۋرى مىلادىدىن III ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەبرىلەر دەپ بېكىتىلدى.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق ئىلگىرى سىزىلمىگەن بولۇپ، يېڭىدىن تېپىلغان قەبرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى ھېچقانداق بىر كىشى بۇ يەردە خىزمەت ئىشلىمىگەن.

## 11. ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقى (II)

ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسى يەمشى كارىزىدا.

ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ شىمالىي تەرىپى – سەيدىخان تېغىنىڭ يار ئاغزى ئېغىزىغا 400 مېتر كېلىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى تۇرپان ئايدىڭكۆل تاشيولىغا 200 مېتر كېلىدۇ. شەرقىي مېرىدىئان 89° 5′ 26″، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 30 مېتر تۆۋەن.

ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقى بىر پارچە تۈز كەتكەن قۇم شېغىللىق سايلىققا تارقالغان بولۇپ، يار ئاغزى غولىدىن كەلگەن سەل سۈيى داۋاملىق بۇ قەبرىستانلىقتىن ئۆتكەچكە بەزىبىر تاشلارنى ئېقىتىپ كېلىپ يېپىۋەتكەن. قەبرىستانلىقنى بورانىنىڭ يالىشى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، بەزىبىر قەبرىلەرنى توپىلىرىنىمۇ بوران ئۇچۇرتۇپ ئېچىۋەتكەن. ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 150 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.



ئايدىڭكۆل قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى، بۇ قەبرىستانلىققا قويۇلغان قەبرىلەر ئاساسەن غەربىي – شىمالىي يۆنىلىشتىن شەرقىي – جەنۇبىي يۆنىلىشكە قارىتىپ رەتلىك تىزىپ قويۇلغان. قەبرىستانلىقتىكى تاش بىلەن ئايرىلغان ئائىلە ئۇرۇقداشلىقى قەبرىلىرى «凸» شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ چېگرىلانغان. بۇ چېگرا ئىچىدە سانى ئوخشاش بولمىغان يۇمىلاق تاش دۆۋىلىرى بار. تاش بىلەن چېگرىلانغان قەبرىلەرنىڭ چېگرا ئىشىكى كۆپ ھاللاردا جەنۇبقا ياكى شەرقىي جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان. يەر يۈزىدىكى ئاشكارا ئىپادىلەنگەن ھادىسىلەردىن بۇ قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنىڭ يانتۇ يوللۇق قەبرىلەر ئىكەنلىكىنى ھەمدە قەبرە ئېغىزىنىڭ كېسەك بىلەن ھىم ئېتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان يىرىك ساپال، قىزىل رەڭلىك ساپال، كۈل رەڭ ساپال ھەمدە لايدا ياسالغان سىلىق كۈل رەڭ ساپال قاتارلىقلار تېپىلدى.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەۋرى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى دەۋرىگە تەۋە قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 12. شوربۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى

شوربۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرى باغۋەنچىلىك مەيدانى 4 – ئەترىتىنىڭ شەرقىي – شىمالىي تەرىپىدە، شەرقىي مېرىدىئان 88° 55′ 36″، شىمالىي پاراللېل 43° 13′ 58″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1120 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

شوربۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى شاپتۇللۇق دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىنىڭ يېنىدىكى، يەنى ئېشەك داۋىنىنىڭ بويىدىكى قورام تاشلىق يولنىڭ شەرقىي قېتىدا.

شوربۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى بىر پارچە ئۈچ بۇرجەكلىك بەلباغقا قويۇلغان. بۇ يەردىكى يەرلىك پۇقرالار بۇ يەرنى شوربۇلاق دەپ ئاتىشىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كۆمۈر كېنى بار. قەبرە را-

يونى قورام تاش دۆۋىلەنگەن، ئادەتتىكى تاش دۆۋىلىك ۋە تاش چەمبىرەكلىك قەبرىلەردىن تەركىب تاپقان.

شوربۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بۇ قەبرىلەر مەھەللىدىن يىراق بولغاچقا ناھايىتى ياخشى ساقلانغان.

قەبرىلەرنىڭ شەرقىي قېتى يول ياساش مۇناسىۋىتى بىلەن ئازراق بۇزۇلغان. بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرىمۇ يوق، ئىلگىرى ھېچكىم بايقىمىغان.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە ئەمەلىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادىدىن Ⅲ ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە قەدىمىي قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 13. قارۇزە قەدىمىي قەبرىستانلىقى

بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان قەدىمىي قەبرىستانلىق تۇرپان شەھىرى چىنچانخۇ بازىرى تەۋەلىكىدىكى قارۇزە غولىنىڭ شەرقىدىكى 3 ـ پەلەمپەيلىكتە، شەرقىي مېرىدىئان ″ 20 ′23 °89، شىمالىي پاراللېل ″ 40 ′6 °43 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 620 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىق قويۇلغان جاينىڭ يەر شارائىتى، قەبرىستانلىق قارۇزە غولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى 3 ـ پەلەمپەيلىكتە بولۇپ، 1 ـ پەلەمپەيلىك بىلەن نىسپىي ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. يەر يۈزىگە چوڭ ـ كىچىك ئوخشاش بولمىغان قورام تاشلار تارقالغان. شىمالىي تەرىپى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىغا تەخمىنەن 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تەرىپى خەلق ئۆتەڭگە تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپى دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يارداڭلىقتا تۇتاش بولۇپ قەبرىستانلىقنى كېسىپ ئۆتكەن بىر يول بار. كېسەك بىلەن قىرلاپ ياسىغان ئوت تۈرى پۈتكۈل قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.



غەربىي ـ جەنۇبىي قىسمىدا تاشلىنىپ كەتكەن بىر ئۆستەڭ بار.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى 500 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان. قىسمەن قەبرىلەرنىڭ تاش دۆۋىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن توشۇپ كېتىلگەن. كۆپ قىسىم قەبرىلەرنىڭ قەبرە دۆۋىلىرى يەنىلا ئۆز پېتى ياخشى ساقلانغان. قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئەھۋاللار سېزىلمىدى. بۇ قەبرىستانلىق ئىچىدىكى ئوت تۈرىمۇ ئالاھىدە تەكشۈرۈلگەن ۋە خاتىرە قالدۇرۇلغان.

بۇ قەبرىستانلىقتا ساقلىنىپ قالغان ۋە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، قەبرىستانلىقنى يەر يۈزىدىكى ئەھۋالدىن كۆزەتكەندە ئۈچ خىل شەكىل ئالاھىدىلىكى بار. ① تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، چوڭراقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.9 مېتىر كېلىدۇ. ھەجمى تەخمىنەن 7.5 مېتىر كېلىدۇ. قورام تاشلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش ئەمەس. چوڭراقلىرى 0.60 ـ 0.70 مېتىر كېلىدۇ. كىچىكرەكلىرى 0.10 ـ 0.20 مېتىر كېلىدۇ. ② « □ » شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن تاش چېگرىلىق تاش دۆۋە قەبرىلەر. بۇ خىل تاش چېگرا ئىچىدە پەقەت بىرلا قەبرە بار بولۇپ، بۇ خىل تاش دۆۋىلىك قەبرىنىڭ ئەتراپى ئادەتتە 3.5 × 3.5 مېتىر كېلىدۇ. ③ تاش چەمبەرلىك قەبرىلەر، بۇ قەبرىلەرنىڭ يەر يۈزى شەكلى تۈز، قەبرە توپىسى يوق. پەقەتلا قورام تاشلارنىڭ ھالقىسمان شەكىلدە تىزىلغانلىقىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ ياكى 2 دانە چوڭراق تاش ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇپ، بەلگە قىلىنغان. باشقا ھېچقانداق بويۇملارنى كۆرگىلى، ئۇچراتقىلىمۇ بولمايدۇ.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئايرىم قىسمىدىكىلىرى Ⅴ ئەسىرگە تەۋە، يەنە ئايرىم قىسمىدىكىلىرى Ⅱ — Ⅳ ئەسىرگە تەۋە قەبرىلەر دەپ بېكىتىلدى.

## 14. غوجامبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى

غوجامبۇلاق قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى

مۇرتۇق مەھەللىسى تەۋەلىكىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ غەربىي - شىمالىي تەرىپىگە 3 كىلومېتر كېلىدىغان يەرگە، يەنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 30″، شىمالىي پاراللېل 42° 53′ 57″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

غوجامبۇلاق قەبرىستانلىقى يالقۇنتاغ تىزمىسى بىلەن مۇرتۇق دەرياسى ئارىلىقىدىكى بىر پارچە سەل تەكشى كەتكەن يەرگە جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ غەربىي تەرىپى بىر تال يېزىلار ئارا تۇتىشىدىغان كىچىك يول بىلەن تۇتىشىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن كارىز بار. مۇرتۇقنىڭ ئىككى تەرىپى غوجامبۇلاق مەھەللىسى.

غوجامبۇلاق قەبرىستانلىقنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 8000 كۋادرات مېتردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ.

غوجامبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ تا ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى، قەدىمىي قەبرىستانلىق شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمال يۆنىلىشى بويىچە رەتلىك قويۇلغان. شەكلىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىغانلىرىدىن 20 دانە قەبرە بار. بۇلارنىڭ قەبرە تۇپىسى تاش بىلەن تىزىپ ياسالغان. بۇ قەبرىلەرنىڭ غەربىي - شىمالىي تەرىپىدە تاش بىلەن قورشاپ چېگرىلانغان ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى تاش چەمبىرەك بار، قەبرە يولىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاساسەن ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللار بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىچىدىكى سەل چوڭراق بىرىنىڭ ھەجمى 3.5 مېتر، ئېگىزلىكى 1 مېتر كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 10 نەچچە قەبرە قېزىپ كېتىلگەن، يەر يۈزىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇمى تېپىلمىدى.

غوجامبۇلاق قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق III — V ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.



# III مىڭئۆي تاشكېمىر خارابىلىرى

## 1. بېزەكلىك مىڭئۆيى

بېزەكلىك مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى مۇرتۇق كەنتى تەۋەلىكىدە، يەنى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن 47 كىلومېتر كېلىدىغان مۇرتۇق غولىدا، شەرقىي مېرىدىئان 89° 32′، شىمالىي پاراللېل 47° 57′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 368 مېتر ئېگىزلىكتە.

بېزەكلىك بۇددىزم غارلىرى يالقۇنتاغنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى مۇرتۇق غولىغا جايلاشقان. غارلار غولنىڭ غەربىي تەرەپ يارداڭلىقىغا ئېچىلغان. يارداڭلىقنىڭ ئۈستى تۈزلەڭلىك سايلىق. جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ يۆزلەنگەن بىر ئاددىي تاشيول بار. داۋاملىق شىمالغا قاراپ ماڭسا چىنچانخۇغا بارغىلى بولىدۇ. غولنىڭ تېگىدە بىر سۇ ئېقىنى بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ. غولنىڭ شەرقىي - غەربىي ئىككى تەرىپى تۇرپان ئويمانلىقىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان يالقۇنتاغ تىزمىسى.

بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تازا دېگەندەك ياخشى ئەمەس. بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ ئومۇمىي نومۇرى 83 كە يېتىدۇ. بۇ نومۇرلار 1961 - يىلدىكى يەن ۋېنرۇ ئەپەندى قويغان 53 نومۇر ئاساسىدا تەكشۈرۈپ بېرىلگەن. ئەمەلىيەتتە تا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان غارلار جەمئىي 57 دانە، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 43 غاردا تام سۈرىتى بار. غارلارنىڭ شەكلى، مەركىزى تۆرۈك شەكىلدىكىسى، ئۇزۇن چاسا شەكىلدىكى ئۇزۇن تورۇسلۇقى چاسا شەكىللىك ياي تورۇسلۇق، ئايلانما كارىدور شەكىللىك قاتارلىقلار بار. بۇلاردا ئەسلىدىكى غار تاملىرىغا سىزىلغان سۈرەتلەرنىڭ ئۈستىگە يەنە كېيىن ئېكىپ، تام - تورۇسلارنى ئاقارتىپ تام رەسىملىرىنى سىزىشنى ئۈستىگە دەسسىتىش ( 27 - غار ) قاتارلىقلار

بار . غارلار بۇزغۇنچىلىقتىن خالىي بولالمىغان . بولۇپمۇ ئەڭ يامان بولغىنى 20 ــ نومۇرلۇق غار تام سۈرەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گېرمانىيىلىك فون . لىكوك تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن . يەنە نۇرغۇن تام سۈرەتلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان . لېكىن باشقا تام سۈرەتلىرىنىڭ رەڭلىرى ناھايىتى ئوچۇق ، مەزمۇنى مول بىباھا گۆھەرلەردۇر . بۇ مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى ياخشى ساقلاش ئۈچۈن ، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى زور تۈر كۈمدە قوغداش خىزمىتىنى ئىشلىدى . 1979 ــ يىلدىن بۇيان ئايرىم غارلار رېمونت قىلىنىپ ، تازىلىنىپ رەتلەندى . ئىشىك دېرىزىلەر بېكىتىلدى . مەخسۇس بىر ئېكسكۇرسىيە يولى ياسىلىپ ، ئەتراپىتىكى مۇھىت ئۆزگەرتىلدى . بەزىبىر قوغداشقا ئەھمىيەتلىك تەدبىر ــ ئەسلىھەلەر كۆپەيتىپ قۇرۇلدى ھەمدە مەخسۇس قوغداش ، ساقلاش خادىملىرى سەپلەندى . 1986 ــ يىلى مەملىكەت دەرىجىلىك قوغداش ئورنى قىلىپ بېكىتىلىپ ، مەخسۇس تاختا ئورنىتىلدى .

بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتلىرىدە ، بۇ غارلاردىن 1979 ــ يىلى سۇڭ ــ يۈەن دەۋرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق جاھازىلار تېپىلغان . تام سۈرەتلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بار ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقلىرىنىڭ سېلىشتۇرما نۇسخىلىرى بار .

بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى V ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا ياسىلىشقا باشلىغان . تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە تازا روناق تېپىپ راۋاجلانغان ، تاكى سۇڭ ــ يۈەن دەۋرلىرىگىچە داۋاملىق ياسالغان .

1905 ــ يىلى گېرمانىيىلىك فون لىكوك بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن زور تۈر كۈمدىكى تام سۈرەتلىرىنى سويۇپ ئېلىپ كەتكەن .

1907 ــ يىلى ۋېنگرىيىلىك ستەيىن بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى تام سۈرەتلىرىنى سويۇپ ، 100 نەچچە ساندۇققا قاچىلاپ ئېلىپ كەتكەن .

1958 ــ يىلى لى يۈيچۈن ئەپەندى بۇ يەرنى تەكشۈرگەن . يەن ۋېنرۇ ئەپەندى ھەم بۇ يەرنى تەكشۈرگەن ھەمدە « شىنجاڭدىكى تىيان-



شان تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تاشكېمىر مەدەنىيىتى » دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ ، 1962 ــ يىللىق 7 ــ ، 8 ــ سان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان .

## 2. چىكاڭكۆل مىڭئۆيى

چىكاڭكۆل مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەلىكىدە ، يەنى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان . شەرق تەرىپى چىكاڭكۆلگە تەخمىنەن 600 مېتىر كېلىدۇ . شەرقىي مېرىدىئان 89° 35′ 24″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 57′ 18″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 190 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان .

چىكاڭكۆل مىڭئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

چىكاڭكۆل مىڭئۆيى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان . بۇ نۇقتا ئۈچ ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : 1 . كېمىر ئۆي قىسمى . كېمىر ئۆيلەر غولنىڭ ئىككى قېتىدا ، جەنۇبىي قېتىدا ئۆي بار ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى سەل ياخشى ، تام سۈرەتلىرىنىڭ رەڭلىرى ئوچۇق ، ئۆچمىگەن ، مىڭ بۇت رەسىمى ، باشقا تام سۈرەتلىرىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ . شىمالىي قاتتا ئىككى ئۆي بار . ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇزۇلۇشى ئېغىر ، نۇرغۇن قىسمى ئاجراپ چۈشۈپ كەتكەن . غار ئىشىكى ئۇزۇن چاسا شەكىلدە . 2 . بۇددىزىم مۇنارلىرى قىسمى . مىڭئۆينىڭ جەنۇبىي قېتىدىكى تاغ يامىزىدا جەمئىي 3 دانە مۇنار « | » شەكلى بويىچە تىزىلغان . ئارىلىقى 52 مېتىر ، 10 مېتىر كېلىدۇ . بۇ مۇنارلارنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ شەرقىي تەرەپتىكىسى سەل تولۇق ساقلانغان . لېكىن ، ئۇنىڭمۇ ئۈستى قىسمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . ئۇدۇلدىن قارىغاندا تۆت چاسا پەلەمپەي شەكىلدە . كېسەكلەرنى چىشلەشتۇرۇپ تىز قويۇپ ، ئوتتۇرا قىسمىنى كاۋاك قىلىپ ياسىغان . شىمالىي تەرىپىگە بىر كىچىك ئىشىك ئېچىلغان . تۆت تەرىپىدە بۇت تەكچىسى بار . ئاستىدا بىر ــ بىرىگە ئۇدۇل ياسالغان چاسا شەكىلدىكى تۆشۈكلەر

بار. ھەربىر تەرەپتىكى تۆشۈكنىڭ سانى ئوخشاش. 3. قەبرە قىسمى. بۇ قەبرىلەر بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تەخمىنەن 100 مېتر كېلىدىغان يەردىكى يانتۇلۇققا قويۇلغان بولۇپ، تۇپا دۆۋىلىك قەبرىلەر جەمئىي 20 دىن ئارتۇق. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى قىسمى قازاننىڭ تېگىگە ئوخشاش شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. تاشقى ھەجمى 2 مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 0.30 مېتر كېلىدۇ. يەر يۈزىدە بىر قەۋەت شېغىللىق تۇپا بار (قېزىلغانلىق ئېھتىمالى بار). بۇ يەردىن كۆل رەڭ ساپال پارچىلىرى، كۆيدۈرۈلگەن ئۇستىخان، ياغاچ پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

چىكاڭكۆل مىڭئۆيىدىكى تام سۈرەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ۋە بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىدا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەردىن كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇ مىڭئۆي Ⅲ — Ⅴ ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 3. تاللىقبۇلاق مىڭئۆيى

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى تەۋەسىدە، يەنى تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى بۇيلۇقنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 3 كىلومېتر كېلىدىغان يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر غول ئىچىدە. شەرقىي مېرىدىئان 89° 12′ 27″، شىمالىي پاراللېل 42° 59′ 37″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

مىڭئۆي جەنۇبىي غول ئېغىزىنىڭ 400 مېتر ئەتراپىدا كېلىدىغان يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يارداڭلىقتا جايلاشقان يەرنىڭ يەر شارائىتى، قۇم ئارىلاش تاش – شېغىل قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان.

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 600 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى. بۇ يەردىكى ئۆيلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇرغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىلغان.



بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 5 دانە غار يارداڭلىققا ياسالغان. غارلارنىڭ شەكلى ئۆزۈنچاق چاسا شەكىلدە. ئۆزۈتىغا تورۇسلۇق ھەم ئەگمە تورۇسلۇق ئىككى خىل شەكىلدە. تولۇقراق ساقلانغان 3 غارنىڭ ئىككى يان تېمىدا تۆشۈك بار. ئۇدۇلىدا بۇددا تەكچىسى بار. بۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، پەرىشتىلەرنىڭ ئىبنىكاپىخانىسىدەك قىلىندۇ. تام سۈرەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ئىنتايىن ئېغىر، بۇددا سۈرەتلىرىنىڭ يۈز قىسمىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ: رەڭلىرى ئۆچۈق. بۇ غارلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدە، تام سۈرەتلىرى ئىچىدە ئولتۇرغانلىرى، ئۆرە تۇرغانلىرى بار. قىياپىتى ئوخشاش ئەمەس. يەنە كۆپ ساندا مۇنار شەكلىنىڭ نۇسخىلىرىمۇ بار (بېزەكلىك مىڭئۆيى 9 – نومۇرلۇق غاردىكى مەزمۇنلارغا ئوخشايدۇ) ئىنتايىن رەتلىك. غارلار ئويۇلغان تاغ ئۈستىدە بىر بۇتخانا خارابىلىكى بار.

تەكشۈرۈش داۋامىدا ھېچقانداق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇمى تېپىلمىدى.

تاللىقبۇلاق مىڭئۆيى ئۆزىدە بولغان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە تام سۈرەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، دەۋرى Ⅴ — Ⅷ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 4. بەشخا مىڭئۆيى

بەشخا مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدە، يەنى بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدە، ئارىلىقى 2.5 كىلومېتر كېلىدۇ. شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 28″، شىمالىي پاراللېل 42° 58′ 32″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 240 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

بەشخا مىڭئۆيى يالقۇنتاغ ئىچىدىكى شەرقتىن غەربكە يۆنىلەنگەن غولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان. ئوڭ تەرەپ 300 مېترلىق ئارىلىقتا بىر يول بار. يولنىڭ شەرقى بىلەن غوجامبۇلاق مەھەللىسىنىڭ ئارىلىقىدا مۇرتۇق كەنتى بار. مىڭئۆي ئالدىدىكى غولدىن سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. غول تەبىئىي شەكىللەنگەن. يەر يۈزى سېرىق

توپا قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان .

بەشخا مىڭئۆيى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2430 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

بەشخا مىڭئۆيىدە جەمئىي 10 كىمىر ئۆي ئېچىلغان . بۇ ئۆيلەر ئوخشىمىغان ھالەتتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان . جەنۇبىي قاتتا 6 غار بولۇپ ، غارلارنىڭ شەكلى ياخشى ساقلانغان . شەرقتىن غەربكە 1 ـ ، 2 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ غارلار چاسا شەكىلدە ، ئەگمە تورۇسلۇق . 3 ـ غار ئوتتۇرىسىدا مەركىزىي تۈۋرۈكى بار شەكىلدە . يۈزىگە لاي سۇۋالغان تام سۇرەتلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە رېڭى ئۆزگەرگەن ۋە سويۇلۇپ كەتكەن . 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ غارلار سەل ياخشى ساقلانغان . شىمالىي قاتقا 4 غار ئويۇلغان . غار شەكلى جەنۇبىي قاتتىكى ئۆيلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ . ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك ، ئۇزۇنچاق تورۇسلۇق شەكىلدە . تېگى تەرىپى چوڭقۇر ، تامغا لاي سۇۋىمايلا سۇرەت سىزىلغان . بۇنىڭدىن باشقا غول ئېغىزىنىڭ شىمالىي قېتىدا بىر بۇتخانا بولۇپ بۇزۇلغان . ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا ، شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىلىپ ياسالغان . ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن . ئوتتۇرىسى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ، سوقۇپ ياسالغان ئېگىز سۇپا ئۈستىگە قۇرۇلغان . ئۇزۇنلۇقى 11 مېتر ، كەڭلىكى 9.5 مېتر ، پارچە ئېگىزلىكى 9.5 مېتر كېلىدۇ . قۇرۇلۇش ئىچىدە ئۆتۈشمە ئۆيلەر بار . ئاستى ـ ئۈستى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن . شەرقىي قېتىدا 9 ئېغىز ئۆي بار . غەربىي قېتى ھويلا . پۈتكۈل ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 مېتر ، كەڭلىكى 15 مېتر كېلىدۇ . بۇ خارابىلىكتىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ، كۆك رەڭ ساپال پارچىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

بەشخا مىڭئۆيىنىڭ دەۋرى مىڭئۆي گەۋدىسىدە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە ئائىت X – XI ئەسىرلەردىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى قالدۇقى دەپ بېكىتىلدى .



## 5 . قۇرۇتقا غولى مىڭئۆيى

قۇرۇتقا مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى تەۋەسىدىكى بۇيلۇق غولىنىڭ غەربىي تەرىپىگە تەخمىنەن 3 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە ، يەنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 12′ 7″ ، شىمالىي پاراللېل 43° 0′ 2″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 190 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان .

قۇرۇتقا مىڭئۆيى قۇرۇتقا غولىنىڭ غەربىي تەرىپىگە ، يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ تاغ باغرىغا تارقالغان . جەنۇبىي غول ئېغىزىغا تەخمىنەن 400 مېتر كېلىدۇ . غول جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان . تاغ شارائىتى سەل قويۇقراق . يەر يۈزى قۇم ئارىلاش تاش ـ توپا قاتلىمى .

قۇرۇتقا غولى مىڭئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

قۇرۇتقا مىڭئۆيىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالىدا ئوخشىمىغان سەۋىيىدىكى ئادەملەرنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بار . قۇرۇلۇش ئۇسۇلىدا ، يار ئىچى ۋە يار ئالدىغا كېسەك قىرلاشتەك ئىككى خىل ئۇسۇل ئىشلىتىلگەن . 10 غار بولۇپ ، جەنۇبتىن شىمالغا يۆزلەندۈرۈلگەن . 1 ـ غاردىن 5 ـ غارغىچە سۇرەت سىزىلمىغان . 6 ـ ، 7 ـ غارلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئوخشاش ، چاسا شەكىللىك ، ئەگمە تورۇسلۇق . ئاز ساندىكى تام سۇرەتلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ . رەڭلىرى ئۆچۈپ كەتكەن . 8 ـ ، 9 ـ ، 10 ـ غارلار ئۇزۇن چاسا شەكىلدىكى توغرىسىغا تورۇسلۇق غارلار ، 10 ـ غار كېسەك بىلەن ياسالغان بولۇپ ، 9 ـ غارنىڭ تەخمىنەن 50 مېتر شەرقىدىكى تاغ چوققىسىدا . 8 ـ غاردىكى تام سۇرەتلىرى ھەممىسى ئىسلىشىپ كەتكەن . ئىككى تەرەپتىكى تامدا ئۇدۇل ياسالغان 4 تۆشۈك بار . 9 ـ غارنىڭ تورۇسىدا ۋە تۆت تەرىپىدە پارچە ـ پۇرات تام سۇرەتلىرى بولۇپ ، رەڭلىرى ئاساسەن ئوچۇق . 10 ـ غارنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىلغان . تام سۇرەتلىرى سەل تولۇق ساقلانغان يېرىدىكى رەڭلىرى

ئوچۇق، چاتما رەسملەر ئۇسۇلى بويىچە رەتلەنگەن. غولنىڭ ئۇدۇلىدىكى شەرقىي تەرەپ تاغ ئۈستىدە ئىككى ئېغىز ئۆي بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا 30 مېتىردەك ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شەكلى بۇتخانىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. پارچە ـ پۇرات تاملارلا قالغان. جەنۇبىي غول ئېغىزىدا بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر بۇددا مۇنارى بار.

قۇرۇتقا غولى مىڭئۆيىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن دەۋرى VIII — XI ئەسىرلەرگە تەۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى دەپ بېكىتىلدى.

## 6. سىڭگىم مىڭئۆيى

سىڭگىم مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى سىڭگىم ئېغىزى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپىدە، يەنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 33′ 50″، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 60 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

سىڭگىم مىڭئۆيى يالقۇنتاغنىڭ تاغ باغرىغا ئويۇلغان، تۇرپان ـ پىچان تاشيولىغا ۋە مۇرتۇق غولىغا قاراپ تۇرىدۇ. تاغ يامزىلىدا، تاغ ـ تاش ئورمانلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

سىڭگىم مىڭئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

سىڭگىم مىڭئۆيىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى بىر قەدەر ناچار، تاش غارلارنىڭ شەرقىي تەرەپتىكى بىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ھېچ نەرسىسى قالمىغان. غەربىي تەرەپتىكى بىرىمۇ ئېغىر بۇزۇلغان. كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. تام سۈرەتلىرىمۇ ئۆچۈپ، ئۆڭۈپ كەتكەن. بۇ يەردە ئاساسلىق زاللار ئىككى ئورۇندا بولۇپ، غەربىي تەرەپتىكى بىرى تۆت قاتلامغا بۆلۈپ قۇرۇلغان: پەرق ئەتكىلى بولىدىغانلىرىدىن 10 دانە غار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 4 ـ نومۇرلۇق غاردا دەرەخ سۈرەتلىرىنىڭ سىزىلغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شەرقىي تەرەپتىكى بىرى ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنگەن. ھازىر پەرق ئەتكىلى بولىدىغانلىرى 11 ئېغىز غار.



بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 9 ـ غار ئىچىدە دەل ـ دەرەخ ۋە تەك سۈرەتلىرى بار بولۇپ، پارچە ـ پارچە بويىچە قېپقالغان.

سىڭگىم مىڭئۆيىنىڭ دەۋرى، ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق بۇيۇملارغا ۋە بۇ تۈردىكى بۇيۇملاردا ئىپادىلەنگەن دەۋر ـ يىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىن تارتىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە دەپ بېكىتىلدى.

## 7. بۇيلۇق تاش غارى

بۇيلۇق تاش غارى تۇرپان شەھىرى بۇيلۇق غولىدىكى سۇبېشى مەھەللىسى تەۋەسىدە.

بۇيلۇق تاش غارى ۋىلايەتلىك ساياھەت باشقارمىسىنىڭ بويلۇق چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش پونكىتى ۋە بۇيلۇق شۆبىسى تۇرپان شەھەرلىك توك تارقىتىش زاۋۇتىنىڭ يېنىدىكى تاغ قاپتىلىغا ياسالغان. ئۇ شەرقىي مېرىدىئان 89° 14′ 35″، شىمالىي پاراللېل 43° 0′ 35″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 300 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

بۇيلۇق تاغ غارلىرى بۇيلۇق سەيلىگاھىنىڭ كەينىدىكى تاغ باغرىنىڭ 2 كىلومېتىردەك ئۇزۇنلۇقتىكى يارداڭلىقلىرىغا ياسالغان. غەربىي قىسمىدا شىمالدىن جەنۇبقا ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ بار. تاغ تۈۋىدە دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، بۆك ـ باراقسان، ياپيېشىل سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. دەريا سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ. تاشيول تاغنىڭ غەربىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە قارۇزە كۆمۈر كېنىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە جەمئىي 19 دانە غار بار. بۇ غارلارنىڭ ئىشىكلىرى غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان، غارلارنىڭ ئالدى تەرىپىمۇ غەربكە يۈزلەندۈرۈپ ياسالغان.

غارلارنىڭ كۆلىمى غارلاردىن چوڭراق بىرىنى ئۆلچەپ كۆزىتىشكە قارىغاندا، 4.3 × 3.7 × 3.8 كۇب مېتىر كېلىدىكەن.

بۇيلۇق تاش غارلىرى تازا دېگەندەك ياخشى ساقلىنالمىغان. غارلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، غار ئىچىدە ئەسلى بار بولغان تام سۈ-

رەتلىرى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن، غارلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئوت قالانغان بولغاچقا قۇرۇمداپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان تام سۈرەتلىرى تۇتۇق، ئوچۇق كۆرگىلى بولمايدۇ، پەرق قىلماقمۇ بەك تەس، غارلار يەر يۈزىدىن خېلىلا ئېگىزلىككە ياسالغان. غارلارغا پەقەت شوتا بىلەنلا چىققىلى بولىدىكەن. بۇ غارلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئېغىز غاردا تام سۈرەتلىرىنى كۆرگىلى ھەمدە خېلى ئوچۇق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. سۈرەتلەر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ غار ئىچىگە دەرەخ نۇسخىلىرىنى سىزغانلىقى مەلۇم. يەنە بەزىبىر كىچىك تەكچىلەردە ئەينى ۋاقىتتىن قالغان سۇۋاق لايلارنىڭ قېلىنلىقى 0.25 سانتىمېتر كېلىدۇ.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ مىڭئۆيىنىڭ دەۋرى مىلادى IV ـــ V ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

### 8. يارغول مىڭئۆيى

يارغول مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرى يار يېزىسى يارغول كەنتى تەۋەسىدە.

يارغول مىڭئۆيى يارغولنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، شەرقىي مېرىدىئان 89° 3′ 20″، شىمالىي پاراللېل 42° 57′ 52″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 90 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

يارغول مىڭئۆيى ئېگىزلىكنىڭ باغرىغا ئېچىلغان، يارداڭلىقنىڭ تۆۋىدە دەريا سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ. دەريا ياقىسىدا پۇقرالارنىڭ ئۆي ماكانى بار. تېرەك قاتارلىق دەرەخلەر تىكىلگەن بولۇپ، باراقسان ئۆسكەن ھاۋالىق ياخشى جاي.

يارغول مىڭئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 200 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

يارغول مىڭئۆيى جايلاشقان يارداڭلىقتا ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئۈچ ئېغىز غار بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئېغىزى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. بۇلارنىڭ بىرىدە تام سۈرەتلىرى بار. تام سۈرەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇزۇلۇپ



كەتكەن. بۇ غارنىڭ ھەجمى 4.4 كۇب مېتر ئىكەن.

يارغول مىڭئۆيىنىڭ دەۋرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## IV. قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى

### 1. ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى قەدىمىي شەھىرى

ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى شەھىرى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى» دېيىلدى) تۇرپان شەھىرى قاراغوجا يېزىسى تەۋەسىدە.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 45 مېتر تۆۋەن.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ 3.5 كىلومېتر شىمالىدا قاراغوجا ـ ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى بار. غەربىي تەرىپى ئاستانە يېزىسى، يەنە قاراماي چېچىلغان يول بار، بۇ يول بىلەن بىۋاسىتە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ. قەدىمىي شەھەرنىڭ ئەتراپى مەھەللە، تېرىلغۇ ئېتىز، دەل ـ دەرەخ قاتارلىقلار بىلەن قورشالغان. يەر شەكلى تۈز، توپا قاتلىمى سەل قېلىن، توپا قاتلىمىغا گەرچە مەلۇم نىسبەتتە قۇم ئارىلاشقان، شۇنداق بولسىمۇ تېرىقچىلىق قىلىشقا، دېھقانچىلىق ئۆسۈملۈكلىرىنى ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى قولايلىق.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى، شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 5.4 كىلومېتر كېلىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 1.58 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئارخېئولوگشۇناسلار تارىخشۇناسلار ۋە خەلقئارا بىر تۇتاش ئېتىراپ قىلغان كۆز قاراش بويىچە، تەبىئىي ئايرىمىسى يەنە بىر نۆۋەت دەلىللىنىپ، قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى A (2) دەپ بېكىتىلدى.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى تا ھازىرغا قەدەر 2000 يىلدىن ئارتۇق

تارىخنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، شەھەرنىڭ سېپىل تاملىرى خېلى ياخشى ساقلانغان. شەھەر خارابىلىكىنىڭ يۈزىنى تۈز كۆزەتكەندە، رەتسىز چاسا شەكىلدە بولۇپ، سېپىللارمۇ، تاشقى شەھەر، ئىچكى شەھەر، ئوردا شەھىرى دەپ ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنگەن. سېپىلنىڭ سىرتقى تەرىپى ئەگىمەچ شەكىلدە، ئۇزۇنلۇقى 5.4 كىلومېتر كېلىدۇ. ئۇلنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 12 مېتر كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 10 مېتر كېلىدۇ. قاڭداپ ياسالغان. شەھەرنىڭ سىرتى قىسمىدا ئازگاللار بار، شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت تەرىپىدە قوۋۇقى بار، ھازىر خارابە ئىزلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ ياسىلىش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تاشقى شەھەرنىڭ غەربىي – جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىدا ئىككى ئورۇندا ساقلانغان بۇددىزم ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى بار. شەھەرنىڭ شەرقىي – جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى گەرچە كىچىكرەك بولسىمۇ، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تېگى قىسمى چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. ئىككى قەۋەت تورپا سۇپىسى بولۇپ، تۆرۈك – يۇملاق شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى قېزىش، تەكشۈرۈش ئىشى X IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان.

1902 –، 1907 – يىللىرى گېرمانىيىلىك فون لىكوك ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ بۇ يەرنى 2 نۆۋەت تەكشۈرگەن، ئوغرىلىقچە قازغان. 1912 –، 1913 – يىللىرى ياپونىيىلىك جىچۈەن شياۋ يىلاڭ قاتارلىقلارمۇ بۇ قەدىمىي شەھەرنى قېزىپ باققان.

1930 – يىللىرىدىن 1957 – يىللىرى ئارىلىقىدا، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كېلىپ، كۆپ قېتىم بۇ شەھەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن.

1960 – يىللىرى يەن ۋېنرۇ ئەپەندى قاتارلىقلار ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى مەخسۇس تەكشۈرگەن.

1976 – يىللىرى 3 – ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەترىتى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى مەخسۇس تەكشۈرگەن.



1988 – يىل 4 – ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ قەدىمىي شەھەرنى مەخسۇس قايتىدىن تەكشۈرگەن.

بۇ شەھەر ئەينى زاماندا ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىنىي مەركىزى بولغان.

بۇ يەردە ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ، پارس پادىشاھلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى ۋە 10 دانە «چۈگىنىڭ تۇغ باۋ» پۇلى تېپىلغان ھەمدە كىچىك بۇت ھەيكىلى، كاھىش، ساپالدا ئىشلەنگەن ئىدىش تۇۋىقى، چوڭ چاقچۇق تەخسىسى قاتارلىقلار تېپىلدى. دېمەك، بۇ قىممەتلىك بۇيۇملار ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان دەلىل – ئىسپاتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «خاقان قەلئەسى» V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان. VI ئەسىرلەردە كېڭەيتىلىپ قۇرۇلۇپ ھازىرقى شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن. تاكى X VI – ئەسىرگىچە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 900 يىلدىن ئارتۇقراق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

## 2. يارغول قەدىمىي شەھىرى

يارغول قەدىمىي شەھىرى يار يېزىسى يارغول مەھەللىسى تەۋەسىدە، يەنى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 10 كىلومېتر كېلىدۇ. شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′، شىمالىي پاراللېل 43° 57′ تا بولۇپ، يارغول قەدىمىي شەھىرى دېڭىز يۈزىدىن 78 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

يارغول قەدىمىي شەھىرى يار ئاغزى غولىنىڭ قۇرۇق غولىدىكى يارداڭلىقتا جايلاشقان. بۇ يارداڭلىقنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتر كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر تار دەريا قىنىدا شىمالدىن جەنۇبقا ۋە شىمالدىن شەرققە قاراپ ئاقىدىغان سۇ بار بولۇپ، بۇ ئىككى سۇ يارداڭلىقنى ئوراپ ئېقىپ،

شەھەرنىڭ جەنۇبىغا بارغاندا ئۆزئارا بىرلىشىدۇ . بۇنداق ئالاھىدە ، ئۆزگىچە يەر شارائىتىغا قاراپ « يارغول » دەپ ئاتالغان . ھازىر يارغول قەدىمي شەھىرىگە بارىدىغان مەخسۇس يول ياسالدى . بۇ يول قەدىمي شەھەرنىڭ تۆۋىنگىچە بارىدۇ .

يارغول قەدىمي شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 300 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ .

يارغول قەدىمي شەھىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى . يارغول قەدىمي شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئىدىقۇت قەدىمي شەھىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ياخشى ساقلانغان . شەھەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەر خىل قۇرۇلۇشلار ، يارداڭلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە جەنۇبىي قىسمىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان . قەدىمي شەھەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1600 مېتىر كېلىدۇ ( نەق مەيداندا سىزىلغان خەرىتىگە ئاساسلانغاندا ) . ئەڭ كەڭ يەرلىرى 300 مېتىر كېلىدۇ . يارغول قەدىمي شەھىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى شەھەر ئايرىمىسى يوق . تەخمىنەن 350 مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ يول پۈتۈن شەھەرنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ، ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن . چوڭ يولنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تەخمىنەن 5000 كۋادرات مېتىرلىق ھەيۋەتلىك بىر ئىبادەتخانا بار . ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئېگىز بىر مۇنار ، چوڭ ئوردا بار ، ئىبادەتخانىنىڭ كەينىدە مەركىزى تۈۋرۈك شەكلىدە ياسالغان بۇددا مۇنارى بار . تۆت تامدا 28 دانە بۇت تەكچىسى بار . ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىدا ئېگىز بىر سۇپا بار . بۇ سۇپىدا تۇرۇپ پۈتكۈل شەھەرنى كۆزەتكىلى بولىدۇ . بۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە ئىبادەتخانا سەل كۆپ . شەھەر ئىچىگە بۆلۈنۈپ تارقالغان . چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېگىز ، قېلىن توپا دۆڭلەر بار . دۆڭلەرنىڭ كەينىدە توغرىسىغا ، ئۇزۇنىغا كېسىشكەن ئايلانما « يوللار » بىلەن ئايرىلىپ ، كوچا ـ رەستىلەر بۆلۈنگەن . ئىشىك ئېچىلمىغان ؛ « ھويلا» ئىچىدە تۇرالغۇ خارابىسى ، قول ھۈنەرۋەنلىك ئىشخانىلىرى بار .

يارغول قەدىمي شەھىرىنى تەكشۈرۈش مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىـ



رىدىن باشلاپلا ئېلىپ بېرىلغان . ئەڭ دەسلەپتە 1902 ـ يىلدىن 1907 ـ يىلغىچە گېرمانىيىلىك فون لىكوك ئىلگىرى ـ كېيىن بۇ يەرنى ئىككى نۆۋەت تەكشۈرگەن ۋە قازغان . ئۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيىلىك جىچۇەن شاۋيىلاڭ ، ۋېنگرىيىلىك ستەيىن ، شۋېتسىيىلىك سېۋىن ھېدىن قاتارلىقلارمۇ بۇ شەھەرگە كېلىپ تەكشۈرگەن . ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، بۇ شەھەرگە كېلىپ تەكشۈرگەن . 1957 ـ يىلى ليۇگۇەنمىن ئەپەندى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، بۇ قەدىمي شەھەرگە كېلىپ تەكشۈرگەن .

1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەرنى قايتا تەكشۈرگەن .

يارغول قەدىمي شەھىرىنىڭ ئەينى زامان مەدەنىيىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئىلمىي ئۇسۇلدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلمىغان . بۇ شەھەردىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى ، چوڭقۇرلۇقى قاتارلىقلار ئۈستىدە بىرنەرسە دەپ يەكۈن چىقارماق سەل تەسرەك . شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر پارچە قەدىمي قەبرىستانلىق بار ، قەبرىلەردە يانتۇ يوللۇق قەبرە يولى بار . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە غولنىڭ غەربىي قېتىدىن تاش توپ تېپىلدى ، تاش ياپرىقى ، تاش ئوق ئۇچى ، قىرغۇچى ئەسۋاب ، ئۇچلۇق بۇسكۇچى قورال قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى ، ئىلگىرى بۇ يەردىن نېلۇپەر گۈللۈك كاھىش تېپىلغانلىقى مەلۇم . بۇ قەدىمي شەھەردىن يەنە بۇددىزم مەدەنىيىتىگە تەۋە تام سۈرەتلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزم نوملىرىنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلدى .

يارغول قەدىمي شەھىرىنىڭ دەۋرى مەسىلىسىدە ، شەھەر خارابىلىكىدىن تېپىلغان تام سۈرەت ئۇسلۇبى ، نېلۇپەر گۈللۈك كاھىش قاتارلىقلارغا ھەم شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، ئىش ئۆيى تۈزۈمى ، قۇرۇلۇش شەكلى قاتارلىقلارغا ئاساسلانغاندا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە

قۇرۇلغان شەھەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ . يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ،
يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ دەۋرىنى مىلادىدىن III ئەسىر ئىلگىرىدىن
تارتىپ تاكى VI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەرگە تەۋە ، دەپ بېكىتىش
مۇمكىن .

## 3 . شاد ـ خۇرام قەدىمىي شەھىرى

شاد ـ خۇرام قەدىمىي شەھىرى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈمزار
يېزىسى خېنىمجاي مەھەللىسى تەۋەسىدە ، يەنى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەر-
قىي جەنۇبىي تەرىپىگە 2 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە . سۇلايمان ۋاڭ
مۇنارى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ . ئۇ شەرقىي مېرىدىئان 89° 12′ 21″ ،
شىمالىي پاراللېل 42° 55′ 58″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 20 مېتر
ئېگىزلىككە جايلاشقان .

شاد ـ خۇرام قەدىمىي شەھىرى ئەسلىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن
ئېگىزلىككە جايلاشتۇرۇلغان . بۇ ئېگىزلىك غەربىي شىمالدىن شەرقىي
جەنۇبقا يۆزلىنىپ بارغانسېرى تۈز شەكىلگە كىرگەن . غەربىي ـ شىمالىي
تەرەپتىكى ئەڭ ئېگىز يېرىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى 5 مېترغا يېقىن .
ئېگىزلىكنىڭ ئەتراپى ھازىرقى زامان تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن قورشالغان .
شەھەر خارابىلىكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن
ئۆستەڭ ، ئېرىقلار بار . بىر كارىز شىمالدىن جەنۇبقا يۆزلىنىپ ، شەھەر-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ .

شاد ـ خۇرام قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى
2400 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

شاد ـ خۇرام قەدىمىي شەھىرى تازا ياخشى ساقلانمىغان . قەدىمىي
شەھەر ئىچىدە ۋە سىرتىدا تېرىلغان زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەر بار ، ئۆ-
زۈملۈك باغمۇ بىنا قىلىنىغان . شەھەر ئىچىگە خۇمدان ياسالغان .
شەھەرنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان . ھازىر
پەقەت پارچە ـ پۇرات تام ـ توساقلارلا قېپقالغان . جەنۇبىي تەرەپتىكى
ئېگىزلىكتە تۇرالغۇ ئىزلار ۋە قەبرىلەر ساقلىنىپ قالغان . شەرقىي شىمال-



دىكى پارچە تاملارنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 2.5 مېتر كېلىدۇ . ئەسلىدە
تەبىئىي شەكىللەنگەن توپا ئېگىزلىكنى ئويۇپ ياسىغان . غەربىي ـ شىما-
لىي تەرىپى ياردائىلىق . تۇرالغۇ ئۆي خارابىلىرى يېرىم كېمىر شەكلىدە .
ئادەتتىكى ئۇزۇنلۇقى 3 مېتر ، كەڭلىكى 2 مېتر ، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتردىن
1.7 مېترغىچە كېلىدۇ . ئەتراپىدا 4 ـــ 5 دانە يۇملاق شەكىلدىكى تۆ-
شۈكلەر بار . ئېھتىمال قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەينى دەۋرلەردە ئىشلەتكەن
كۆل ئازگاللىرى ياكى گەمە ئۆيلەر بولۇشى مۇمكىن . چوڭراقلىرىنىڭ
ھەجمى 1.40 مېتر ، كىچىكرەكلىرىنىڭ ھەجمى 0.40 مېتر كېلىدۇ . شە-
ھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قەبرىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.15 مېتر ، كەڭلىكى 2.75
مېتر كېلىدۇ . لەھەت جەنۇبتىن شىمالغا يۆزلەندۈرۈلۈپ ئويۇلغان . بەزى-
بىر قەبرىلەرنىڭ تېگى قىسمىنى سۇ يالاپ ئېقىتىپ ، ئېغىر دەرىجىدە
ۋەيران قىلىۋەتكەن . شەھەرنىڭ ئىچىدە ئادەتتە تىك ئازگال ، غارلار بار .
غارلاردا بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل ئويۇلغان بۇلۇڭ ، تۆشۈكلەر بار . يۇقىرىلار
شەھەر ئىچىدىن توپا ئالغان ، يەر ئاچقان . قەدىمىي شەھەر ھازىرمۇ داۋام-
لىق بۇزۇلماقتا .

قەدىمىي شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، شەھەر ئىچىدە
ھەممىلا يەردە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپاللارنى ۋە لايدا ياسالغان
كۆلرەڭ ساپاللارنىمۇ ۋە مايلىق ساپاللارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ . ساپاللار
ناھايىتى قېلىن ياسالغان . ئىدىش پۇچۇقلىرى ئەڭ كۆپ ، ئادەتتىكى
قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتر كېلىدۇ . كۆپ ھاللاردا قاچىلارنىڭ بوينى ۋە
قورسىقى قىسمى ئۇچرايدۇ . ئادەتتە دولقۇنسىمان گۈل نۇسخىلىرى بىلەن
نەقىش ئىشلەنگەن .

شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى قىسمەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ، شاد ـ
خۇرام قەدىمىي شەھىرىنىڭ دەۋرى VI ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .

## 4 . پاقىلىق قەدىمىي شەھىرى

پاقىلىق قەدىمىي شەھىرى تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسى
تەۋەسىدە بولۇپ ، ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 3.5 كىلومېتر كېلىدۇ .

بۇ شەھەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 5′ 31″، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 47″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 87.5 مېتر تۆۋەنگە جايلاشقان.

پاقىلىق قەدىمىي شەھىرى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپى ۋە غەربىي تەرىپىدىن ئىككى كارىز يانداپ ئۆتۈپ كەتكەن. غەربىي تەرىپىدە بىر قۇرۇق ئۆستەڭ بار.

ھازىر پاقىلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىدە پەقەت شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىرلا ئۇزۇن تام ساقلىنىپ قالغان.

پاقىلىق قەدىمىي شەھىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى كۆپ ئەمەس. بۇ شەھەر 1958 ـ يىلدىكى « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » ۋاقتىدا ناھايىتى ئېغىر ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. ھازىر پەقەت غەربىي، شىمالىي سېپىلىنىڭ بىر بۇرجىكىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەر سېپىلىنىڭ شەرققە سوزۇلغان بىر قىسمىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

ئۆلچەپ تەكشۈرگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، شەھەر سېپىلى ئۇزۇن ـ كالتە بولۇپ، 111 مېتر كېلىدۇ. سېپىل ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتر كېلىدۇ، ئەڭ ئېگىز يەرلىرى 5.1 مېتر كېلىدۇ. بۇ شەھەر سوقۇپ ياسالغان. سوقما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 ـ 0.10 مېتر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدە نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى تارقالغان. كۆپ قىسمى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك، قېلىن، ئېغىر تېپتىكى ساپاللار. بۇلارنىڭ ئىچىدە، سىلىق ـ سىپتا ياسالغان لاي ساپاللارمۇ بار. ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر 50 ـ يىللاردىلا ساق ساقلانغان ئىكەن.

قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىدىكى ساپال پۇچۇقلىرىغا ئاساسەن مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندە، بۇ يەردىن بايقالغان ساپاللارنىڭ كۆپ قىسمى قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلغان ساپاللار ئىكەن.

پاقىلىق قەدىمىي شەھىرى قۇتچۇر پادىشاھلىقى ( Ⅴ ئەسىر ) مەزگىلىگە مەنسۇپ، دەپ پەرەز قىلىنماقتا.

### 5. قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى ( Ⅱ )

قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى، تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسى



داجاڭزا مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، شىمالىي تەرىپىدە تۇز تاغ بار، جەنۇبىي تەرىپىدە تۇرپان ـ توخسۇن تاشيولى بار. بۇ قەدىمكى شەھەر شەرقىي مېرىدىئان 88° 55′، شىمالىي پاراللېل 42° 53′ 25″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 56 مېتر تۆۋەن ئورۇنغا جايلاشقان.

قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى يۇمشاق قۇمساڭغۇ سايلىقتىكى گەۋدىلىكرەك بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. تۆت ئەتراپىنىڭ تېگى ئېچىلىپ قالغان. سۇ يالاپ ئېگىزلىكتىكى سېغىز تۇپىنى چىقىرىپ قويغان. بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرقىدە يەنە قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى ( Ⅰ ) خارابىسى بار. بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 300 مېتردەك كېلىدۇ.

قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ 340 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى. قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە قۇرۇلغان بولۇپ، شەھەر سېپىلى ئىچىگە قۇرۇلغان نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەت ئىزلىرى بار. نۇرغۇن جايلاردا تۆرۈك شەكىلدىكى ئازگاللار بار. سېپىل سوقمىسى ئەسلىدىكى خام تۇپىنى پىششىقلاش ئارقىلىق سوققان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كېسەك بىلەن قايتىدىن پىششىقلاپ ياسىغان. جەنۇبتىن شىمالغا 126 مېتر كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە 90 مېتر كېلىدۇ.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا بۇ خارابىلىكتىن، تاش قورال، ساپال قاچا، ئۇستىخاندىن ياسالغان قوراللار ۋە مىس قورال قاتارلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە تەۋە مەدەنىيەت قالدۇقلىرى تېپىلغان.

قوتان تۇر قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىدىن تاش ئىسكىنە، تاش توپ، تاش يارغۇنچاق، ئۇستىخاندىن ئىشلەنگەن يىڭنە، ياقۇت مارجان، مىس خەنجەر، مىس زىننەت بۇيۇمى قاتارلىق بۇيۇملار ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان.

قوتانتۇر قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىنىڭ دەۋرى، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەۋرىشكىلىرى ۋە ئۇلار ئەكس

ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋر ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئەمەلىي پاكىتلىق بۇيۇملارغا ئاساسەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 6. سايبۇلۇڭ قەدىمىي شەھىرى

سايبۇلۇڭ قەدىمىي شەھىرى تۇرپان شەھىرى قاراغوجا يېزىسى تەۋەسىدىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي - شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. بۇ قەدىمكى شەھەر شەرقىي مېرىدىئان 42° 50′ 30″، شىمالىي پاراللېل 89° 35′ 20″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 50 مېتىر تۆۋەنگە جايلاشقان.

سايبۇلۇڭ قەدىمىي شەھىرى تۈزلەڭلىككە ئورۇنلاشقان. يېڭى بىنا قىلىنغان ئورمان بەلبېغى شەھەر خارابىسىنى توغرىسىغا بۆلۈۋەتكەن. شەھەر ئىچىگە دەرەخ قويۇلغان. شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر سېپىل بويلاپ ماڭغان يېزا يولى بار.

سايبۇلۇڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 12 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

سايبۇلۇڭ قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس. ھازىر بۇ شەھەردە، شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى 90 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل ئۇلىدىن باشقا، ساقلىنىپ قالغان ھېچ نەرسە يوق. شەھەر ئىچىدە بىر دۆۋە توپا بار. يەرلىك ئاھالىلەردىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ توپا دۆۋىسى بۇددىزم مۇنارىنىڭ ئىكەن.

سايبۇلۇڭ قەدىمىي شەھىرىدىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى.

سايبۇلۇڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ دەۋرى، شەھەر ئىچىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىغا ۋە ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، V ئەسىرگە تەۋە شەھەر خارابىلىكى دەپ بېكىتىلدى.



## 7. لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي شەھىرى

لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي شەھىرى تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسى دۇسۇنكارىز مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىگە 1 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى بار. قەدىمىي شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە دۇسۇنكارىز مەھەللىسى بار. بۇ قەدىمكى شەھەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 12′ 49″، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ 31″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 90 مېتىر تۆۋەن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي شەھىرىنى قۇم بارخانلىرى كۆمۈۋەتكەن. شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يېزىلار ئارا قاتنايدىغان بىر چوڭ يول بار. غەربىي تەرىپىدە كۆلىمى خېلى چوڭ بىر قەبرىگاھلىق جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر قەبرىستانلىقىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى، بوران - يامغۇرنىڭ ئۇچۇرتۇشى ۋە ئېقىتىشى، ئىنسانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كېلىپ قالغان. لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي يەر كۆلىمى 72 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي شەھىرى ئۇزۇن يىللار داۋامىدا تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرىپىدىكى سېپىللىرى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ تۈگەپ كەتكەن. شەرقىي جەنۇب، غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدىكى ئەينى زاماندىكى ئېگىز راۋاقلار ھازىرمۇ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي - غەربىي تەرەپتىكى سېپىللارنى بوراننىڭ ئۇچۇرتۇشى ناھايىتى ئېغىر. شەھەر خارابىسىنىڭ كۆپ قىسمىدا قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلىلا قېپقالغان. شەھەر ئىچىدە توپىدا ياسالغان بىر چاسا شەكىللىك سۇپا بار. ئۆز ۋاقتىدا نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ سېپىللىرى ھەممىسلا توپىنى قاڭداپ ياسالغان. سوقما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 8 — 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئايرىم يەرلىرى 0.27 — 0.35 مېتىرغا يېتىدۇ. جەنۇبىي سېپىل 220 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، غەربىي سېپىل 330

مېتر ئۇزۇنلۇقتا كېلىدۇ.

لامپاگۇڭشاڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ساپال پارچىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۈل رەڭ ساپال كۆپ. چوڭ تىپتىكى ئىدىش پارچىسى، ساپال قاچا پۇچۇقلىرى قاتارلىقلار ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆك، قىزىل ئىككى خىل چاسا خىش پارچىلىرىمۇ بار. خىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30.5 سانتىمېتر كېلىدۇ، قېلىنلىقى 3.5 سانتىمېتر كېلىدۇ. نۇرغۇن ساندىكى چاقچۇق پارچىلىرى ۋە مايلىق ساپال پارچىلىرى قاتارلىق بۇيۇملارمۇ بار.

لامپاگۇڭشاڭ قەدىمىي شەھىرى ئىچىدىن ئۇستىخاندىن ئىشلەنگەن بېگىز، مىس يارماق، پارچە ساپال ئۇرچۇق، مىس پۇل ( بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر دانىسى تاڭ دەۋرىدىكى كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقى ئىكەن )، تۆمۈر جابدۇق سۇنۇقى قاتارلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بۇيۇملار تېپىلدى.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ۋە ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن لامپاگۇڭشاڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ دەۋرىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىن تاكى موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىگىچە دەپ بېكىتىش مۇمكىن.

## 8. قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى ( I )

قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى ( I ) تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، شەھەر خارابىلىكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تۇرپان – توخسۇن تاشيولى بار، شىمالىي تەرىپىدە تۇز تاغ بار. بۇ قەدىمكى شەھەر شەرقىي مېرىدىئان 88° 54′ 38″، شىمالىي پاراللېل 42° 53′ 22″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 56 مېتر تۆۋەنگە جايلاشقان.

قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى سېغىز تۇپراقلىق تۈزلەڭلىككە قۇرۇلغان. تۈپى قېلىن – قاتتىق، ئاپئاق بولۇپ، ئەتراپىدىكى باشقا



جايلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شەھەر ئەتراپىدا قۇم بارخانلىرى بار. تۇز تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بىر قۇرۇق غول بار. بۇ غول قەدىمكى دەريا ئېقىنى بولسا كېرەك.

قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 32 مىڭ 640 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. قەدىمىي شەھەر ئۇزۇنچاق – چاسا شەكىلدە بولۇپ، شەھەر شەرقتىن غەربكە 192 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا 170 مېتر كېلىدۇ. سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 3 مېتر كېلىدۇ. پارچە ئېگىزلىكى 1.5 مېتر كېلىدۇ. غەربىي – شىمالىي ۋە شەرقىي – جەنۇبىي يۆنىلىشتە پارچە – پۇرات كېسەك بىلەن قىلىنغان قۇرۇلۇشلار بار. شەھەر قوۋۇقى شەرقىي تەرەپكە ئېچىلغان. شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھاپىزەت دەرياسى كۆمۈلۈپ كەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شەھەر ئىچىدە شىمالىي، غەربىي، جەنۇبىي سېپىللارنىڭ تۈۋىدە ئۆي ئىزلىرى بار. ئۆي خارابىسىنىڭ ئىچى – سىرتىدا زور تۈركۈمدە ساپال پارچىلىرى تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېگىز ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش بار بولۇپ، تۆت چاسا شەكىلدە، ئەتراپى 19 مېتر، پارچە ئېگىزلىكى 7 مېتر كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەمە ئۆيلەر ئېھتىمال بۇددا دىنىنىڭ خارابىلىكى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ قەدىمىي شەھەر ئىچىدە قىزىل – كۈل رەڭ ساپال پارچىسى قاتارلىق بۇيۇملار بار ھەمدە بۇ بۇيۇملار خېلى كۆپ ساندا تارقالغان.

قوتانتۇر قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن كۈل رەڭ ساپال قاچا ئاغزى، قايرىما كالپۇكلۇق، يۇمىلاق قورساقلىق، يۇمىلاق پۇتلۇق، قورسىقى قىسمىدا دولقۇنسىمان گۈلى بار ساپال قاچا، يالاڭ قۇلاقلىق قىزىل ساپال قاچا پۇچۇقى، سىرتقى قىسمىدا دولقۇنسىمان گۈلى بار قاچا، يالغۇز قۇلاقلىق سېپتە بويىنى ئېگىز ساپال قاچا پارچىلىرى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاقچۇق پارچىلىرى قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا

ئاساسەن قوتانتۇر قەدىمىي شەھىرىنىڭ دەۋرى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .

## 9 . ئەنجان مەھەللە قەدىمىي شەھىرى

ئەنجان مەھەللە قەدىمىي شەھىرى تۇرپان شەھىرى قاراغوجا يېزىسى 3 ـ ئاۋانگارت داداۋىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان .

ئەنجان مەھەللە قەدىمىي شەھىرى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1 كىلومېتر كېلىدۇ . ھازىر بىر نەچچە ئورۇندا سوقما تام بار . بۇ قەدىمكى شەھەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 34′ 1″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 52′ 21″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 35 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان .

ئەنجان مەھەللە قەدىمىي شەھىرى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان . قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىچى ـ سىرتى ھازىر تېرىلغۇ يەر قىلىۋېتىلگەن . شەھەرنىڭ شەرقىدە بەزىبىر قەبرىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ . شەھەرنىڭ شىمالىي ـ غەربىي تەرەپلىرىدە يېزا يوللىرى بار .

ئەنجان مەھەللە قەدىمىي شەھىرى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى ھازىر ساقلىنىپ قالغان شەھەر سېپىلىنىڭ 4 بۆلىكىمۇ 50 مېترغا يەتمەيدۇ .

ئەنجان مەھەللە قەدىمىي شەھىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، تامامەن تۈگىتىۋېتىلگەن . پەقەت پارچە ـ پۇرات بولۇپ ، تۆت يەردىلا سېپىل قالدۇقى قېپقالغان . سېپىل ئەتراپىنى پۈتۈنلەي ئەتىيازلىق سۇ بېسىپ كەتكەچكە ، شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىش ، سېپىللارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆلچەشكە مۇمكىن بولمىدى .

كۆزىتىش ئارقىلىق مۆلچەرلىشىمىزچە ، بۇ شەھەر شىمالدىن جەنۇبقا يۆزلەندۈرۈلۈپ بىنا قىلىنغاندەك تۇرىدۇ . ئۇزۇنلۇقى 300 مېتر كېلىدۇ .

بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ دەۋرى ، نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويۇملىرىدا



ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ، چىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەر دەپ بېكىتىلدى .

## 10 . غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھىرى

غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھەر خارابىسى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى مۇرتۇق مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ ، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي قىسمىغا تەخمىنەن 3.2 كىلومېتردەك كېلىدۇ . شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 22″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 59′ 7″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان .

غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھىرى مۇرتۇق دەرياسى بىلەن يالقۇنتاغ تىزمىسى ئارىلىقىدىكى سايلىققا جايلاشقان . شەرقىي تەرىپى بىلەن شىمالىي تەرىپىدە تىك ۋە ئېگىز كەلگەن غول ـ جىرا ، ياردائىلىقلار بار . شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتى غوجام مازارلىقىنىڭ قەبرىستانلىقىغا تەۋە .

غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 8200 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان . ئۇزۇك تام ـ توساقلاردىن قارىغاندا ، بۇ شەھەر ئەسلىدە رەتسىز قۇرۇلغان چاسا شەكىللىك شەھەر ئىكەنلىكى مەلۇم . ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلغان . شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپى ئېگىزلىك . شەھەرنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە بىر ئىشىك قويۇلغان . شەھەر ئىچىدىكى ئەسلىدە بار بولغان قۇرۇلۇشلار تەبىئىي يوقالغان . خارابىلىكنىڭ يەر يۈزىدىن ، بولۇپمۇ سېپىل ياقىسىدىن كۆپ ھاللاردا كۈل رەڭ ، قىزىل ساپاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ ، بەزىدە چاقچۇقلارمۇ ئۇچرايدۇ .

بۇ خارابىلىكتىن يەنە چوڭ تىپتىكى ساپال قاچا ، كۈل رەڭ ساپال پۇچۇقى ، ئايرىم ساندا چاقچۇق پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى .

نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق غوجامبۇلاق قەدىمىي شەھىرىنىڭ دەۋرى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاكى يۈەن

سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ دەپ بېكىتىلدى.

## IV ئوت تۇرى خارابىلىرى

•

### 1. يارغول ئوت تۇرى

بۇ ئوت تۇرىنىڭ ئورنى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى يارغول مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ 3 كىلومېتر شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ تۇر شەرقىي مېرىدىئان 89° 2′، شىمالىي پاراللېل 42° 59′ 4″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 130 مېتر ئېگىزلىككە قۇرۇلغان.

بۇ ئوت تۇرىنىڭ شەرقىي تەرىپى سايلىق، جەنۇبىي تەرىپىدە يارغول مەھەللىسى ۋە يارغول قەدىمىي شەھىرى بار، قەدىمىي شەھەر ئىچىدىكى بۇددىزم مۇنارلىرى ئوت تۇرى قۇرۇلغان يەرگە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. غەربىي تەرىپىدە بىر قۇرۇق غول بار. شىمالىي تەرىپى ئېدىرلىق ۋە ياداڭلىق. يەر يۈزىنى قۇم ۋە ئۇششاق تاش ـ شېغىللار كۆمۈۋالغان. خېلى چوڭ تېپتىكى قورام تاشلارمۇ بار.

ئوت تۇرى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 15مىڭ 218 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

ئوت تۇرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. بۇزۇلۇش ئەھۋالىمۇ خېلى ئېغىر، سۇپا ئۈلى ئۆرۈلۈپ كېسەك توپىلار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن. سۇپىسى ئىككى پەلەمپەي قىلىپ ياسالغان. 1 ـ پەلەمپەي شەرقتىن غەربكە 14.4 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا 18.6 مېتر كېلىدۇ. 2 ـ پەلەمپەي شەرقتىن غەربكە 11.3 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا 11.3 مېتر كېلىدۇ. تۇر سوقما قىلىپ ياسالغان. سوقما قاتلىمى 0.10 مېتر كېلىدۇ.

توپا ئارىسىدا نۇرغۇن قۇم ـ شېغىللار بار. يامغۇر ئېقىتىپ، بەزىبىر جىرا ـ دۆڭلەرنى شەكىللەندۈرگەن. توپا قاتلىمى ناھايىتى بوشاپ كەتكەن. شەرقىي تەرەپ تامدا ئىككى تۆشۈكچە بار. تۆشۈك



ئىچىدە ياغاچ پارچىلىرى بار. تاملار لاي بىلەن سۇۋالغان. شەرقىي تامغا دەز كەتكەن.

بۇ ئوت تۇرىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۈچ پارچە ساپال پۇچۇقى ئەۋرىشكىسى يىغىۋېلىندى. « 3 — TYFC1 88 » دەپ نومۇر بېرىلدى.

ئىلگىرى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بۇ يەردە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەم ئارخىپىنى تۇرغۇزغان.

بۇ تۇرنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرى II ئەسىردىن مىلادى VI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

### 2. تاشتۇر خارابىسى

تاشتۇر خارابىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ئايدىڭكۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا، غەربىي ئولپاڭ كارىزىدىن 11 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ تۇر شەرقىي مېرىدىئان 89° 12′، شىمالىي پاراللېل 42° 40′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 141 مېتر تۆۋەن ئورۇنغا قۇرۇلغان.

تاشتۇر خارابىسى ئايدىڭكۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى بىر پارچە شورلۇق يەرگە جايلاشقان. تۇر ئەتراپىدا قومۇچ، يانتاق، لوقاق قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسۈپ كەتكەن. بۇ ئۆسۈملۈكلەر ھەممىسى قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە. تاشتۇرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە 100 مېتر كېلىدىغان يەردە چۆلتاغنىڭ دۆۋىلەنمىلىرى بار. بۇ دۆۋىلەنمىلەرنىڭ غەربىي تەرىپى قورام تاشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن سايلىق، ھېچقانداق ئۆسۈملۈك تىپلىرى كۆرۈنمەيدۇ. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان توخسۇن ـ تۇرپان تاشيولى بىلەن ئارىلىقى 150 مېتر كېلىدۇ.

تاشتۇر خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 63 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

تاشتۇر كېسەك بىلەن ياسالغان چاسا شەكىللىك تۇر بولۇپ، ئۈستى قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ھازىرقى پارچە – پۇرات ئېگىزلىكى 5 مېتر كېلىدۇ. كېسەكلەرنىڭ قويۇلۇش ئۇسۇلىدا تەكشى قىرلانغان، چەك باسۇرۇلغان. بەزىبىر كېسەكلەرنىڭ ئارىلىقىغا ئىككى قات قومۇچ قويۇلغان بولۇپ ئارىلىقى 1.5 مېتر كېلىدۇ. كېسەكلەرنىڭ كىچىكلىرى 10×21×35 سانتىمېتر كېلىدۇ، چوڭلىرى 15×23×40 سانتىمېتر كېلىدۇ.

1988 – يىل 4 – ئاينىڭ 19 – كۈنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى يولداشلار بۇ تۇرنى مەخسۇس تەكشۈرگەن، خەرىتىدىكى ئورنىنى بېكىتكەن. خاتىرىسىنى يازغان ۋە ئۆلچىگەن، ئارخىپىنى تۇرغۇزغان.

بۇ تۇر ئەتراپىدىن بىر نەچچە پارچە كۆل رەڭ ساپال پۇچۇقلىرى تېپىلغان، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تۇردىكى ئۆز گەۋدىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، دەۋرى VI ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 3. كىندىكتاغ ئوت تۇرى

بۇ ئوت تۇرى ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 221 – تۇەن – مەيدانىنىڭ غەربىي – جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۇزتاغ ئېغىزىدا بولۇپ، بۇ ئېغىز ئەتراپىنى يەرلىك خەقلەر « كىندىك » دەپ ئاتىشىدۇ، بۇ تۇر كىندىك تېغىنىڭ ئۈستىدە، يەنى شەرقىي مېرىدىئان ″18 ′59 °88، شىمالىي پاراللېل ″35 ′57 °42 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 190 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

كىندىك ئوت تۇرى جايلاشقان بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى، ئوت تۇرى 221 – تۇەن مەيدانىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، تۇز تاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ غول ئېغىزىدىكى تاغ قاپتىلىدا، شەرقىي – جەنۇبىي تەرەپتە مەيدان شتابىغا تەخمىنەن 2.5 كىلومېتر كېلىدۇ. شىمالىي تەرەپتە لەنجۇ – شىنجاڭ تاشيولىغا تەخمىنەن 4 كىلومېتر كېلىدۇ. ئەتراپى قورام تاشلىق، شېغىللىق سايلىق. شەرقىي – جەنۇبىي تەرىپىدە يېڭى ئاچقان ئېتىزلىق بار. يول – ئورمان بەلباغلىرى بار. تۇز تاغنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 100



مېتر كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە يۈزلىنىپ داۋاملاشقان. ئوت تۇرى ئەينى زاماندىكى قاتناش تۈگۈنىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان.

كىندىك ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 28.08 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

كىندىكتاغ ئوت تۇرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6 مېتر كېلىدۇ. تېگى قىسمى شەرقتىن غەربكە 5.2 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 5.4 مېتر كېلىدۇ. غەربىي تەرەپ ئاستى قىسمىغا بىر تۆشۈك كولانغان. ئىچكى قەۋەتنىڭ كېسەكلىرى ئاشكارا چىقىپ قالغان. شامالنىڭ يالىشى ئېغىر بولغانلىقتىن سىرتقى قىسمىدىكى سۇۋاقلارنى يالاپ – ئۇچۇرتۇپ كەتكەن.

بۇ تۇر 1980 – يىلى ئەتىيازدا تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن، 1980 – يىل 4 – ئايدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن قايتا تەكشۈرۈلگەن.

تۇرغا 10×25×40 سانتىمېترلىق كېسەكلەر ئىشلىتىلگەن. غەربىي تەرەپ ئۈستى قىسمىدا قورام تاشلار قاتلىمى بار. چىدامىلىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتلىرىغا دەرەخ شوپۇرلىرى، قومۇچ ئىشلىتىلگەن. ئىس يولى ۋە ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن ئىزلار بار. ئوت تۇرى ئەتراپىدىن يەنە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان، سىلىق لايدا ياسالغان كۆل رەڭ، قىزىل ساپال پارچىلىرى ۋە ئىگەر شەكىللىك يارغۇنچاق پارچىلىرى بارلىقى بايقالدى.

بۇ ئوت تۇرى ئەتراپىدىن ساپال پارچىسى قاتارلىقلار ئەۋرىشكە قىلىندى. بۇلارغا «88TKF·C1 — 8» دەپ نومۇر بېرىلدى.

بۇ ئوت تۇرىغا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەۋرى VI ئەسىردىكى ھەربىي ئەسلىھە دەپ بېكىتىلدى.

## 4. تۇزلۇق تاغ ئوت تۇرى

تۇزلۇق تاغ ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ئوت تۇرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە يار ئاغزى دەرياسى بار،

غەربىي ـ شىمالىي تەرىپىدىن 4 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە يارغول قەدىمىي شەھىرى بار . بۇ تۇر شەرقىي مېرىدىئان 89° 5′ 22″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ 50″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 169 مېتىر ئېگىزگە قۇرۇلغان .

بۇ ئوت تۇرى تۇزلۇق تاغدىكى بىر تاغ چوققىسىغا جايلاشتۇرۇلغان . جەنۇبىي تەرىپىدە شەرقتىن غەربكە يۈزلەنگەن چوڭ يول بار . شىمالىي تەرىپىدە ئۆلچەش بەلگىسى — ئۈچ بۇرجەكلىك جازىدىن بىرى بار .

تۇزلۇق تاغ ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

تۇزلۇق تاغ ئوت تۇرى تازا ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنمىغان . تۇر بىر تاغ چوققىسىغا قۇرۇلغان . تۇرنىڭ ئاستىغا 10 مېتىر ئېگىزلىكتە سۇپا ياسالغان . تۇر سۇپا ئۈستىگە كېسەك بىلەن قىرلاپ ياسالغان . ئوت تۇرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 100 مېتىر كېلىدىغان يەردە كېسەك بىلەن ياسالغان تام بار . بۇ تام ئەسلىدە ئەسكىرىي ئەسلىھەلەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن .

تۇزلۇق تاغ ئوت تۇرى ئەتراپىدىن سۇپىتى يىرىك ، قىلىن ياسالغان كۈل رەڭ ساپال پارچىسى ، تاش ياپراقلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى تېپىلدى .

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ، تۇزلۇق تاغ ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى Ⅲ ئەسىردىن يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە دەپ بېكىتىلدى .

## 5 . غوجامبۇلاق ئوت تۇرى

غوجامبۇلاق ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ ، بىزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 3 — 4 كىلومېتىر كېلىدۇ . بۇ تۇر شەرقىي مېرىدىئان 89° 37′ 11″ ، شىمالىي



پاراللېل 42° 58′ 50″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 236 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان .

غوجامبۇلاق ئوت تۇرى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ يانتۇلۇقى ئۈستىگە قۇرۇلغان . شىمالىي ، شەرقىي ، غەربىي ئۈچ تەرىپى يەر شەكلى ئوچۇقچىلىق . شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپى مۇرتۇق دەرياسى بولۇپ بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئۈزۈلمەي سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ .

غوجامبۇلاق ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 245 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

غوجامبۇلاق ئوت تۇرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس . تۇر تاغقا يۈزلەنگەن تەرىپى ھەممىسى ئۆرۈلۈپ ، تېگى قىسمى ئۇزۇنچاق شەكىلدە ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئىچىگە تارتىلغان . تېگى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشكە مۇمكىن بولمىدى . ئۆلچەنگىنى كەڭلىكى بولۇپ ، 11.3 مېتىر ، ئېگىزلىكى 7.3 مېتىر كېلىدۇ . ئوت تۇرى قاڭداپ ياسالغان بولۇپ ، ئۈستى تەرىپىدە پارچە ـ پۇرات تاملارنىڭ ئىزلىرى بار . بولارنىڭ ئۈچ ئېغىزلىق ئايرىم ھۇجرا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئوت تۇرىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۇزۇك ، پارچە ـ پۇرات تام ئۇللىرى بار . ئېھتىمال ئوت تۇرىنىڭ ئەتراپى تاملىرى بولۇشى مۇمكىن .

غوجامبۇلاق ئوت تۇرى ئەتراپىدىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك قىزىل ساپاللار ، كۈل رەڭ يۇپقا ساپاللارنىڭ پارچىسى سېزىلدى .

غوجامبۇلاق قەدىمىي ئوت تۇرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەۋرى Ⅲ — Ⅵ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .

## 6 . سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۇرى ( Ⅱ )

سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيىنىڭ غەربىي تەرىپىگە تەخمىنەن 800 ـ 900 مېتىر سەل ـ پەل شىمالغا قىيپاش كېلىدىغان يەردىكى يالقۇنتاغنىڭ ئېتىكىدە بولۇپ ، بۇ تۇر شەرقىي مېرىدىئان 89° 33′ 49″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ 28″ تا بو-

لۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 120 مېتىر ئېگىزلىككە قۇرۇلغان.

سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۇرىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغ جىلغىلىرى قورشىۋالغان. شەرقىي – غەربىي تەرەپلىرى سىڭگىم ئېغىزىنىڭ باشلىنىش ئېغىزى، غول ئىچىدە سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئىككى تاشيول بۇ غول ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 25 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۇرىنىڭ ئايرىم جايلىرى بۇزۇلغان، ئاساسەن يامان ئەمەس ساقلانغان. تۇرىنىڭ ئۈستى قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، قېپقالغان قىسمىدىن قارىغاندا جەنۇبتىن شىمالغا يۈزلەندۈرۈپ جايلاشتۇرۇلغان. كېسەكنى تەكشى قىرلاپ ياساپ چىققان. سىرتقى قىسمىغا لاي سۇۋالغان. شەكلى تۆت قىرلىق چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. تېگى قىسمىنىڭ يان ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر كېلىدۇ. پارچە ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر كېلىدۇ. سىرتقى تامىنىڭ قېلىنلىقى 0.90 مېتىر كېلىدۇ. ئوت تۇرىنىڭ ئىچكى قىسمى كاۋاك. بىر قوشۇمچە تام بىلەنلا ئىككىگە بۆلۈۋېتىلگەن. شەرقىي – غەربىي ئىككى تەرىپىدە ئېغىز بار. بۇلاردىن بىرى ئىشىك بولۇشى مۇمكىن. تۇرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سۇپىدا بىر دۆۋە مەخسۇس دۆۋىلەنگەن كۆك تاش بار.

تۇر ئەتراپىدا كۆل رەڭ، يىرىك ساپاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ساپالنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئايلاندۇرۇپ ياسالغان ئىزلارنى بايقىغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى Ⅲ — Ⅵ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 7. چىچانخۇ ساي ئوت تۇرى

چىچانخۇ ساي ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى چىچان



بازىرى تەۋەسىدە بولۇپ، چىچانخۇ پويىز ئىستانسىسىدىن 4.5 كىلومېتىر غەربىي – جەنۇبىي تەرەپكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى تۇر شەرقىي مېرىدىئان ″9 ′25 °89، شىمالىي پاراللېل ″5 ′6 °43 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 620 مېتىر ئېگىز جايدا قۇرۇلغان.

چىچانخۇ ئوت تۇرى تيانشان تېغى بىلەن يالقۇنتاغنىڭ ئارىلىقىدىكى بىپايان سايلىقتا قۇرۇلغان. شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 4 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە لەنجۇ – شىنجاڭ تۆمۈريولى بار. شەرقىي تەرىپىدە قۇرۇق غول دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريا بويىدىكى كىچىك يول بىلەن تۇرنىڭ تۈۋىگىچە بارغىلى بولىدۇ.

چىچانخۇ ساي ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 74 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

چىچانخۇ ساي ئوت تۇرى ھازىرغا قەدەر خېلى ياخشى ساقلانغان. تۇرنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئىشىك ئېچىلغان. ئىچكى تەرەپتە ئاستى – ئۈستى ئىككى قەۋەت، ھەربىر قەۋىتى ئىككى ئېغىزلىق گەمە شەكلىدىكى ئۆيلەر بار. تېگى قەۋىتىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تاملاردا رەتسىز قويۇلغان كۆزىتىش تۆشۈكچىلىرى بار. پۈتكۈل ئوت تۇرىنى كېسەك بىلەن قىرلاپ ياسىغان. غەربىي تەرەپتە قەبرىستانلىقنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەچچە تاش دۆۋىلىرى بار. كۆلىمى تەخمىنەن 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلمىدى. تامنىڭ ئاستى قىسمى قېلىنلىقى 1.6 مېتىر كېلىدۇ.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق چىچانخۇ ئوت تۇرى Ⅲ — Ⅴ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 8. سىڭگىم ئوت تۇرى

سىڭگىم ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ غەربىي شىمالغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان سىڭگىم دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تەۋەسىدە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ″38 ′36 °89، شىمالىي پاراللېل ″6 ′59 °42 دا بولۇپ، دېڭىز

يۈزىدىن 238 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان.

سىڭگىم ئوت تۈرىنىڭ شىمالىي تەرىپى سايلىق جاڭگال، جەنۇبىي تەرىپى سىڭگىم يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتىشىدۇ. قويۇق ئۆستۈرۈلگەن ئورمان بەلبېغى بار. ئوت تۈرىغا بارىدىغان ئۇدۇل يول بار. ئوت تۈرىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرەپلىرى يايلاق.

سىڭگىم ئوت تۈرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 210 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

سىڭگىم ئوت تۈرى ناھايىتى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنغان. ئېگىز، ھەيۋەتلىك، كۆركەم بولۇپ، سۇپا ئۇلى 15 مېتر ئۇزۇنلۇقتا، 14 مېتر كەڭلىكتە كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 13 مېترغا يېتىدۇ. سۇپىنىڭ ھولى توپىدا قاڭداپ سوقۇلغان، تۈر ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئىچىگە تارتىلىپ كىچىكلەپ بارغان. ئۈستى قىسمى تەكشى سۇپا بولۇپ، سۇپا ئاستىدا كېمىر ئۆي بار. ئۆينىڭ ئىچكى قىسمى كېسەك بىلەن ياسالغان. سىرتقى قىسمى سوقۇپ ياسالغان. ئۆينىڭ تورۇسىنىڭ ھەجمى 3.4 مېتر كېلىدىغان يۇمىلاق غار شەكلىدە. ئوت تۈرىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدە كىرىپ ـ چىقىشقا بولىدىغان ئىشىكى ۋە دەسسەپ چىققاندا قېپقالغان توپا ئازگىلى بار. بۇ يەرنى تەكشۈرۈش داۋامىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى يىغىۋېلىنمىغان. تام يۈزىدە تۈرنى سوققان ۋاقىتتىكى ئويمان ـ دۆڭ شەكىل ـ ئىزلارلا بار. تۈرنىڭ تۆت بۇرجىكى يېرىم يۇملاق شەكىلدىكى تۈۋرۈككە ئوخشاپ قالغان.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق سىڭگىم ئوت تۈرى Ⅲ — Ⅴ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 9. سىڭگىم ئېغىزى ئوت تورى ( Ⅲ )

سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۈرى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 400 مېتر كېلىدىغان مۇرتۇق غولىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 34′ 11″، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 50 مېتر ئېگىزلىكتە.



سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۈرى مۇرتۇق دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى چوقچىيىپ چىققان يەردە. شەرقىي، غەربىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرى يالقۇنتاغ تىزمىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى سىڭگىم ئېغىزى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۈرنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى ناھايىتى ياخشى. ھەر قايسى تاغ ئېغىزلىرىدىكى پائالىيەت ئەھۋاللىرىنى كۆزەتكىلى بولىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۈرى ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 200 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۈرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس. تۈر ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ئۈستى قىسمى ۋە دەرياغا يۈزلەنگەن تەرىپى ئۆرۈلگەن، تېگى قىسمى تاكى يېرىمىغىچە كولىنىپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىۋاتقان قىسمىدىن قارىغاندا، تېگى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 مېتر، ئېگىزلىكى 5 مېتر كېلىدۇ. قاڭداپ ۋە كېسەك بىلەن ياسالغان. سىرتقى قىسمىغا بىر قەۋەت لاي سۇۋالغان. غەربىي تەرىپى 9 مېتر يەردە بىر پارچە جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان پارچە تام بار. ئوتتۇرىسىدا بىر ئىشىك بار. تامنىڭ قېلىنلىقى 0.90 مېتر كېلىدۇ. بۇ تام قۇم ـ شېغىللىق توپا بىلەن قومۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سوقما قىلىپ ياسالغان، بۇ تام ئوت تۈرىنىڭ ئەينى زامانىدىكى قورۇق تېمى بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا ئوت تۈرىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي قىسمىدا تەخمىنەن 40 مېتر يەردە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان قورۇق تام بار. ئۇزۇنلۇقى 40 مېتر، ئېگىزلىكى 1.3 مېتر كېلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى 0.5 مېتر كېلىدۇ. تامنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىلغان. ئىشلىتىلىش رولىنى تازا بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق سىڭگىم ئېغىزى ئوت تۈرىنىڭ دەۋرى مىلادى Ⅲ — Ⅴ ئەسىرلەر مەزگىلىگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 10. قىزىلىيۇلتۇز 1 ـ ئەترەت ئوت تۈرى

قىزىلىيۇلتۇز 1 ـ ئەترەت ئوت تۈرى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم

يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرىپىگە 6 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە، بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 53″، شىمالىي پاراللېل 43° 0′ 32″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 270 مېتىر ئېگىز.

قىزىليۇلتۇز 1 ـ ئەترەت ئوت تۇرى غول جىرالقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوقچىيىپ چىقىپ تۇپا سۇپا ئۈستىدە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. بۇ تەبىئىي تۇپا سۇپىسى بولۇپ، غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپى قىزىليۇلتۇز 1 ـ ئەترەتكە تۇتىشىدۇ.

قىزىليۇلتۇز 1 ـ ئەترەت ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5.4×15.3 مېتىر كېلىدۇ.

قىزىليۇلتۇز 1 ـ ئەترەت ئوت تۇرى تازا ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنمىغان. تۇر بۇزۇلۇپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىن قارىغاندا، جەنۇبىي ـ شىمالىي ئىككى تەرىپىدە ھەر بىر تەرىپىدە بىردىن شىر قوپۇرۇپ ياسالغان دۆڭ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان. دۆڭنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى 6.5 مېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمى شەرقىي قىسمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، يېرىم يۇملاق ( ياي ) ھالەتكە كەلگەن. كېسەك تاملىرى بىر قەۋەت لاي بىلەن سۇۋالغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەينى زامانلاردا يولۇچى، سودىگەر، كارۋانلارنىڭ قونىدىغان مۇھىم بېكەتلىرىنىڭ بىرىدەك قىلىدۇ. تۇر ئەتراپىدا بىرمۇنچىلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق قىزىليۇلتۇز 1 ـ ئەترەت ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى Ⅲ — Ⅴ ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 11. قىزىليۇلتۇز ئوت تۇرى ( Ⅴ )

قىزىليۇلتۇز ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ غەربىي شىمالغا تەخمىنەن 6 كىلومېتىر كېلىدىغان مۇرتۇق دەرياسىنىڭ غەربىي قېتىدا، بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 30′ 27″، شىمالىي پاراللېل 43° 0′ 8″ تا بولۇپ،



دېڭىز يۈزىدىن 260 مېتىر ئېگىز.

بۇ ئوت تۇرى مەھەللە ئىچىدە. غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدە يالقۇنتاغ بار. ئەتراپى بىپايان كەتكەن تۈزلەڭلىك.

قىزىليۇلتۇز ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 234 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

قىزىليۇلتۇز ئوت تۇرىنىڭ تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى ئاساسەن ياخشى. بۇ تۇر قىسمەن بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئاساسەن شەكلى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تۇر قاكىداپ، سوقما قىلىپ ياساپ چىقىلغان. تېگى تەرەپ شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپى 18 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپى 13 مېتىر كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 10.2 مېتىر كېلىدۇ. تېگى قىسمى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە، ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەنسىرى ئىچىگە تارتىلغان. تۇرنىڭ ئۈستى تەرىپى تۈز. تۆت تەرىپىدە پارچە تاملار بار. تۈز رەتلىك يېرىق ـ سىزىقلار بار، يېرىقلاردىن سۇپىنىڭ ياقىسىغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر كېلىدۇ. يېرىقتىن قارىغاندا، ئوت تۇرى ئىككى قېتىمدا ياسالغانلىقى مەلۇم. تۇرنىڭ تۆت تەرىپىدىكى تامدا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان تۆشۈكچىلەر بار. بۇ تۆشۈكچىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى نامەلۇم.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش، مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق قىزىليۇلتۇز ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى Ⅲ — Ⅴ ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 12. قورۇق ئېغىز ئوت تۇرى

قورۇق ئېغىز ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى تەۋەسىدىكى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ قورۇق ئېغىز دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ئېغىزىغا قۇرۇلغان، شەرقىي تەرىپىدە تاغ چوققىسى بار. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 23′ 44″، شىمالىي پاراللېل 42° 58′ 23″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 225 مېتىر ئېگىز.

قورۇق ئېغىز ئوت تۇرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى سەل تۈز ھەم كەڭتاشا ئازادە كەتكەن يەر. شىمالىي تەرىپى يالقۇنتاغنىڭ تاغ چوققىلى-

رىغا تۇتۇشىدۇ. چىچانخۇ بىلەن ماڭشياۋخۇ خىمىيە زاۋۇتلىرىغا بارىدىغان يولغا يېقىن. بۇ يەرنىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن غول ئىچىگە كىرگىلى بولىدۇ.

قۇرۇق ئېغىز ئوت تۈرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 34.8 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

قۇرۇق ئېغىز ئوت تۈرىنىڭ تا ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس. تۈر قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ھازىر بار قىسمىغا ئاساسلانغاندا، ئەسلىدە بۇ تۈر جەنۇبتىن شىمالغا يۈزلەندۈرۈلۈپ ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى كاۋاك كەلگەن. تۆت تەرىپىنى كېسەك بىلەن قىرلاپ سېپتا ياسىغان. تېگى قىسمىنىڭ يان تەرىپى شىمالدىن جەنۇبقا 6 مېتر كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە 5.8 مېتر كېلىدۇ. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پارچە ئېگىزلىكى 2.6 مېتر بولۇپ، تاملارنىڭ قېلىنلىقى 1 مېتر كېلىدۇ. تۈر ئەتراپىدىكى يەر يۈزىدىن بىر قىسىم كۆل رەڭ ساپاللار ۋە بىر پارچە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ياغاچ ياپرىقى تېپىلدى.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىغا ئاساسەن قۇرۇق ئېغىز ئوت تۈرىنىڭ دەۋرى III — V ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 13. مۇرتۇق ساي ئوت تۈرى

مۇرتۇق ساي ئوت تۈرى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، چىچانخۇ پوېىز ئىستانسىسىنىڭ جەنۇبىغا 11 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 27′ 38″، شىمالىي پاراللېل 43° 1′ 35″ قا توغرا كېلىدۇ.

مۇرتۇق ساي ئوت تۈرى تيانشان تېغى بىلەن يالقۇنتاغ ئارىلىقىدىكى مۇرتۇق سېيى دەپ ئاتىلىدىغان تۈزلەڭلىكتە. جەنۇبىي تەرىپىگە 3 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ قىزىل تاغ چوققىسى بار. شەرقىي تەرىپىگە 1 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە شىمالغا قاراپ سوزۇلغان



بىر تاشيول بار.

مۇرتۇق ساي ئوت تۈرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 324 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

مۇرتۇق ساي ئوت تۈرى ئاساسەن تولۇق ساقلىنىپ قالغان. خارابىلىك تۈر ۋە تۈر سەيناسى بولۇپ ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. تۈر سەيناسىنىڭ غەربىي – جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. پارچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتر كېلىدۇ. بۇ تۈر ئۇزۇن چاسا شەكىللىك ئېگىزرەك كەلگەن سۇپا ئۈستىگە ياسالغان، ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئىچىگە يىغىلىپ كىچىكلەپ بارغان. ھويلا ئاساسەن چاسا شەكىلدە ياسالغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۈچ بۇرجەكتە پەلەمپەي شەكىلدىكى توپا تۈۋرۈكلەر بار بولۇپ، بۇ تۈۋرۈكلەر مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينىغان. ھويلا ئىچىدە رەتلىك ئۆيلەر بار. بىراق، ئۆيلەرنىڭ تورۇس قىسمىنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيدۇ. پۈتكۈل قۇرۇلۇش كېسەك بىلەن ياسالغان. قۇرۇلۇش خارابىسى ئەتراپىدا ئويما گۈل نۇسخىسى ۋە دولقۇنسىمان گۈل نۇسخىلىرى ئىشلەنگەن كۆل رەڭ ساپاللارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇرتۇق ساي ئوت تۈرىنىڭ دەۋرى III — V ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 14. چىكاڭكۆل ئوت تۈرى

چىكاڭكۆل ئوت تۈرى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسىدىكى چىكاڭكۆلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 200 مېتر كېلىدىغان يالقۇنتاغنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۇرپان – پىچان تاشيولى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 36′ 16″، شىمالىي پاراللېل 42° 57′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 280 مېتر ئېگىز.

چىكاڭكۆل ئوت تۈرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 37.4 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

چىكاڭكۆل ئوت تۇرىنىڭ هازىرغىچە ساقلىنىشى تازا ياخشى ئەمەس، هازىر پەقەت پارچە ـ پۇرات تام ـ توساقلارلا قېپقالغان. هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىن قارىغاندا، جەنۇبتىن شىمالغا يۇزلەندۇرۇلۇپ ياسالغانلىقى مەلۇم. ئۇزۇنلۇقى 6.8 مېتر، كەڭلىكى 5.8 مېتىر كېلىدۇ. هازىرقى پارچە ـ پۇرات تاملارنىڭ ئېگىزلىكى 1.8 مېتر كېلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى 0.85 مېتر كېلىدۇ. سۇپا ئىچىگە بىر دانە ئازگال ئويۇلغان. سۇپا ئىچىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالمىغان، ئەتراپىدىن كۆل رەڭ ساپال قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بارلىقى بايقالغان.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چىكاڭكۆل ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى Ⅲ — Ⅴ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 15. جاڭزا مەھەللە ئوت تۇرى

بۇ ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىسى جاڭزا مەھەللىسىنىڭ غەربىدىكى تۇركارىزدا. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 18′ 33″، شىمالىي پاراللېل 42° 44′ 35″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 141 مېتر تۆۋەن.

بۇ ئوت تۇرىنىڭ ئەتراپىدا دەل ـ دەرەخلەر بار. شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپىدە بىر مازارلىق بار. شەرقىي تەرىپى مەھەللىگە تۇتاش. باشقا جايلىرى ئېتىزلىق. غەربىي تەرىپىدە ئايدىڭكۆلگە بارىدىغان يول بار. بۇ يەردە شور ئۆرلەش، زەيلىشىش ئەھۋالى بەكرەك ئېغىر. قومۇچ ناھايىتى زىچ ئۆسكەن. جەنۇبىي تەرىپىدە بىر دانە كىچىكرەك ياسالغان كۆلچەك بار.

ئوت تۇرىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن $12 \times 11.3\ m^2$ كېلىدۇ.

ئوت تۇرىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى ئەمەس. بۇ تۇر جاڭزا كارىزىنىڭ ياقىسىدا بولۇپ، ئۈستىدىن ئۆرۈلگەن كېسەك ۋە لاي قېتىشمىلىرى ئەتراپىنى كۆمۈۋالغان. پارچە ـ پۇرات خارابىلەردىن قارىغاندا ئەسلىدە بۇ تۇرنى كېسەك ۋە سوقما قىلىپ ئىككى قىسمغا بۆلۈپ ياسىغانلىقى مەلۇم.



ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاساسىي تۇر گەۋدىسى سوقما قىلىپ ياسالغان. تۆت تەرىپى كېسەك بىلەن مۇستەھكەملەنگەن. شەرقىي تەرىپىنى يەرلىك ئاھالىلەر كېسەك بىلەن توساپ تام سېلىپ قوي قوتىنى قىلىۋالغان. هازىر تۇر جەنۇبتىن شىمالغا 11.30 مېتر، شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 12 مېتر، پارچە ئېگىزلىكى 5 مېتر كېلىدۇ.

1988 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەتىرىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، ئەھۋالى ئىگىلەنگەن، خاتىرە قالدۇرۇلۇپ، خەرىتىدىكى ئورنى بېكىتىلگەن.

بۇ تۇر ئەتراپىدىن ئۈچ پارچە ئەۋرىشكە يىغىۋېلىنىپ. «3 — 88TtC1» دەپ خاتىرىلىنىپ نومۇر بېرىلدى.

بۇ تۇر 1980 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن.

## 16. قارۇزە ئوت تۇرى

قارۇزە ئوت تۇرى تۇرپان شەھىرى چىچانخۇ بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە. بۇ ئوت تۇرىنىڭ غەربىدىكى 500 مېتر جايدا قارۇزە دەرياسى بار. 4 كىلومېتر شىمالىي تەرىپىدە لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى بار. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 23′ 16″، شىمالىي پاراللېل 43° 7′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 681 مېتر ئېگىز.

قارۇزە ئوت تۇرى قۇرۇلغان يەرنىڭ يەر شارائىتى، ئوت تۇرى سايلىقتا قۇرۇلغان، ئوت تۇرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە قارۇزە غولىنىڭ ياردائىلىقلىرى بار، غول ئىچىدىكى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان بىر كىچىك دەريا بار. قۇم ـ شېغىلنىڭ ئاستى قىسمى سېغىز توپا قاتلىمى بولۇپ، بىر ئاددىي تاشيول ئوت تۇرى خارابىلىكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. تۇر خارابىسىنىڭ جەنۇبىدا بىر ئۆستەڭ قېزىلغان.

قارۇزە ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى $7.50 \times 7.70$ كۋادرات مېتر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۇرالغۇ جاي خارابىسىنىڭ كۆلىمى، $9.40 \times 5.20$ كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

قارۇزە ئوت تۇرى كېسەك بىلەن ياسالغان. تۇرنىڭ تېگىدە ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان بىر ئېغىز كېمىر ئۆي بار. تېگى تەرەپىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 7.50 مېتر كېلىدۇ، شەرقتىن غەربكە 7.70 مېتر كېلىدۇ. خارابىنىڭ پارچە ئېگىزلىكى 6 مېتر كېلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچكى قىسمى شەرقىي تېمىدا 2 دانە چاسا شەكىللىك كۆزنەتىش تۆشۈكچىسى بار. شىمالىي تەرەپ تامدا يەنە بىرى بار. پۈتكۈل ئوت تۇرىنىڭ ئۈستى قىسمى سەل كىچىك، تېگى قىسمى چوڭراق كەلگەن. پەلەمپەي شەكىلدە. تۇرالغۇ خارابىسى ئوت تۇرىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ياسالغان. جەمئىي تۆت ئېغىز ئۆي بار. غەربىي تەرەپتىكى بىر ئېغىز ئۆي ئوت تۇرىنىڭ غەربىي تېمىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان ھەمدە بىر ئەگمە ئىشىك بىلەن ئوت تۇرىغا ئۆتكىلى بولىدۇ. تۇرالغۇ خارابىسى يېرىم گەمە شەكىلدە ياسالغان قۇرۇلۇش بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا 4.50 مېتر كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە 5.20 مېتر كېلىدۇ. ئەتراپى تاش بىلەن قىرلاپ ياسالغان. باشقا تاملار كېسەك بىلەن قىرلاپ ياسالغان. بۇ قۇرۇلۇشقا ئەينى ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر، 0.75×0.25×0.15 cm كېلىدۇ. ئوت تۇرىنىڭ شىمالىي تېمىغا بىر چاسا شەكىللىك چوڭ ئازگال قېزىلغان. بۇ ئازگالنى ھازىرقى زاماندا ئۆستەڭ چاپقانلار قازغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئازگالنىڭ ئوت تۇرىغا ئېغىر تەسىرى بار.

نەق مەيداندىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇشنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قارۇزە ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى Ⅲ — Ⅴ ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## Ⅵ بۇددا دىنىغا ئائىت مۇنارلار

### 1. بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى ( Ⅰ )

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى تۇرپان شەھرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى



تەۋەسىدە بولۇپ، تۇرپان شەھرىدىن 6.5 كىلومېتر كېلىدىغان بۇيلۇق غولىنىڭ جەنۇبىدىكى پاكار تاغ ئۈستىدە، غول ئاغزى بىلەن ئارىلىقى 200 مېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 14′، شىمالىي پاراللېل 42° 59′ 16″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 150 مېتر ئېگىز.

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ بۇيلۇق غولىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر تاغ چوققىسىغا قۇرۇلغان. مۇنارنىڭ شەرقىي تەرىپى 200 مېتر ئارىلىقتا بۇيلۇق غولىنىڭ جەنۇبىي ئىككى ئېغىزى بار. غەربىي تەرەپتىكى بىر تاغ چوققىسىدا يەنە بىر بۇددىزم مۇنارى بىلەن غول ئارقىلىق ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپ يەر يۈزىنى بىر قات قۇم ـ شېغىل قاتلىمى كۆمۈپ تۇرىدۇ.

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 185 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، بۇيلۇق قەدىمكى بۇددىزم مۇنارى دەپ ئايرىلدى.

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى ئاساسەن تولۇق ساقلانغان. بۇ مۇنار مىللىيلارنىڭ ئادەت قۇرۇلۇش تۈسىدە، يەنى گۈمبەز شەكىلدە كېسەك بىلەن ياسالغان. بىر قەۋەت سامانلىق لاي سۇۋالغان. مۇنارنىڭ ئۇلى چاسا شەكىلدە ياسالغان، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىلغان قۇرۇلۇش، جەنۇبىي تەرىپىگە ئىشىك قويۇلغان. مۇنارنىڭ ئىچكى تېمى ئەگمە تورۇس شەكىلدە. ئەتراپ مۇھىتىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى تېپىلمىدى. ئىچىگە تام سۈرىتى سىزىلغان.

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارىنىڭ دەۋرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەھلىل ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق X — XI ئەسىرلەرگە تەۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابىسى دەپ بېكىتىلدى.

### 2. بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى ( Ⅱ )

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى تۇرپان شەھرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى تەۋەسىدىكى بۇيلۇق غولىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى

تاغ ئۈستىدە.

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى بۇيلۇقتىكى مېۋە مۇرابىبا زاۋۇتىنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 1.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 1 ــ نومۇرلۇق بۇددا مۇنارىدىن 250 مېتر يىراقلىقتا. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 13′ 50″، شىمالىي پاراللېل 42° 59′ 20″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 180 مېتر ئېگىز.

بۇ بۇددىزم مۇنارى بۇيلۇق غولىنىڭ جەنۇبىدىكى يالقۇنتاغ تىزمىسى ئۈستىدە بولۇپ، شەرقىي تەرەپتىكى بۇددا مۇنارى بىلەن غول ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىدىكى يەر يۈزىنى بىر قات قۇم ــ شېغىل قاتلىمى كۆمۈۋالغان.

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى (Ⅱ) نىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 109 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە ــ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا قەدىمكى بۇددىزم مۇنارى دەپ بېكىتىلدى.

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى (Ⅱ) ئەھۋالى ئاساسەن ياخشى ساقلانغان. مۇنار، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ ياسالغان. مۇنارنىڭ ئۈلى تۆت چاسا شەكىلدە قۇرۇلغان. مۇنارنىڭ ئىچكى قىسمى چاسا شەكىللىك، ئەگمە تورۇسلۇق كەلگەن. جەنۇبىي تەرەپ ئوتتۇرا قىسمىغا ئىشىك ئېچىلغان. تورۇسقا ئېلۇپەر گۈلى نۇسخىسى بىلەن بۇددا سۈرىتى سىزىلغان. سۈرەتلەرنى خېلى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. تۆت تەرەپ تامدىمۇ تام رەسىم ئىزلىرىنى تەخمىنەن كۆرگىلى بولىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى 0.5 مېتر كېلىدۇ.

بۇيلۇق بۇددىزم مۇنارى (Ⅱ) دەۋرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ــ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق X — XI ئەسىرلەردىكى بۇددىزم مەدەنىيەت خارابىسى دەپ بېكىتىلدى.



## 3. تەيزاڭ مۇنارى

تەيزاڭ مۇنارى تۇرپان شەھىرى ئاستانە يېزىسى تەۋەسىدىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1.5 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 3″، شىمالىي پاراللېل 24° 52′ 3″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 40 مېتر تۆۋەن.

تەيزاڭ مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1370 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، تەبىئىي ئايرىمىسى قەدىمكى بۇددىزم مۇنارى دەپ بېكىتىلدى.

تەيزاڭ مۇنارىنىڭ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. مۇنارنىڭ جەنۇبىي ــ غەربىي قىسمى ئېغىر بۇزۇلغان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قىسمىدىن قارىغاندا، شەرقتىن غەربكە يۈزلەندۈرۈلگەن ھالەتتە قۇرۇلغان. تاملارنىڭ كۆپ قىسمى سوقما قىلىپ ياسالغان. مۇنارنىڭ تاملىرىدىكى بۇددا تەكچىلىرىگە ۋە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم تاملارغىلا كېسەك ئىشلىتىلگەن. تېگى قىسمى چاسا شەكىلدە ياسالغان. ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 مېتر، ئېگىزلىكى 30 مېتردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. بۇددا تەكچىلىرى رەتلىك تىزىلغان. شەرقىي تەرەپتىكى تامدا 3 رەت، ئۈستىدە 6، ئوتتۇرىدا 7، تېگىدە 8 بۇت تەكچىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئوڭ تەرەپ ئۈستى بۇرجەكتىكى تەكچىنىڭ ئۈستىدىمۇ تېگى ئاق، يېشىل رەڭدە سىزىلغان رەڭلەرنىڭ ئىزى بار. شىمالىي تامدا ئاستى ــ ئۈستى 2 رەت، ئۈستىدە 4، ئاستىدا 5 بۇددا تەكچىسى بار. مۇنارنىڭ ئىچكى قىسمى غەربىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا 1 مېتر ئېگىزلىكتە، ئۇزۇنچاق ــ چاسا شەكىلدە ئۇزۇنلۇققا قارىتىپ ئېچىلغان ئۇزۇن تورۇسلۇق بىر غار بار. تامدىن ئۆتۈپ كەتكەن (تامنىڭ قېلىنلىقى 13 مېترغا يېتىدۇ). تام ئى-

چىگە ئېلىنغان غارنىڭ ئىچىدە، ئىككى تەرىپىدە يەنە ئىككى تام ئىچىگە ئېچىلغان غار بار. ئىچكىرىسىگە ئۆتۈشۈپ كەتكەن (تامنىڭ قېلىنلىقى 13 مېتر كېلىدۇ).

تەيزاڭ مۇنارىنىڭ دەۋرى نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىدە ساقلانغان دەۋر ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، V — X ئەسىرلەردىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىگە تەۋە خارابىلىك دەپ بېكىتىلدى.

## 4. سىڭگىم ئېغىزى جەسەت مۇنارى

سىڭگىم ئېغىزى جەسەت مۇنارى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە 15 كىلومېتر كېلىدىغان يالقۇنتاغنىڭ ئېگىز يانباغرىغا قۇرۇلغان. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 33′ 7″، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ 20″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 140 مېتر ئېگىز.

بۇ خاتىرە مۇنارلار توپىنىڭ شەرقىي تەرىپى سىڭگىم ئېغىزى تاشيولىدا ۋە مۇرتۇق غولىدا. مۇرتۇق غول سۈيى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. 2 تاشيول تاغنى بويلاپ ماڭىدۇ. غەربىي شىمالىي تەرىپىدە يالقۇنتاغ تىزمىسى بار. جەنۇبىي تەرەپ سىڭگىم ئېغىزىغا تۇتۇشىدۇ. يەر يۈزىنى بىر قات تاشلىق ۋە قۇملۇق قاتلىمى كۆمۈۋالغان. ئېگىزلىكنىڭ شىمالىي تەرىپىي كەڭ، جەنۇبقا قاراپ ئۇزارغانسېرى ئاستا - ئاستا كەڭلىكى 6 مېترلىق تاغ ئارا سۇپا شەكىللىنىپ، تاغ يامزىلىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى جەسەت مۇنارلار توپىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 800 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

بۇ جەسەت خاتىرە مۇنارلىرىنىڭ تەبىئىي ئايرىمىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، تەبىئىي ئايرىمىسى قەدىمكى بۇددىزم مۇنارى دەپ بېكىتىلدى.

بۇ جەسەت خاتىرە مۇنارلىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تازا دېگەندەك



ياخشى ئەمەس. ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان. بۇ يەردە جەمئىي 12 دانە مۇنار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 10 دانىسى تاغنى بويلاپ ياسالغان. 2 دانىسى ئوتتۇرىسىدىكى شىمالغا يانتۇراق كەلگەن جايغا قۇرۇلغان. ئۆرۈلگەن كېسەك ۋە توپا دۆۋىسىگە قارىغاندا، چۆرىسىدىكى 10 دانىسى ئاساسەن ئوخشاش چوڭلۇقتا. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنىڭ چېگرا بەلگىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كېسەك بىلەن تۆت چاسا شەكىلدە قىرلاپ ياسالغان، توپا سۇپا شەكىلدە، توپا سۇپا تاتما شەكىلدە ياسالغان. ئىككى قەۋىتىلا ساقلىنىپ قالغان. پارچە ئېگىزلىكى 0.55 مېتر كېلىدۇ. تېگىنىڭ ئەتراپ ئۇزۇنلۇقى 2.3 مېتر كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 0.3 مېتر كېلىدۇ. 2 - قەۋىتى ئۇزۇنلۇقى 1.4 مېتر كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 0.25 مېتر كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرى سەل چوڭراق بولۇپ، تېگى ئۇزۇنلۇقى 6 مېتر كېلىدۇ. كەڭلىكى 5 مېتر كېلىدۇ. پارچە ئېگىزلىكى 5.1 مېتر كېلىدۇ. ياسىلىش شەكلى ۋە رەت شەكلىدىن قارىغاندا، ئېھتىمال جەسەت كۆلى خاتىرە مۇنارلىرى توپى دەپ قىياس قىلدۇق. (بىراق قەبرىستانلىق ئىكەنلىكى ئېھتىمالىنىمۇ چەتكە قايرىۋەتكىلى بولمايدۇ)

بۇ خاتىرە مۇنارلار توپىنىڭ دەۋرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق VI ئەسىردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەپ بېكىتىلدى.

## 5. كارساڭ بۇددا مۇنارى

بۇ بۇددا مۇنارى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى كارساڭ مەھەللىسى تەۋەسىدىكى ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي بۇرجىكىدە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 30′ 56″، شىمالىي پاراللېل 42° 52′ 55″ تا بولۇپ، بۇ يەر تۈزلەڭلىك، يەر يۈزىدە ئۇششاق قورام تاشلار بار. تېگىدە سەل قېلىنراق بىر قەۋەت قىزىل رەڭلىك يۇمشاق توپا قاتلىمى بار. ئەتراپىدا ئاستانە قەبرىستانلىقى بار. مۇنارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر يېزا يولى بار بولۇپ، ئەۋەت (ئاۋات) كەنتىگە بارىدۇ.

بۇددا مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 81 كۋادرات مېتر

كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا تەبىئىي ئايرىمىسى C.(2)1 ـ بۇددا مۇنارى خارابىلىكى دەپ بېكىتىلدى.

بۇ يەردىن تېپىلغان بۇددا دىنىي قۇرۇلۇشىنىڭ ساقلىنىشى تازا ياخشى ئەمەس. شەرقىي ـ غەربىي ئىككى تەرىپى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. بۇزۇلۇشى خېلى ئېغىر. جەنۇبىي ـ شىمالىي ئىككى تەرىپىدە پارچە ـ پۇرات نۇرغۇن تۆشۈكچىلەر بار. مۇنارنىڭ ئىچكى قەۋىتى ياكى ئۈستىدىكى كېيىنرەك بىلەن ياسالغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ، بۇزۇلۇپ كەتكەن، ھەتتا پەرق قىلغىلىمۇ بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئەسلى قىياپىتىنى كۆرمەك تېخىمۇ تەس.

بۇددا مۇناردا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەدەنىيەت پارچە ـ پۇرات تاملار، سىرتقى تاملارنىڭ ئىچكى قىسمى سوقما قىلىپ ياسالغان. تاملارنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 0.90 مېتر كېلىدۇ. سوقما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىغى تەخمىنەن 0.10 مېتر كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 9 مېتر كېلىدۇ. ئىچكى قەۋىتىدىكى كېسەكلەر 12 cm×26×36 كېلىدۇ. قىزىل رەڭلىك يۇمشاق توپىدا سۇۋالغان يۈزى بار. قۇرۇلۇشىنىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ تېگىدە بىر قەبرە يولى ئاشكارىلىنىپ قالغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 24 مېتر كېلىدۇ. كەڭلىكى تەخمىنەن 1.6 مېتر يانتۇلۇقتا قەبرىنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتكەن. شىمالىي تەرىپىدىمۇ بىر قەبرە يولى بار. كەڭلىكى 0.90 مېتر كېلىدۇ. يانتۇلۇق چوڭقۇرلاپ 4 مېتر تىرەنلىككە چۈشىدۇ. ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى قوغداش خادىمىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشنىڭ تېگىدىن 4 دانە قەبرە تېپىلغان. تاملارنىڭ پارچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتر كېلىدۇ.

بۇ بۇددا مۇنارىنىڭ دەۋرى مۇناردىكى دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە ئەتراپىدىكى قەبرىلەرگە ۋە قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن VI ئەسىرگە تەۋە قۇرۇلۇش دەپ بېكىتىلدى.



## 6. ئاستانە بۇددىزم مۇنارى

ئاستانە بۇددىزم مۇنارى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى كارساڭ مەھەللىسى تەۋەسىدە. شىمالىي تەرەپتىكى سىڭگىم ئېغىزى بىلەن ئارىلىقى 3 كىلومېتر كېلىدۇ. جەنۇبىي تەرەپتە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 4 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 7″، شىمالىي پاراللېل 42° 53′ 31″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1.2 مېتر ئېگىز.

ئاستانە بۇددىزم مۇنارى ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۈپتۈز كەتكەن سايلىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇنارنىڭ ئەتراپىدا قوچۇ دەۋرىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق رايونى بار.

ئاستانە بۇددىزم مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 18.87 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا ئاستانە بۇددىزم مۇنارى قەدىمكى قۇرۇلۇش (قەدىمكى مۇنار) دەپ بېكىتىلدى.

ئاستانە بۇددىزم مۇنارىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. بۇ مۇنار ئەسلىدە سوقما قىلىپ ياسالغان بولۇپ، سوقما قاتلىمى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن پارچە ئېگىزلىكى 7 مېتر كېلىدۇ. تېگى قىسمىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 5.10 مېتر كېلىدۇ. تېگى قىسمىدىن ئۈستى تەرەپكە قاراپ ئېگىزلەپ بارغانسېرى ئىچىگە تارتىلغان. شەكلى پەلەمپەي تۈسىگە كىرگۈزۈلگەن. كىشىلەرنىڭ تېگى قىسمىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى كېيىنرەك بىلەن رېمونت قىلىپ، چىرايلىق ياساپ قويغان.

ئاستانە بۇددىزم مۇنارىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان مۇنارنىڭ ئۆز گەۋدىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، بۇ بۇددىزم مۇنارىنىڭ دەۋرى VI ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 7 . ئاۋات بۇددىزم مۇنارى

ئاۋات بۇددىزم مۇنارى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى تەۋە-سىدىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 3 كىلومېتر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 84° 27′ 9″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 52′ 42″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 52 مېتر تۆۋەن .

ئاۋات بۇددىزم مۇنارى پۈتۈنلەي ئېتىزلىق بىلەن قورشالغان . مۇنارنىڭ 100 مېتر جەنۇبىدا شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بىر قارامايي يولى بار . غەربىي تەرەپ 50 مېتر كېلىدىغان يەردە بىر دانە ماشىنىلاشقان قۇدۇق ئۆيى بار .

ئاۋات بۇددىزم مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 36 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

ئارخېئولوگىيە ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە تۇرگە ئايرىغاندا ، تەبىئىي ئايرىمىسى ، قەدىمكى دەۋر بۇددىزم مۇنارى دەپ بېكىتىلدى .

بۇ بۇددا مۇنارىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس . بۇزۇلۇشى ئېغىر ، بۇ مۇنارنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدە قورۇق تام بار . شىمالىي تەرىپىدە قورۇق تام شەكلىدە ياسالغان ، مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي بار . مۇنارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى چاسا شەكىلدە . مۇنارنىڭ ئۇلى 6 مېتر ، هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان پارچە ئېگىزلىكى 3.7 مېتر ، كېسەك بىلەن قىرلاپ ياسىغان . كېسەكلەر 0.9 × 0.35 × 0.18 مېتر كېلىدۇ .

ئاۋات بۇددا مۇنارىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ، مۇنارنىڭ دەۋرى VI ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .

## 8 . غوجامبۇلاق بۇددا مۇنارى

غوجامبۇلاق بۇددا مۇنارى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى مۇرتۇق مەھەللىسى بەشخا مىڭئۆيىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە



تەخمىنەن 1 كىلومېتر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 31′ 4″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 58′ 57″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 240 مېتر ئېگىز .

غوجامبۇلاق مۇنارى يالقۇنتاغ تىزمىسىدىكى بىر ئېگىزلىك ئۈستىدە ، شەرقىي جەنۇبقا 200 مېتر كېلىدىغان جايدا غوجامبۇلاق ئوت تۇرى بار . شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپى كەڭ تۈزلەڭلىك . شەرقىي تەرىپىدە بىر كىچىك يول بار . مۇرتۇق دەرياسى بىلەن ئارىلىقى 1 كىلومېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ . ئېگىزلىكنىڭ ئۈستى تەرىپى شەرقىي ـ شىمالىي گەۋدىلىكرەك . يەر يۈزى بىر قات قۇم ـ شېغىل قاتلىمى بىلەن كۆمۈلگەن .

غوجامبۇلاق بۇددا مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 160 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا ، تەبىئىي ئايرىمىسى قەدىمكى مۇنار دەپ بېكىتىلدى .

غوجامبۇلاق بۇددا مۇنارىنىڭ گەۋدىسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي يېرىمى ئېشىپ قالغان . مۇنار تۆرۈك پەلەمپەي شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن ، ئېگىزلىكى 2.3 مېتر كېلىدۇ . تېگى قىسمىنىڭ ھەجمى 2.6 مېتر كېلىدۇ . تامىنىڭ قېلىنلىقى 0.75 مېتر كېلىدۇ . كېسەك بىلەن ياسالغان . سىرتقى قىسمىغا سامانلىق لاي سۇۋالغان . چوڭقۇر ۋە چوقچىيىپ چىققان ئىزلار بار . غەربىي تەرىپى ئېگىزلىكنىڭ قىرغىقىدىكى بىر ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى قورشاۋ تامغا يۆلەپ ياسالغان . كەينى تەرىپى بىر قەدىمىي تۇرالغۇ خارابىسى ، ئۇزۇن ـ چاسا شەكىللىك . ئۇزۇتىغا تورۇسلۇق شەكىلدە . ئۆينىڭ تورۇسمۇ كېسەكتىن ياسالغان . تاملىرى سوقما قىلىپ ياسالغان . سىرتقى قىسمىغا سامانلىق لاي سۇۋالغان . ئۇزۇنلۇقى 5.5 مېتر ، كەڭلىكى 3.7 مېتر ، ئېگىزلىكى 3 مېتر كېلىدۇ . تامنىڭ قېلىنلىقى 0.45 مېتر كېلىدۇ ، يۈزى تەپتەكشى .

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق غوجامبۇلاق بۇددا مۇنارىنىڭ دەۋرى X — XI ئەسىرگە تەۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى خارابىسى دەپ بېكىتىلدى .

## VII بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى

### 1 . سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى ( I )

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، سىڭگىم ئېغىزى تاشيول چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ″50 ′33 °89، شىمالىي پاراللېل ′55 °42 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 60 مېتىر ئېگىز.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ يەر شارائىتى ئۆزگىچە. بۇددىزم ئىبادەتخانىسى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي يامىزلىدىكى بىر پارچە سەل تۈز كەلگەن ئېگىزلىككە جايلاشقان. كەينى تەرىپى تاغقا يۆلىنىپ تۇرىدۇ. مۇرتۇق دەرياسىغا يۈزلىنىدۇ. ئىبادەتخانىدىكى زال ( تاۋاپخانا ) قۇرۇلۇشى ناھايىتى ھەيۋەتلىك، كىچىكرەك بىر شەھەرگە ئوخشايدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 7450 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۇرگە ئايرىغاندا تەبىئىي ئايرىمىسى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى دەپ بېكىتىلدى.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. بۇزۇلۇشى ئېغىر، ئوتتۇرىدىكى تاۋاپخانا ۋە ھويلا تېمىنى سەل پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ( بوران ـ يامغۇرنىڭ ) دىن سىرت يەنە ئاساسەن، لاي ـ لاتقىلارنىڭ ئېقىتىشى خېلى ئېغىر. ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر كېلىدۇ. كەڭلىكى 74.5 مېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇردىكى زالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر كېلىدۇ، كەڭلىكى 8 مېتىر كېلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. زالنى كېسەك



بىلەن قىرلاپ ياسىغان. كېسەك 0.10 × 0.20 × 0.38 مېتىر كېلىدۇ. سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى ئىككى كىچىك غار ئىچىدە، تام سۈرىتى بار ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن خاتىرىلەر بار.

بۇ ئىبادەتخانىنىڭ سول تەرىپىدىن بىر دانە ياغاچ ئويما تېپىلغان.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغاندا، تام سۈرەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋاقتى ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى خانلىقى دەۋرىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە دەپ بېكىتىلدى.

### 2 . سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسى ( II )

سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى سىڭگىم ئېغىزى تاشيول چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 700 مېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ″50 ′33 °89، شىمالىي پاراللېل ′55 °42 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 60 مېتىر ئېگىز.

بۇددا ئىبادەتخانىسى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي يانتۇلۇقىدىكى بىر پارچە تۈزگە بىنا قىلىنغان. شىمالىي تەرىپى تاغقا يۈزلەنگەن بولۇپ، مۇرتۇق دەرياسىغا قاراپ تۇرىدۇ. قۇرۇلۇش كۆلىمى ئىبادەتخانا ( I ) دىن كىچىكرەك.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 2500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، تاشكېمىر ئىبادەتخانىسى دەپ بېكىتىلدى.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس. پۈتكۈل ئىبادەتخانا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ئاساسلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئېنىق پەرق قىلغىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانا ئىچىدىكى

## VII بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى

### 1 . سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى ( I )

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، سىڭگىم ئېغىزى تاشيول چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 500 مېتر كېلىدۇ: بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 33′ 50″، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 60 مېتر ئېگىز.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ يەر شارائىتى ئۆزگىچە. بۇددىزم ئىبادەتخانىسى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي يامىزلىدىكى بىر پارچە سەل تۈز كەلگەن ئېگىزلىككە جايلاشقان. كەينى تەرىپى تاغقا يۆلىنىپ تۇرىدۇ. مۇرتۇق دەرياسىغا يۈزلىنىدۇ. ئىبادەتخانىدىكى زال ( تاۋاپخانا ) قۇرۇلۇشى ناھايىتى ھەيۋەتلىك، كىچىكرەك بىر شەھەرگە ئوخشايدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 7450 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا تەبىئىي ئايرىمىسى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى دەپ بېكىتىلدى.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. بۇزۇلۇشى ئېغىر، ئوتتۇرىدىكى تاۋاپخانا ۋە ھويلا تېمىنى سەل پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ( بوران - يامغۇرنىڭ ) دىن سىرت يەنە ئاساسەن، لاي - لاتقىلارنىڭ ئېقىتىشى خېلى ئېغىر. ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتر كېلىدۇ. كەڭلىكى 74.5 مېتر كېلىدۇ. ئوتتۇرىدىكى زالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 مېتر كېلىدۇ، كەڭلىكى 8 مېتر كېلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. زالنى كېسەك



بىلەن قىرلاپ ياسىغان. كېسەك 0.10×0.20×0.38 مېتر كېلىدۇ. سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى ئىككى كىچىك غار ئىچىدە، تام سۈرىتى بار ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن خاتىرىلەر بار.

بۇ ئىبادەتخانىنىڭ سول تەرىپىدىن بىر دانە ياغاچ ئويما تېپىلغان.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغاندا؛ تام سۈرەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋاختى ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى خانلىقى دەۋرىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە دەپ بېكىتىلدى.

### 2 . سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسى ( II )

سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى سىڭگىم ئېغىزى تاشيول چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 700 مېتر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 33′ 50″، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 60 مېتر ئېگىز.

بۇددا ئىبادەتخانىسى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي يانتۈلۈقىدىكى بىر پارچە تۈزگە بىنا قىلىنغان. شىمالىي تەرىپى تاغقا يۈزلەنگەن بولۇپ، مۇرتۇق دەرياسىغا قاراپ تۇرىدۇ. قۇرۇلۇش كۆلىمى ئىبادەتخانا ( I ) دىن كىچىكرەك.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 2500 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، تاشكېمىر ئىبادەتخانىسى دەپ بېكىتىلدى.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس. پۈتكۈل ئىبادەتخانا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ئاساسلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېنىق پەرق قىلغىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانا ئىچىدىكى

چوڭ تىلاۋەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18.4 مېتر كېلىدۇ. كەڭلىكى 14.5 مېتر كېلىدۇ. هويلا ئىچىدە جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ ياسالغان ئۆيلەردىن بىر نەچچىسى بار. هويلا ئىشىكى غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان. ئۇدۇلدىكى زالنىڭ سول تەرىپىدە ئۇچ ئېغىز موڭغۇل قۇببىسى شەكلىدە ياسالغان ئۆي بار. بۇلارنىڭ ئىككىسىدە تۇرخۇن بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئېغىز كېمىر ئۆي شەكلىدە ياسالغان ئۆي بار. هويلىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە بىر ئېغىز چوڭ ئۆي بار، بۇ ئۆينىڭ تورۇسى يۇمىلاق. پۈتكۈل ئۆي خارابىلىرىنىڭ هەممىسى كېسەكتە ياسالغان. سىرتقى تامنىڭ قېلىنلىقى 1.2 مېتر، ئۇدۇلدىكي زالنىڭ تاملىرىنىڭ قېلىنلىقى 1.4 مېتر كېلىدۇ. ئەڭ ئېگىز يېرى 7 مېتر كېلىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن يۇڭ ۋە پاختا توقۇلما بۇيۇم پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تېپىلدى.

يۇڭ ـ پاختا توقۇلما بۇيۇمى (ئۇچ بۇرجەك شەكلىدە) قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەۋرىشكىلىرى يىغىۋېلىنغان. بۇ بۇيۇمنىڭ بەل قىسمى ئۇزۇنلۇقى 0.34 مېتر، تېگى تەرىپى ئۇزۇنلۇقى 0.53 مېتر، بۇرجىكى ئەگمە شەكىلدە بولۇپ، ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنگەن. ئىچىگە بىر نەرسە قويۇپ ئىشلەتكەنلىكى ئېهتىمال، سىرتي كۆك رەڭدە، توقۇلۇشى ئاستى ـ ئۈستىگە تەكشى يوللۇق، كۆپ قىسمى يامالغان.

بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قۇرۇلۇش گەۋدىسىدىكى ئالاهىدىلىكلەرگە ئاساسەن، تەهلىل ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سىڭگىم ئېغىزى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋاختى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە دەپ بېكىتىلدى.

## سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيى ( Ⅲ )

سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيى تۇرپان شەهىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، جەنۇبي تەرىپىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ئىبادەتخانىغا 200 مېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 33′ 50″، 42° 55′ تا بو-



لۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 60 مېتر تۆۋەن.

3 ـ نومۇرلۇق مىڭئۆي تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، مۇرتۇق دەرياسىغا قاراپ تۇرىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى بۇددىزم مىڭئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 200 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، تاشكېمىر ئىبادەتخانىسى (مىڭئۆي ئىبادەتخانىسى) دەپ بېكىتىلدى.

بۇ مىڭئۆي بۇزۇۋېتىلگەن. پەقەت قىسمەن تاملىرىلا قېپقالغان. ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېگىز ئۆيلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر غار بار. تام سۈرەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن. بىراق، بىر پەرىشتىنىڭ ساز چېلىۋاتقان ئوبرازىنى سەل ـ پەل پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بىر قولىدا چوڭ قىلىچ تۇتۇپ، ناهايىتى غەزەپلەنگەن قىياپەتتە تۇرغان تۆت قوللۇق بىر ئەسكەرنىڭ سۈرىتى بار. غارلار كېسەك بىلەن ياسالغان. كېسەكلەرنىڭ هەجمى 9×18×38 cm كېلىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيىنىڭ ۋاختى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى خانلىقى دەۋرىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە دەپ بېكىتىلدى.

## 4. سىڭگىم ئېغىزى دىنىي خارابىسى

سىڭگىم ئېغىزى دىنىي خارابىسى تۇرپان شەهىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى تەۋەسىدىكى سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرىپىگە 700 مېتر كېلىدىغان يالقۇنتاغنىڭ بىرىكىدىغان يېرىدە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 33′ 44″، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ 23″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 135 مېتر ئېگىز.

سىڭگىم ئېغىزى دىنىي خارابىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە مۇرتۇق دەرياسى بار. يېنىدا تاغنى بويلاپ غەربكە قاراپ سوزۇلغان ئىككى تاشيول بار. غەربىي ـ شىمالىي ئىككى تەرىپىدە يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ تاغ چوققىلىرى بار. جەنۇبىي تەرىپىدە سىڭگىم ئېغىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يەر يۈزىنى بىر قەۋەت تاش ـ شېغىللار كۆمۈۋالغان.

سىڭگىم ئېغىزى دىنىي خارابىسى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 890 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە ـ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، سىڭگىم ئېغىزى دىنىي خارابىسىنىڭ تەبىئىي ئايرىمىسى خارابىلىك دەپ بېكىتىلدى.

بۇ دىنىي خارابىلىك ئاساسەن ساق ساقلىنىپ قالغان. چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەكىلدىكى قارا رەڭلىك تاشلار بىلەن قورشاپ، ئۇزۇنلۇقى 44.6 مېتىر، كەڭلىكى 43 مېترلىق ئۇزۇن چاسا شەكىللىك تاشقى قورۇق تام شەكىللەنگەن. شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە ئىشىك ئېچىلغان. ئوتتۇرىسىدا ھەجمى 4.4 مېتىر كېلىدىغان تاش دۆۋىسى بار. تاش دۆۋىسىنىڭ سىرتقى قىسمىدا تاش قورۇق تام بار. سىرتقى تەرەپنىڭ ھەممىسىدە شالاڭ تاش دۆۋىلىرى بار. قەبرىگە ئوخشايدۇ. پۈتكۈل خارابىلىكنىڭ سىرتقى قىسمىنى كۆزەتكەندە، بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قىلىنغان بىر دىنىي ئىبادەتخانىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. بۇ خارابىلىكنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا دىنىي خارابىلىكنىڭ خەرىتىسى سىزىۋېلىندى.

خارابىستانلىقتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، سىڭگىم ئېغىزى دىنىي خارابىسىنىڭ دەۋرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە خارابىلىك دەپ بېكىتىلدى.

## VIII مازارگاھلىقلار

### 1. خېزىر خوجا مازىرى

خېزىر خوجا مازىرى تۇرپان شەھرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسى تەۋەسىدىكى يەمشى مەھەللىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە. تۇزلۇق تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي



مېرىدىئان 89° 3′ 11″، شىمالىي پاراللېل 42° 54′ 36″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 57 مېتىر تۆۋەن.

خېزىر خوجا مازىرى ( يەرلىك ئاھالىلەر ئالتۇنلۇق دەپ ئاتايدۇ ) يەر شەكلى تۈز، مازارلىقنىڭ ئالدى تۈز كەتكەن سايلىق. كەينى تەرىپى تېرىلغۇ ئېتىزى، بىر كىچىك ئېقىن غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا مازارلىقنىڭ ئالدى بىلەن ئېقىپ ئۆتىدۇ. مازارگاھلىقنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە ئوڭ تەرىپىنىڭ ھەممىسىدىلا كىچىك قەبرىستانلىقلار بار.

بۇ دىنىي خارابىلىكنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 420 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، تەبىئىي ئايرىمىسى قەدىمىي قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

مازارگاھنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس. مازار يۇمىلاق تورۇسلۇق بولۇپ، ھازىر ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ئالدىنقى سەيناسىنىڭ ئوڭ تەرەپ تاملىرى ئېغىر بۇزۇلغان. ئەسلىدىكى گۈمبەز ئەتراپىغا قويۇلغان مۇنار تۈۋرۈكىدىن بىردانىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. مۇنارنىڭ تېگى قىسمى ئۆي، ئەسلىدىكى سۇپا قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن. مازار شەرقتىن غەربكە 28 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 15 مېتىر كېلىدۇ. ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى شەرقتىن غەربكە 21 مېتىر، ئالدى كەڭلىكى 10 مېتىر، كەينى تەرەپ كەڭلىكى 14 مېتىر كېلىدۇ. ئەگمىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ھەجمى 9.5 مېتىر كېلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى 2.1 مېتىر كېلىدۇ. ئالدى ئىشىكتىن ـ كەينى ئىشىككىچە كەڭلىكى 20.5 مېتىر كېلىدۇ. ئالدىنقى ھويلىنىڭ ئالدى ـ كەينى ئىشىكى 6 مېتىردىن كېلىدۇ. تامنىڭ قېلىنلىقى 1.1 مېتىر كېلىدۇ. قۇرۇلۇشتىن 7 مېتىر ئۇزۇن.

مازارگاھلىقتىكى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا ئەسلىدە بار بولغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، خېزىر خوجا مازارگاھلىقنىڭ دەۋرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش دەپ بېكىتىلدى.

## 2 . پاقلىق ئانجان خوجام مازىرى

ئانجان خوجام مازىرى تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 5′ 18″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 5′ 47″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 87.5 مېتىر تۆۋەن .

مازارگاھلىق كەڭ كەتكەن سايلىقتا ئورۇنلاشقان . شەرقىي تەرىپى 500 مېتىر كېلىدىغان يەردە بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار . بىر يېزا يولى غەربىي تەرىپىدىن ئۆتىدۇ . ئالدى تەرەپتە بىر قۇرۇق ئېرىق بار . قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىنىڭ ئوڭ قېتىدا ئۇيغۇرلار قەبرىستانلىقى بار .

ئانجان خوجام مازىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 847 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

ئانجان خوجام مازىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ، ئاساسلىق قۇرۇلۇش گەۋدىسى خېلى ياخشى ساقلانغان . ئالدى تەرەپتىكى قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن . بۇ مازارگاھلىق غەربتىن شەرققە يۈزلەندۈرۈلۈپ جايلاشتۇرۇلغان . شەرقتىن غەربكە 38.5 مېتىر كېلىدۇ . جەنۇبتىن شىمالغا 22 مېتىر كېلىدۇ . يۇملاق تورۇسلۇق ئۆي ئىچىدە ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتە ئىككى ئېغىز سەل كىچىك يۇملاق تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان ئۆي بار . ئالدىنقى يېرىمى ئۆي ، ئالدى تەرەپتىكى ئۆيلەردىن ئۆتۈپ ئاندىن قەبرە قويۇلغان ئۆيگە كىرىدۇ . قۇرۇلۇشلىرى سەل يىرىك . ئاساسلىق قەبرە ئۆيى ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدە ھەممىسىلا ھازىرقى زاماندىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد پائالىيىتى داۋامىدا قالدۇرۇپ كەتكەن داكا قاتارلىق بۇيۇملار بار . ھەر خىل يېمەكلىك ۋە يوغان مۇڭگۈزلۈك قوي بېشى قاتارلىق بۇيۇملارمۇ بار .

مازارگاھلىقتا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەدەنىيەت قالدۇقلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جانان چىنە چاقچۇقلىرى بار .

مازارگاھلىقتىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جانان چىنىدىن بىر دانىسى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان .



مازارگاھلىقنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا ، مازارگاھلىقنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ، XIX — XIV ئەسىرلەرگىچە داۋاملىق قۇرۇلغان ، كېڭەيتىلگەن ۋە ئىشلىتىلگەن دەپ قارالماقتا .

## 3 . شېھىت بۇزرۇكۋار غوجام مازىرى

شېھىت بۇزرۇكۋار غوجام مازىرى تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىسى جاڭزا كارىزىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 3 كىلومېتىر كېلىدىغان جاڭگاللىق ئارىسىدا ، بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 6′ 47″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 20″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 94مېتىر تۆۋەن .

شېھىت بۇزرۇكۋار غوجام مازىرى بىر پارچە سايلىقتا جايلاشقان . بوران يالاپ ، ئۇچۇرتۇپ ناھايىتى ئېغىر ۋەيران قىلىنىۋەتكەن . قىيان سۈيى كېلىپ شەكىللەنگەن ئېرىقچە ، غول ، جىرالارمۇ بار .

شېھىت بۇزرۇكۋار غوجام مازىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

شېھىد بۇزرۇكۋار غوجام مازىرى تازا دېگەندەك ياخشى ساقلانمىغان . ئەسلىدىكى يۇملاق تورۇسلۇق مەقبەرە ئۆرۈلۈپ كەتكەن . يەرلىك ئاھالىلەر قايتىدىن يەنە قىزىل رەڭلىك خىش بىلەن بۇ قەبرە خاتىرە ئۆيىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن . مازار شەرققە قارىتىپ ياسالغان . بۇ ئېھتىمال دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن . يۇملاق تورۇسلۇق ئۆينىڭ كەينىدە ياغاچ بىلەن جاھازلانغان لەمپە بار . ئالدى تەرەپتە كېسەك بىلەن ياسىغان ئۆيلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار . ئالدىنقى رەت ئوڭ تەرەپتە بىر يۇملاق تورۇسلۇق قىلىپ قاتۇرۇلغان بىر قەبرە بار .

بۇ غوجام مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى شەرقتىن غەربكە 28.5 مېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا 14.6 مېتىر كېلىدۇ . مازار ئەتراپىدىكى سايلىق ئەسلىدە بىر پارچە قەبرىستانلىق ئىدى . بوران قەبرە توپىلىرىنى ئۇچۇرتۇپلا قالماي ، يەر يۈزىنى ئۇچۇرتۇپ ، چوڭقۇر ھاڭلارنى شەكىللەندۈرگەن .

بورانىنىڭ ئۇچۇرتۇشى ئېغىر بولغان يەرلەردە جەسەتلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ئېچىلىپ، سىرتقا چىقىپ قالغان. ئېچىلىپ قالغان جەسەتلەر ماتا بىلەن ئوراپ قويۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ياشلىق بىر بالىنىڭ جەسىتى بۇزۇلماي ساق ساقلىنىپ قالغان. قەبرىلەر ناھايىتى رەتلىك.

مازارلىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تەخمىنەن ئون نەچچە قەبرە ئېچىلىپ قالغان ھەمدە جەسەت ئۇستىخانلىرى سىرتقا چىقىپ قالغان.

شېھىت بۇزرۇكۋار غوجام مازىرىدىن قىزىل رەڭلىك يىرىك قۇم ساپال، قاچا قۇلىقى، بىر دانە چېقىلىق پۇل قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەۋرىشكىلىرى يىغىۋېلىنغان.

بۇ مازارنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش، مازارلىقتىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق بۇ مازارنىڭ ياسالغان دەۋرى X IV ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 4. سەيدىخان غوجام مازىرى

سەيدىخان غوجام مازىرى تۇرپان شەھىرى يار يېزىسى سەيدىخان مەھەللىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قارا تاغقا 1كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 20″ 7′ 89°، شىمالىي پاراللېل 23″ 55′ 42° تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 20 مېتر تۆۋەن.

مازار سەيدىخان مەھەللىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يانتۇلۇققا جايلاشقان. يانتۇلۇقنىڭ تۆۋىنى سەيدىخان مەھەللىسى. مەھەللىدىكى ئاھالىلەر ناھايىتى قويۇق ئولتۇراقلاشقان. مەھەللىنى قويۇق ئورمان قاپلاپ تۇرىدۇ. يانتۇلۇقتا بىر ئائىلىلىك ئادەم بار. قەبرىلەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە كارىز سۈيى بار، توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ.

سەيدىخان غوجام مازىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 100 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

سەيدىخان غوجام مازىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس. مازارنىڭ ئەسلىدىكى قورۇلۇشى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر يەنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ، مازار رايونىنى قوغداشنى



داۋاملىق كۈچەيتكەن. ھازىر بۇ مازارلىقتا ئىككى قەبرە ساقلىنىپ قالغان.

مازاردىكى شەيخ ئەخمەت ئىمىن دېگەن كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، مازار ئەسلىدە سەيدىخان غوجام ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ مەقبەرىسى ئىكەن.

بۇ مازارلىقتا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت مەھەللىنىڭ شىمالىدا پارچە ـ پۇرات قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپاللار بار.

سەيدىخان غوجام مازىرىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىغا ۋە مازاردىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق دەۋرى X IV ئەسىرگە تەۋە مازارلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 5. جاي غوجام مازىرى

جاي غوجام مازىرى تۇرپان شەھىرى يار يېزىسى جاي مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 300 مېتر كېلىدۇ.

مازارلىق سودا بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى بىلەن تۇتاشقان. يارغول مېھمانخانىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 300 مېتر كېلىدۇ. مازار 1.5 مېتر كېلىدىغان سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك ئۈستىدە. مازارلىقنىڭ ئەتراپى مەھەللە ۋە سەي يېرى، تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن ئورالغان. مازارلىقنىڭ غەربىي تەرىپىدە تەخمىنەن 60 مېتر كېلىدىغان يەردە بىر تال جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان يېزا يولى بار. مازارلىقنىڭ يېنىدا ناھايىتى يوغان، ھەيۋەت، كۆركەم كەلگەن بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار.

مازارلىقنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 600 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

جاي غوجام مازىرى ئاساسەن پۈتۈن ساقلىنىپ قالغان. مازارلىقنىڭ غەربىي قىسمى يەر ئېچىلىپ كۆكتات يېرى قىلىنغان. جەنۇبىي تەرىپىگە بىر ئازگال چوڭ ھەم چوڭقۇر قىلىپ قېزىلغان. بۇ يەردىكى قەبرىلەر ئېچىلىپ قالغان. بۇ مازارلىقتا ئىككى گۈمبەز بولۇپ، ئىچىدە

بىرىنىڭ بىر بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ئاساسىي گۈمبەز بىلەن يەنە
بىر قىسىم قوشۇمچە قۇرۇلۇشلار ئاساسەن ساق ساقلىنىپ قالغان.
مازارلىقتىكى گۈمبەزلەرنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6 مېتر كېلىدۇ.
جاي غوجام مازىرىنىڭ ئىچىدىكى بۇ گۈمبەزلەرنىڭ ئومۇمىي
كۆلىمى تەخمىنەن 150 كۋادرات مېتر كېلىدۇ. بۇ يەردە لايدا ياسالغان
پارچە – پۇرات قىزىل ساپاللار بارلىقى بايقالدى. چىڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى چاقچۇق پارچىلىرىمۇ سىزىلدى. يەنە بىر دانە مىللىي تۇس-
تىكى ساپال چىراغ بار. ئەتراپىدا يەنە دىنىي پائالىيەت ۋاقتىدا قالدۇرۇپ
كەتكەن خاتىرە بۇيۇملىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈش – تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جاي
غوجام مازىرىنىڭ دەۋرى X VI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ دەپ
بېكىتىلدى.

### 6. تۇرپان شاھلىقى قەبرىگاھلىقى

تۇرپان شاھلىقى قەبرىگاھلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى
تەۋەسىدىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ غەربىي – شىمالىي تەرىپىگە
تەخمىنەن 2 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. بۇ يەر شەرقىي
مېرىدىئان 89° 30′ 47″، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 40″ تا بو-
لۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 44 مېتر تۆۋەن.

شاھلىق قەبرىگاھلىقىنىڭ يەر شارائىتى، قەبرىستانلىق ئالتۇنلۇق
قەبرىستانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەربىي – جەنۇبىي بۇرجىكىدە.
ئەتراپى سانسىزلىغان باشقا قەبرىستانلىقلار بىلەن قورشالغان.

تۇرپان شاھلىقى قەبرىگاھلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر
كۆلىمى 150 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

تۇرپان شاھلىقى قەبرىگاھلىقىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى
تازا ياخشى ئەمەس. ئاساسلىق قەبرە گۈمبىزىنىڭ غەربىي – جەنۇبىي
قىسمى تامامەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىۋاتقان زور قىسمىدىن
قارىغاندا، قەبرىگاھلىق زور ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5



مېتىردىن ئاشىدۇ. تام ئۇلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12مېتر كېلىدۇ. قېلىن-
لىقى 1.6 مېتر كېلىدۇ. ئىچى چاسا شەكىللىك يۇملاق تورۇسلۇق
ئۆي. تۆت تەرەپتىكى تېمىنىڭ ئۈستى يېرىمىغا، شىپقا سۈرەت سىزىل-
غان. ئوت – چۆپ، گۈل – گىياھ، قوغۇن – تاۋۇز، ھەدىس – ئايەت،
بېغىشلىما قاتارلىق ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىن-
غان. رەڭگى ئوچۇق، كۆركەم (ئىچىدە 6 مەقبەرە بار بولۇپ، تورۇسىغا
دەز كەتكەن). يامغۇر سۇلىرى كىرىپ، گۈمبەزنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى
ئۆرۈۋەتكەن. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن باشقا تاملاردا ئوچۇق رەڭ بار
ھەمدە پارچە ھويلا تېمىمۇ بار. بۇ ئەھۋاللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
ئەسلىدە قەبرىگاھلىقنىڭ ئالدى قىسمىدا يەنە بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار
بولغان.

پۈتكۈل ئالتۇنلۇق قەبرىگاھلىقنىڭ كۆپ يەرلىرىدە پارچە – پۇرات
تاملار بار. سوقما تاملارنىڭ ئىچىدىن كۆل رەڭ ساپاللارنى ئۇچراتقىلى
بولىدۇ. بۇلارنىڭ قەبرىگاھلىق شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىكى دەۋر بۇيۇم-
لىرى ئىكەنلىكى مەلۇم.

تۇرپان شاھلىقى مازارگاھلىقىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا
بايقالغان بۇيۇملاردىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە قەبرە گۈمبىزىدىكى ئالاھىدى-
لىكلەرگە ئاساسەن، دەۋرى X IX ئەسىردىن X X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا
قەدەر مەزگىلگە تەۋە قۇرۇلۇش دەپ بېكىتىلدى.

## VIII قەدىمىي تۇرالغۇ ئىز – خارابىلىرى

### 1. قەدىمىي مەھەللە خارابىسى

قەدىمىي مەھەللە خارابىلىكى يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ جەنۇ-
بىغا تەخمىنەن 1 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە. شىمالدىن غەربكە قىيپاش
50° قا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 2′ 53″،
شىمالىي پاراللېل 42° 57′ 18″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 75 مېتر ئېگىز.

قـەدىمـىـي مەھەللە خارابىسى تەپتەكشى تۈزلەڭ بولۇپ ، ئالدى ۋە
كەيـنـى تـەرىـپـىـدە چـوڭـقـۇرغول بار . ئۆزگىچىلىكى كۆچلۈك ئالاھىدە
جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان .
قـەدىـمـكـى مەھەللە خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى
تەخمىنەن 250 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .
بـۇ قـەدىـمـكـى مـەھەلـلـە خـارابـىـسىدە بەزى تاملارنىڭ ئۇللىرى
سـاقـلىنىپ قالغان . تام جەنۇبتىن شىمالغا 23 مېتر ، شەرقتىن غەربكە 16
مـېتر كېلىدۇ . تامنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 1 مېتر كېلىدۇ . تۇرالغۇ ئۆيدە
پـەقـەت بىر پارچە چاسا شەكىللىك ئازگاللا قېپقالغان . ئازگالنىڭ يان تەـ
رەپ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتر كېلىدۇ . ئىشىكنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتر كېلىدۇ .
بۇ مەھەللە خارابىلىكىنى نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا
تـېـپـىـلـغـان مـەدەنـىـيـەت يـادىـكـارلـىـقـلىرى بۇيۇملىرىغا ۋە قۇرۇلۇش
ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دەۋرى III — VI ئەسىرگىچە دەپ بېكىتىلدى .

## 2 . سىڭگىم ئېغىزى قۇرۇلۇش خارابىسى

سـىـڭـگـىـم ئېغىزى قۇرۇلۇش خارابىسى تۇرپان شەھىرى سىڭگىم
يـېـزىـسى تەۋەسىدىكى سىڭگىم ئېغىزى مىڭئۆيىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 700
مېتر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 33′ 50″ ، شىمالىي پاراللېل
42° 55′ 8″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 110 مېتر ئېگىز .
بـۇ قـۇرۇلۇش خارابىسىنىڭ يەر شارائىتى تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن
ئورالـغان . شەرقىي يانباغرىدىن مۇرتۇق دەرياسى بىلەن ئىككى يول غولنى
بـويلاپ كېسىپ ئۆتىدۇ . شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە سىڭگىم ئېغىزى سۇـ
يـىـسـى بـار . يـەر يـۈزى قاتلىمى قۇم ـ شېغىل ، توپىلار بىلەن كۆمۈلۈپ
كەتكەن .
سـىڭگىم ئېغىزى قۇرۇلۇش خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆـ
لىمى 8 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .
سىڭگىم ئېغىزى قۇرۇلۇش خارابىسى ئەسىرلەر داۋامىدا تەبىئەتنىڭ
بـۇزغـۇنـچـىـلىقلىرى نەتىجىسىدە خارابلىشىپ پەقەت تام ئۇللىلا ساقلىنىپ



قـالـغـان ، تـاملارنـىـڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 3.2 مېتر ، شەرقتىن
غـەربـكـە كـەڭـلـىـكى 0.5 مېتر كېلىدۇ . پارچە ئېگىزلىكى 0.45 مېتر ، تام
قـېـلـىـنـلـىقى 0.4 مېتر كېلىدۇ . تام ئۇلىدىن قارىغاندا ئۇزۇنچاق چاسا شەـ
كـىـلدە قۇرۇلغان . ئوتتۇرىسىدا شەرقتىن غەربكە يۈزلەندۈرۈلگەن بۆلگۈچ
تـام بـار . جـەنـۇبـىي تەرەپكە ئىشىك ئېچىلغان . يەرلىك ئاممىنىڭ ئېتىقاد
ئىشلىرى ئۈچۈن ياسالغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن .
سـىـڭـگـىـم ئېـغـىـزىـدىـكـى بـۇ قـۇرۇلـۇش خارابىسىنىڭ بەزىبىر
ئالاھـىـدىـلـىـكلىرىگە ئاساسلانغاندا ، دەۋرى IX — XI ئەسىرگىچە بولغان
ئارىلىقتىكى قۇرۇلۇش دەپ بېكىتىلدى .

## 3 . مۇرتۇق ساي مەھەللە خارابىسى

مـۇرتـۇق سـاي مـەھەلـلـە خـارابىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم
يـېـزىسى تەۋەسىدە بولۇپ ، چىچانخۇ پويىز ئىستانسىسىنىڭ غەربىي جەنۇـ
بـىـي تـەرىـپـىـگە تەخمىنەن 9 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە . بۇ يەر شەرقىي
مـېـرىـدىئان 89° 26′ 40″ ، شـىـمالىي پاراللېل 43° 2′ 50″ تا بولۇپ ،
دېڭىز يۈزىدىن 412 مېتر ئېگىز .
بـۇ قـەدىـمـكى مەھەللە خارابىلىكى تىيانشان تېغى بىلەن يالقۇنتاغ
ئارىلىقىدىكى مۇرتۇق سېيىغا جايلاشقان .
مـۇرتـۇق سـاي مەھەللە خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆـ
لىمى 740 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .
مۇرتۇق ساي مەھەللە خارابىسىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى
خـېـلـى ياخشى ، ئاساسلىق ئەھۋاللار ئاساسەن ساقلىنىپ قالغان . تاملىرى
قـىـسـمـەن ئۆرۈلـگـەن . تـورۇس قـىـسمىنىڭ ئىزنى كۆرگىلى بولمايدۇ .
كـېـسەك بىلەن ياسالغان . پارچە ئېگىزلىكى 2.5 مېتر كېلىدۇ . تامنىڭ قېـ
لىنلىقى 0.70 مېتر كېلىدۇ . بۇ خارابىلىكنىڭ يەر يۈزىدە كۆل رەڭ ساپاللار
بـار . بـەزىـبـىـرلـىـرىـدىن قاچا شەكلىنىڭ سەل چوڭلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ .
بـۇ خـارابـىـلىكتىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن يان قېلىنلىقى1.6 سانتىمېتر ،

تېگىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پارچە كۈل رەڭ ساپال پۇچۇقى يىغىۋېلىندى، يەنە ئۇزۇنلۇقى 12.2 سانتىمېتىر، ساپىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان 1 دانە ياغاچتىن ئىشلەنگەن قوشۇق يىغىۋېلىندى.

مۇرتۇق ساي مەھەللە خارابىلىكىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن بۇ خارابىلىك III — XI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ دەپ بېكىتىلدى.

## 4. كونا خۇمدان تۇرالغۇ خارابىسى

كونا خۇمدان تۇرالغۇ خارابىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى تەۋەسىدىكى يالىنتاغنىڭ داڭلىق بۇيلۇق غولىنىڭ غەربىي تەرىپىدە. غول بىلەن ئارىلىقى 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 3′ 7″، شىمالىي پاراللېل 42° 59′ 10″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 95 مېتىر ئېگىز.

كونا خۇمدان تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ يەر شارائىتى ئۆزگىچە، جەنۇبىي تەرىپى كەڭ كەتكەن سايلىق. تاغ تۈۋىدە تۇرپان شەھەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتى تەۋەلىكىدىكى خۇمدان قۇرۇلۇشى بار (ھازىر تاشلىۋېتىلگەن). يىراقتىن نەزەر سالسىڭىز تۇرپان شەھەر رايونى كۆزىڭىزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. باشقا ئۈچ تەرىپىنى تاغ جىلغىلىرى قورشاپ تۇرىدۇ.

كونا خۇمدان تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 318 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

كونا خۇمدان تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى، بۇ خارابىلىكتە ھازىر پەقەت پارچە - پۇرات تام تۇساقلارلا ساقلىنىپ قالغان. ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىن قارىغاندا، بۇ خارابىلىك ئەسلىدە جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، خام كېسەك بىلەن ياسالغان. شىمالىي تەرەپتىكى تام سەل ياخشى ساقلانغان. پارچە ئېگىزلىكى 1.2 مېتىر كېلىدۇ، ھازىرقى قېلىنلىقى 0.38 مېتىر كېلىدۇ. خارا-



بىلىكتىكى ھەر بىر ئۆينىڭ جايلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇ خارابىلىكتىن ۋە ئەتراپتىكى يەر يۈزىدىن خېلى كۆپ ساندا كۈل رەڭ ساپال پارچىسى، يىرىك ۋە سىلىق ياسالغان تېگى كۈل رەڭ ساپال قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. غەربىي تەرەپتىكى تاغ باغرىدىن بۇ خىل بۇيۇملارنى تېخىمۇ كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بەزىبىر ساپاللارنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا چوڭ تىپتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

كونا خۇمدان تۇرالغۇ خارابىسىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىغا ۋە بۇ بۇيۇملاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دەۋرى III — XI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 5. ئەنجان خارابىسى

ئەنجان خارابىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 6 كىلومېتىر كېلىدىغان چىكاڭكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 34′ 11″، شىمالىي پاراللېل 42° 57′ 34″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 140 مېتىر ئېگىز.

ئەنجان خارابىسىنىڭ يەر شارائىتى ئېگىز - پەس، تەكشى ئەمەس. جەنۇبىي تەرىپىدە بىر رەت ئۆي بار. ئۆي ئالدىدا بىر تار غول بار، ئۆي ئالدىدا يەنە بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار. سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ چىقىرىش ئۆستىڭى بۇ يەردىن ئۆتىدۇ. تۇپرىقى سېرىق رەڭدىكى قۇمسىراڭغۇ يەر. توسمىنى بويلىغان بىر چوڭ يول بار. بۇ يول شەرقىي - جەنۇبىي، غەربىي - شىمالىي يۆنىلىشتە خارابىلىكنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

ئەنجان خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 671 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئەنجان خارابىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ھازىر بۇ

خارابىلىكتىن بەزىبىر پارچە - پۇرات تام توساقلاردىن باشقا يەنە ئىككى پارچە خارابىلىك بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر پارچە ئاساسلىق قورۇلۇشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25.5 مېتىر، كەڭلىكى 13 مېتىر كېلىدۇ. قورۇلۇشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا شەرقتىن غەربكە تارتىپ سېلىنغان بىر تام بار. تامنىڭ غەربىي تەرىپىدە جەنۇبتىن شىمالغا يۈزلەنگەن بىر تام بار. ئۆي ئىچىدە نۇرغۇنلىغان چالما - كېسەك دۆۋىسى بار. كېسەكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.4 مېتىر كېلىدۇ. كەڭلىكى 0.20 مېتىر، قېلىنلىقى 0.12 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قورۇلۇشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 3 ئېغىز ئۆيلۈك قوشۇمچە قورۇلۇش بار. شىمالىي تەرىپىدىكى بىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى سەل مۇرەككەپرەك، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 24.6 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 13.8 مېتىر كېلىدۇ. چوڭ - كىچىك 5 ئېغىز ئۆي بار، غەربىي تەرەپكە يېقىن بىر ئىشىك بار.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، ئەنجان خارابىسىنىڭ دەۋرى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى خانلىقى مەزگىلىدىن يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىگىچە دەپ بېكىتىلدى.

## 6. لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي تۇرالغۇ ئىزى

لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي تۇرالغۇ ئىزى تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىسى ياشلار مەيدانى 3 - ئەترىتىدە بولۇپ، لامپاگوڭشاڭ مەھەللە كومىتېتىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 12′ 49″، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ 31″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 90 مېتىر تۆۋەن.

بۇ قەدىمىي تۇرالغۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان يول بار، شىمالىي تەرىپىدە دەل - دەرەخ ۋە مەھەللە بار. جەنۇبىي تەرىپىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قەدىمىي شەھەر بۇ قەدىمىي تۇرالغۇ بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. قەدىمىي تۇرالغۇنىڭ غەربىي قىسمى قۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، تام - تۇرۇسلارنىڭ ئىزىنى ئازراقمۇ



كۆرگىلى بولمايدۇ. خارابىلىكنىڭ تۆت تەرىپىدىلا كارىز بار. نۇرغۇن سېپىل - سوقمىلارنى قۇم كۆمۈۋالغان. بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان بۇيۇملار ۋە قورۇلۇش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا بۇ خارابىلىكنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى سەل ئۇزۇنراق. لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي تۇرالغۇسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 250×320 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

لامپاگوڭشاڭ قەدىمىي تۇرالغۇسى تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئىبادەتخانا، گەمە، يول، كوچا - رەستە قاتارلىقلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ھويلا تاملىرىنى سوقما قىلىپ ياسىغان. تاملارنىڭ ئۈزۈك يۈزىدە ھەجمى 0.15 مېتىر كېلىدىغان تۆت رەت سوقما ئىزى بار. تامنىڭ كەڭلىكى 0.80 مېتىر كېلىدۇ. قەدىمىي تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاملار ھەممىسى دېگۈدەك قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن (خارابىلىكنىڭ جەنۇبىي تېمى ئەسلىدە باشقا بىر شەھەر بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن). تۇرالغۇ ئىچىدىكى نۇرغۇن قورۇلۇشلار كېسەك بىلەن ياسالغان. بەزى ئۆيلەرنىڭ تورۇسى كېسەك بىلەن ئېگىلىگەن. خارابىلىك ئىچىدە نۇرغۇنلىغان زور تۈركۈمدىكى ساپال پارچىلىرى تارقىلىپ كەتكەن. چىنە چاقچۇقلىرىمۇ بار. مىس قورال ۋە بەزىبىر پۇللارمۇ بار. ئەتراپىدىن ئېگىز - پەس، پارچە - پۇرات سوقما تاملارنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. چوڭ ھەيۋەتلىك سېپىللارنى بايقىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ بىر قەدىمىي مەھەللە بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خارابىلىك 1988 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن. ئالدى بىلەن خارابىلىكنىڭ دائىرىسى تەكشۈرۈلۈپ ئۆلچەنگەن، ئاندىن رەسىمگە تارتىلىپ، خەرىتىسى سىزىلغان ھەمدە بىر قىسىم ئەۋرىشكىلەر يىغىۋېلىنغان.

ھازىرچە بۇ خارابىلىكنىڭ مەدەنىيىتى، بۇ خارابىلىكتىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەييۈەن يارمىقى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چەنلۇڭ يارمىقى، گۇاڭشۈي يارمىقى ۋە برونزا پىچاق، تۆمۈر خەنجەر قا-

تارلىق بۇيۇملار تېپىلغان.

لامپاگوۇگشاڭ قەدىمىي تۇرالغۇ خارابىلىكىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ۋە بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىسپاتلىغان دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرى III — مىلادى X VII ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## IX قىيا تاش ئۆيلىرى

### سىڭگىم ئېغىزى قىيا تاش ئۆيىسى

سىڭگىم ئېغىزى قىيا تاش ئۆيىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى، سىڭگىم ئېغىزى تاشيول چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 500 مېتر كېلىدىغان تاغ قاپتىلىدا. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ″ 13 ′34 °89، شىمالىي پاراللېل ″ 20 ′55 °42 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 70 مېتر ئېگىز.

بۇ قىيا تاش ئۆيىسى تۇرپان — پىچان تاشيولىنىڭ بويىدىكى يالقۇنتاغنىڭ غەربىي قاپتىلىدا، يولنىڭ غەربىدە مۇرتۇق دەرياسى غەربىي جەنۇبقا يۈزلىنىپ ئېقىپ ئۆتىدۇ.

سىڭگىم ئېغىزى قىيا تاش ئۆيىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 0.89 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى بويىچە تۇرگە ئايرىغاندا تەبىئىي ئايرىمىسى، تاشكېمىر ئىبادەتخانىسى — قىيا تاش سۈرىتى دەپ بېكىتىلدى.

بۇ قىيا تاش ئۆيىسى تا ھازىرغا قەدەر تولۇق ساقلانغان. قىيا تاش سۈرىتى ئايرىم — ئايرىم ھالدا ئىككى پارچە تاش ئۈستىگە سىزىلغان.

1 — قىيا تاشقا بىر دانە ئاتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئات غەربىي جەنۇبقا قارىتىلغان بولۇپ، مېڭىۋاتقان قىياپەتتە. قىيا تاش سۈرىتى



ئويۇپ سىزىلغان. ئۇزۇنلۇقى 0.28، ئېگىزلىكى 0.15 مېتر كېلىدۇ. يەنە بىر پارچە قىيا تاشقا 3 دانە تاغ تېكىسى سىزىلغان. ئۈستى تەرەپتىكى بىر تاغ تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزى ئالدىغا قارىغان، ئۇزۇنلۇقى 0.32، ئېگىزلىكى 0.22 مېتر كېلىدۇ. تۆۋەن تەرەپتىكى بىرىنىڭ مۈڭگۈزى كەينىگە قارىتىلغان. ئۇزۇنلۇقى 0.24، ئېگىزلىكى 0.20 مېتر كېلىدۇ. كەينىدىكى بىر دانىسى ئۇزۇن، مۈڭگۈزى كەينىگە قارىتىلغان. ئۇزۇنلۇقى 0.32، ئېگىزلىكى 0.22 مېتر كېلىدۇ. 3 دانىسى ئوخشاشلا كالتە قۇيرۇقلۇق. غەربىي جەنۇبقا قارىتىپ سىزىلغىنى ئۆچكىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ.

بۇ قىيا تاش سۈرىتىنىڭ دەۋرىنى ئەتراپىدىكى ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەھلىل — تەتقىق قىلغاندا، IV ئەسىر (جەنۇبىي — شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى) گە تەۋە قىياتاش سۈرىتى دەپ بېكىتىلدى.

ئىككىنچى باب

## توخسۇن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

## تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىزلار

### ئويمانبۇلاق تاش قورال ئىزى

ئويمانبۇلاق تاش قورال ئىزى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ غولبويى يېزىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بۇغان ئوت تۇرىنىڭ يېنىدا بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان 88° 41′، شىمالىي پاراللېل 42° 52′ قا توغرا كېلىدۇ.

ئويمانبولاق تاش قورال ئىزىنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى، قەدىمىي ئىزنىڭ شەرقىي تەرىپى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەر سۇنىڭ ئېقىتىشى بىلەن دۆۋىلىنىپ شەكىللەنگەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئەتراپى سايلىق ھەم جاڭگاللىق. ئەسلىدە بۇ تاش قورال ئىزىنىڭ غەربىي - شىمالىي تەرىپىنى ئايلىنىپ ئۆتكەن كىچىكياغ دەرياسى ھازىر قۇرۇق غولغا ئايلىنىپ قالغان. يەرلىك خەلقلەر بۇ دەريانى ئەسلىدە توخسۇن دەرياسى دەپ ئاتاشقان. خارابىلىكتە ياۋايى ئوت - چۆپلەر قالايمىقان ئۆسۈپ كەتكەن.

ئويمانبۇلاق تاش قورال ئىزى تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا كۆپرەك ئۇچرىغان. ئىز ئەتراپىدا بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن، سۇ ئېقىتىپ كەتكەن ئىزلارنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئويمانبۇلاق تاش قورال ئىزى توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 - يىل 3 - ئايدا نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن، تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەرىتىدىكى ئورنى بېكىتىلىپ، خاتىرە قالدۇرۇلغان.

ئويمانبۇلاق تاش قورال خارابىلىكىدىن 2 دانە تاش قورال، يەنە



بىر قىسىم قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ، قىزىل ساپال قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان. تاش قوراللار ئىچىدە، بېگىز شەكلىدە ياسالغان تاش قورال ۋە تاش ياپرىقى قاتارلىقلار بار.

ئويمانبۇلاق تاش قورال ئىزىدىن يىغىۋېلىنغان تاش قورال ئەۋرىشكىلىرىگە « 2 —— TWK : 1 88 » دەپ نومۇر بېرىلگەن.

ئويمانبۇلاق تاش قورال خارابىسىنىڭ دەۋرى، بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان تاش قوراللار باشقا تاش قورال خارابىلىكلىرىدىن تېپىلغان تاش قوراللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تاش قوراللار ناھايىتى ئىنچىكە ئىشلەنگەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ تاش قوراللار يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە قەدىمكى ئىز دەپ قارالدى.

## Ⅱ قەدىمىي قەبرىلەر

### 1. ئالغۇي ئېغىزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ئالغۇي ئېغىزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزىسى تەۋەسىدىكى ئېۋىرغول پويىز ئىستانسىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1.5 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 87° 54′، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 742 مېتر ئېگىز.

ئالغۇي ئېغىزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئالغۇي ئېغىزى ۋە ئېۋىرغول ئېغىزى ئەتراپلىرىغا تارقالغان. شىمالىي تەرىپى سايلىق، جەنۇبىي تەرىپى 10 نەچچە مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى يارداڭلىق، ئالغۇيدىن توخسۇنغا بارىدىغان تاشيول بۇ يەردىن ئۆتىدۇ.

ئالغۇي ئېغىزى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەر تەخمىنەن 2 كىلومېتر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە شالاڭ تارقالغان. ھازىرقى

قەبرىستانلىقنىڭ كۆپ قىسمى تۈزلىۋېتىلگەن. بىر قىسمىغا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان. بۇ قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنىڭ شەكلى ئىككى خىل: بىر خىلى ياغاچ چەمبەرلىك تىك ئويۇلغان لەھەت، يەنە بىر خىلى تىك قۇدۇق شەكلىدىكى لەھەت. ئېھتىمال ئەينى زاماندىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئالغۇي ئېغىزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1988 - يىل 3 - ئايدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ توخسۇن گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن، خاتىرىسى يېزىلغان.

ئالغۇي ئېغىزى قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «قوش» مەدەنىيەت دەۋرىگە تەۋە قەبرىستانلىق دەپ قارىماقتا. بۇ قەبرىلەرنىڭ دەۋرى ھەققىدە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «ئارخېئولوگىيە»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردىمۇ بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان. ئاخىرقى خۇلاسىدە، قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى V — II ئەسىر (ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرىدىن تاكى خەن سۇلالىسى دەۋرى) گىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە دەپ يەكۈن چىقىرىلغان.

## 2. كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقى

كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆجەي بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، مەھەللە بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 1 كىلومېتر كېلىدۇ. توخسۇن ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 64 كىلومېتر كېلىدۇ.

قەبرىستانلىق كۆجەي بازىرىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 1 كىلومېتر كېلىدىغان جىلغىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سايلىقتا. توخسۇن - كۆجەي تاشيولىمۇ قەبرىستانلىقنىڭ سول تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي، شىمالىي، جەنۇبىي تەرەپلىرىدە ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى



بار. شىمالىي تەرىپىگە 3 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كۆجەي بېكىتى بار. خارابىلىكنىڭ يۈزىنى قۇم - شېغىللار كۆمۈپ كەتكەن، سايلىقتا قۇرۇپ كەتكەن چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بار.

كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەر بۇزۇۋېتىلگەن. لەھەتلەر ناھايىتى تېيىز، يەر يۈزىدىن پەقەت 0.50 - 0.60 مېترلا كولانغان. قەبرىستانلىق خارابىلىكىدە كۆپ ساندىكى قېزىپ كېتىلگەن، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن قەبرىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق قەبرىلەر قەبرىستانلىقنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان. قەبرىستانلىقتا ساپال پارچىلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1988 - يىل 3 - ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ خاتىرە يېزىلغان ھەم بۇ قەبرىستانلىقتىن بىر قىسىم ئەۋرىشكىلەرنى يىغىۋالغان.

كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئويۇلغان لەھەتلەر تىك قۇرۇقلۇق، تۈپا لەھەتلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى قەبرىلەر تاش بىلەن ھالقا ئىچىگە ئېلىنغان. لەھەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ناھايىتى تېيىز. يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىلا ساپال پۇچۇقلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپاللار بار. قاچا شەكىللىرى ئاساسەن تېگى تۈز ۋە تېگى يۇمىلاق ئىككى خىل شەكلى بار. قاچىلارغا ئاساسەن شەكىللىك كەڭ قۇلاق چىقىرىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە توغرىسىغا قۇلاق قويۇلغانلىرىمۇ بار. رەڭ بېرىلگەن ساپال پارچىلىرىمۇ تېپىلدى. ئۇلارغا قىزىل رەڭ يالىتىلىپ، قارا رەڭ بېرىلگەن. گۈل نۇسخىلىرىدىن تەتۈر ئۈچ بۇرجەك ۋە باشقا شەكىللىرى بار.

كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن، ساپال پۇچۇقى ۋە تاش قوراللاردىن بىر قىسىم ئەۋرىشكىلەر يىغىۋېلىنغان. ئەۋرىشكىلەرگە بېرىل-

گەن نومۇرلار : « 88TKXC: 1.2.3.4.5.6.8.9.10 » .

كۆجەي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۇرپان ، پىچان ، توخسۇن ، ئالغۇي قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان رەڭدار ساپال مەدەنىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . دېمەك ، بۇلار بىر خىل مەدەنىيەت شەكلىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، مەدەنىيەت خاراكتېرىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ . بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرى Ⅳ — Ⅱ ئەسىر ( يېغىلىق دەۋرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە ) لەرگە تەۋە دەپ قارالماقتا .

1980 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى بىر نۆۋەت ئەمەلىي تەكشۈرگەن ، خاتىرىگە ئېلىپ ئارخىپىنى تۇرغۇزغان .

## 3 . كىچىكياغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى

كىچىكياغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ خودۇڭ يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ ، توخسۇن ـ داخېيەن ـ تۇرپان تاشيوللىرىنىڭ بىرلىشىدىغان يېرىدە ، بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 88° 31′ ، شىمالىي پاراللېل 42° 59′ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتر ئېگىز .

كىچىكياغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەر كىچىكياغ غولىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە تارقاق جايلاشقان . بۇ ئېگىزلىكنىڭ يەر يۈزى قورام تاش ۋە ئۇششاق شېغىللار بىلەن قاپلانغان . ئېگىزلىك بىلەن كىچىك ياغ غولىنىڭ تېگىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى ئىككى مېتر كېلىدۇ . غول ئىچىدە بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرغاچقا ، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە بۇ غول قۇرۇپ قالمايدۇ . غولنىڭ ئىچىدە يازلىقى داۋاملىق كۆپكۆك ھەر خىل ئوت ـ چۆپ ، گۈل ـ گىياھلار تولۇپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ .

كىچىكياغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى بۇ ئېگىزلىكنىڭ چەت ـ ياقىلىرىغىچە تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ ، دائىرىسىنى مۆلچەرلىمەك قىيىنراق .



كىچىكياغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى ھازىرغىچە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ياخشى ساقلانغان .

كىچىكياغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەرگە كېلىپ نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چاغدا سىزىلغەن .

كىچىكياغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، بۇ ئېگىزلىكتىكى قەبرىلەر ئارىسىدىن ، تاش دۆۋىلىك قەبرىلەردىن تەخمىنەن ئوندەك ئورۇندا بارلىقى سىزىلدى . تاش دۆۋىلەر ، ئادەتتە 0.10 مېتر كېلىدىغان يۇمىلاق ۋە تۇخۇمسىمان تاشلاردىن تەركىب تاپقان . تاش چوڭلۇقى 1 مېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ . ئېگىزلىكى 0.20 مېتر كېلىدۇ . تاش دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ساپال پارچىلىرىنىڭ بارلىقى سىزىلمىدى . غول ئىچىدىن ئايرىم ساندىكى ، ئۈستى تەرىپىدىن سۇ ئېقىتىپ چۈشكەن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپاللار تېپىلدى . بۇ خىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن غولنىڭ ئۈستى تەرىپىدە يەنە ئىلگىرى بايقالمىغان قەدىمىي ئىز ـ خارابىلار بولۇشى مۇمكىن .

## 4 . پەنجىرتاغ ( كۆجەي ) قەدىمىي قەبرىستانلىقى

پەنجىرتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ تارقالغان ئورنى تەخسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆجەي بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە . بۇ قەبرىستانلىق بىلەن ناھىيە بازىرىناڭ ئارىلىقى 64 كىلومېتر كېلىدۇ .

كۆجەي قەدىمىي قەبرىستانلىقى پەنجىرتاغ جىلغىسىنىڭ شەرقىي قىيتىدىكى سايلىقتا . توخسۇن ناھىيە بازىرىدىن پەنجىرتاغ بازىرىغا بارىدىغان تاشيول بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئۆتىدۇ . قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىغا 9 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كۆجەي پويىز بېكىتى بار . خارابىلىكنىڭ يەر يۈزىدە بىر قەۋەت تاش ـ شېغىللار قاتلىمى بار . بۇ سايلىقتا يەنە شالاڭ ئۈنگەن ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرمۇ بار .

پەنجىرتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆ-

لىمى 9000 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

پەنجىرتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ھازىر كۆتۈۋېلىش تەسىس قىلىنغان . مۇھىتنى كۆكەرتىش ئۈچۈن ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن توپا ئىتتىرگەندە ، قەبرىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەن . قەبرە ئاغزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.60 مېتر كېلىدۇ ، كەڭلىكى 0.80 مېتر كېلىدۇ . يەنە بەزىبىر قەبرىلەر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلگەن . ئادەم ئۇستىخانلىرى ئېچىلىپ قالغان ھەمدە ھەممىلا يەردە ساپال پۇچۇقلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ .

پەنجىرتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1980 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن . 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن يەنە بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلۈپ ، خاتىرىگە ئېلىنغان .

پەنجىرتاغ قەدىمىي قەبرىستانلىقى توپا لەھەتلىك ، تىك قۇدۇقلۇق قەبرىلەردىن تەركىب تاپقان . بۇ يەردىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى ۋە بىر قىسىم رەڭلىك ساپال پارچىلىرى تېپىلدى . بۇ ساپال پارچىلىرىنىڭ بەزىلىرى سىرتىغا قىزىل رەڭ يالىتىلغان قارا رەڭدە گۈل سىزىلغان ساپاللاردىن ئىبارەت . ساپال قاچىلارنىڭ شەكلى تاشيولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ساپاللارغا ئوخشايدۇ . بۇ ئىككى ئورۇندىكى قەبرىنى ئەسلىدە بىر قەبرىستانلىق دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ . چۈنكى ، قەبرە شەكلى ، ساپال بۇيۇملاردىكى ئالاھىدىلىك ، رايون خاراكتېرى قاتارلىقلارمۇ تامامەن ئوخشايدۇ .

بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ شەكلى تۇرپان ۋە توخسۇن ئالغۇيدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ شەكلىگە ، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . يىل دەۋرى ئېھتىمال مىلادىدىن ئىلگىرىكى V — II ئەسىر ( يىغىلىق دەۋرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرى ) گىچە دەپ قارالماقتا .



## 5 . چولاقكارىز قەدىمىي قەبرىستانلىقى

چولاقكارىز قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسى خودۇڭ يېزىسىدىكى چولاقكارىز دېگەن يەرنىڭ غەربىي شىمالىغا 200 مېتر كېلىدىغان يەردە . شىمالدىن غەربكە قىيپاش 40° ، ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولى بىلەن ئارىلىقى 500 مېتر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 88° 36′ 30″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 30″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 130 مېتر ئېگىز .

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىغا تۇتىشىدۇ ، غەربىي تەرىپى 2 ـ ، 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئورمانلىقىغىچە تۇتىشىپ بارىدۇ . شىمالىي تەرەپ چېگرىسى شەرقىي ـ شىمالىي تەرەپتىكى ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغىچە تۇتىشىدۇ . جەنۇبىي تەرەپ چېگرىسى مەھەللىنىڭ يېنىدىكى ئىھاتە ئورمانلىقىغىچە تۇتىشىدۇ . يەر شەكلى تۈز ، قۇم بارخانلىرى ۋە يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئېدىرلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . غەربىي شىمالدىن ، شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان كارىز سىستېمىسى بۇ قەبرىستانلىقنى كېسىپ ئۆتىدۇ . قەبرىستانلىقنىڭ ئورنىدىكى سۇ قاتلىمى ناھايىتى تۆۋەن ، تۇپرىقى سېغىز توپا . شۇڭلاشقا قەبرە رايونىدا ناھايىتى شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن ، قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىدا سوقما قىلىپ ياسالغان ئىھاتە تېمى بار .

چولاقكارىز قەبرىستانلىقنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 500 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ .

چولاقكارىز قەبرىستانلىقى ئۇزۇن يىللار مابەينىدە داۋاملىق بوران چىقىپ قەبرىستانلىقنىڭ تەخمىنەن 0.20 مېتر قېلىنلىقتىكى ئۈستى تۇپرىقىنى يالاپ ئۇچۇرتۇپ كەتكەن . ئەسلىدىكى قەبرە ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان قەبرە تاشلىرى بوراندا چۇۋۇلۇپ كەتكەن . بوران داۋاملىق قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ تۇرغاچقا ، بەزى قەبرىلەر قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن .

چولاقكارىز قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى چولاقكارىزدىكى بۇ قەبرىستانلىقنى تەكشۈرگەندە بايقالغان ۋە خەرىتىگە ئېلىنغان.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە قەبرە تاشلىرى بار. تاشلارنىڭ ھەجمى 0.10 مېتر كېلىدۇ. قەبرە بار يەرلەر چوقچىيىپ ئالاھىدە چىقىپ قالغان. بىراق، كۆپىنچە قەبرىلەرنى يەر يۈزىدىن ئاسان پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. يەر يۈزىدە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى بار. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ تارقالغان دائىرىسى كەڭ. ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى. بۇنداق ياخشى ساقلانغان قەبرىلەر ئاز ئۇچرايدۇ. قەبرىستانلىقتىن يەنە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭ بېرىلگەن، قارا رەڭدە گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان تېگى يۇمىلاق قاچىلارنىڭ بارلىقى بايقالدى.

قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن ئەسلىدىكى قىياپىتىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغان تېگى يۇمىلاق كومزەكتىن بىر دانە ( بېرىلگەن نومۇرى 采 :TKQKM88) تېپىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچە پارچە ساپال پۇچۇقمۇ يىغىۋېلىندى.

چولاقكارىز قەبرىستانلىقىدا ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكى، پىچان ناھىيىسى تەۋەلىكىدىن تېپىلغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII — III ئەسىرگىچە ( ئەمىنىيە ـ يېغىلىق دەۋرىگىچە ) بولغان قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدىكى ساپال قاچىلارنىڭ شەكلىگە ۋە بۇ قاچىلارنىڭ سىرتىغا سىزىلغان بېزەك گۈل نۇسخىلىرىغا ئوخشايدۇ.

## 6 . قاغىچاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى

قاغىچاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسى تۇتەي يېزىسى قاغىچاق مەھەللىسى تەۋەسىدە، يەنى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، بازار بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 16 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. بۇ يەر



شەرقىي مېرىدىئان 88° 49′ ، شىمالىي پاراللېل 42° 42′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 50 مېتر تۆۋەن.

قاغىچاق قەدىمىي قەبرىستانلىقى ناھىيە بازىرىدىن يېڭى يايلاق مەھەللىسىگە بارىدىغان يولنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، تەخمىنەن 50 مېتر كېلىدىغان بۇ قەبرىلەر يېڭى يايلاق مۇسۇلمانلار قەبرىگاھلىقى بىلەن بىر ئورۇندا. چۆلتاغنىڭ 1 ـ پەلەمپىيىگە قويۇلغان. قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي، شەرقىي، غەربىي ئۈچ تەرىپى ئاھالىلەر رايونى ۋە جەنۇبىي تەرىپىدە غەربىي شىمال يۆنىلىشتىن شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىش بويىچە ئېلىنغان بىر كارىز بار.

قاغىچاق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن 17 دانە قەبرە ئوغرىلىقچە قېزىپ كېتىلگەن. بىراق، قەبرىلەرنىڭ شەكلى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان.

1984 ـ يىل 5 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى ئوغرىلانغان 17 دانە قەبرىنى قېزىپ تازىلىغان. 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن قايتا تەكشۈرۈلگەن، تەكشۈرۈش ۋاقتىدا قەبرىستانلىقنىڭ قەبرە ئەھۋالىنىڭ خەرىتىسىنىمۇ ئىشلىگەن.

قاغىچاق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت شەكلى، بۇ قەبرىلەر ئايدىڭكۆلدىكى قەبرىلەرنىڭ ۋە توخسۇن سۇبېشىدىكى قەبرىلەرنىڭ دەۋرى بىلەن ئوخشاش.

قەبرىلەرنىڭ دەۋرى ئاساسەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

17 دانە قەبرىنى قېزىش ـ رەتلەش دوكلاتى « ئارخېئولوگىيە » ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

## 7 . چەكمەنكارىز قەدىمىي قەبرىستانلىقى

چەكمەنكارىز قەدىمىي قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسى خودۇڭ يېزىسى چەكمەنكارىز تەۋەسىدە بولۇپ، ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىنىڭ

سول تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى توخسۇن ـ داخىيەن تاشيولىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ′37 °88، شىمالىي پاراللېل ″30 ′51 °42 تا.

قەدىمىي قەبرىستانلىق قۇم بارخانلىرى ۋە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن. يەر يۈزىدىن بىر قاراپلا ھېچقانداق بىر ھادىسىنى بايقىغىلى بولمايدۇ.

قەدىمىي قەبرىستانلىق خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ھازىر يەر يۈزىدە چېچىلىپ تۇرغان ساپال پارچىلىرى ۋە كۆيدۈرۈلگەن نەرسىلەرنى تاۋلىغان ۋاقىتىدا قېپقالغان داشقاللارنىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

چەكمەنكارىز قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن بۇ يەرنى قازغاندا بايقىغان تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىسىنى ئىشلىگەن، خاتىرە قالدۇرغان.

بۇ خارابىلىكتە يەر يۈزىدە ھازىر ھېچقانداق مەدەنىيەت تۇپا قاتلىمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەردىن بىر قىسىم ساپال كومزەك، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن خەنجەر قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى تېپىلغانلىقى مەلۇم.

يەر يۈزىدە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ ساپاللارنى ۋە مېتال تاۋلاشتىن قېپقالغان داشقاللارنى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

قەدىمىي قەبرىستانلىق خارابىلىكىدە ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكى، بۇ خارابىلىكتىن بايقالغان ساپال پارچىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىستانلىق مىلادى V ئەسىرگە تەۋە قەدىمىي قەبرىستانلىق خارابىلىكى دەپ قارالماقتا.

## 8. ئۈستىغول تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى

ئۈستىغول تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسى بوستان



يېزىسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدە بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق يەر بىلەن ئارىلىقى 38 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ′58 °87، شىمالىي پاراللېل ′41 °42 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 810 مېتىر ئېگىز.

ئۈستىغول تاش دۆۋە قەبرىستانلىقىنىڭ ئورنى بۇ يەردىكى يەنە بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولغان. قەدىمكى سانسكرىت يېزىقىدا خەت چېكىلگەن خاتىرە تاشنىڭ 500 مېتىر شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. قەبرىلەر غولنىڭ ئىچىدىكى غەربىي تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ قەبرىلەرنىڭ يەر يۈزى بىلەن بولغان ئېگىزلىك پەرقى 8 مېتىردىن 10 مېترغىچە كېلىدۇ. ھەر بەش قەبرە بىر گۇرۇپپا قىلىپ قويۇلغان. بۇ يەردە جەمئىي ئۈچ گۇرۇپپا قەبرە بولۇپ، جەمئىي 15 دانە قەبرە بار. بۇ قەبرىلەرنىڭ پەقەتلا يەر يۈزىگە دۆۋىلەنگەن تاشلاردىن باشقا ھېچقانداق بەلگىسى يوق. چاسا شەكىللىك قىلىپ تىزىلغان تاش چەمبەرلا قەبرىلەرنى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ خىلدىكى قەبرىلەر غولنىڭ ئېغىزىدىكى غەربىي جەنۇبىي تۆپىلىك ئۈستىدىمۇ سىزىلدى.

ئۈستىغول تاش دۆۋە قەبرىستانلىقىنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇپ تاشلانغان. ئاز ساندىكى قەبرىلەر خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىكى تاش چەمبەرلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر كېلىدۇ. سەل كىچىكرەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر كېلىدۇ. ئارىلىقى ئۆز ئارا 1.5 مېتىردىن كېلىدۇ.

ئۈستىغول تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى 1986 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىدىكى كەسپىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلۈپ، ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان.

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن قايتا تەكشۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەرىتىسى ئىشلەنگەن.

ئۈستىغول تاش دۆۋە قەبرىستانلىقىدا ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىز-

لىرىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا تەكشۈرۈلگەن ئالغۇي، ئېۋىرغول قاتارلىق جايلاردىكى قەبرىلەرنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرىگە ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII — III ئەسىرلەرگىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

## 9. ئېۋىرغول تاش چەمبەر قەبرىستانلىقى

ئېۋىرغول تاش چەمبەر قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسى ئىلانلىق يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ئېۋىرغول پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە، تەخمىنەن 11 كىلومېتر كېلىدىغان ئېۋىرغول غولىنىڭ ئىچىدە، بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 87° 48′، شىمالىي پاراللېل 42° 56′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1060 مېتر ئېگىز.

ئېۋىرغول تاش چەمبەر قەبرىستانلىقى 1 ـ غول ئىچىدىكى تاشيول بىلەن ئېۋىرغول تاشيولى تۇتىشىدىغان يەردە. قەبرىستانلىق ئىككى تاغ ئالدىدىكى تاغ يوتىلىرىغا تارقالغان. بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئۇلى جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 10 نەچچە مېتر كەڭلىكتە كېلىدۇ. ئېگىزلىكنىڭ ئارىلىقىنى ئەسىرلەر داۋامىدا يامغۇر سۈيى ئېقىتىپ بىر كىچىك جىلغا ھاسىل قىلىپ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. يەر يۈزى سايلىق ـ تاش ـ شېغىللىق. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى ئېۋىرغول تاشيولى بىلەن تەخمىنەن 50 مېتردەك كېلىدۇ. ئالغۇي سۈيىنىڭ قىرغىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى 1 ـ غول تاشيولىغا 200 مېتردەك كېلىدۇ.

ئېۋىرغول تاش چەمبەر قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 200 كۋادرات مېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

بۇ قەبرىستانلىقتا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق جەمئىي 13 دانە قەبرىنىڭ بارلىقى سېزىلدى. ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى، قەبرىلەر شەرقتىن غەربكە يۈزلەنگەن ھالەتتە تىزىپ قويۇلغان. ئارىلىقى 7 مېتر كېلىدۇ. يەر يۈزىدە ئەسلىدىكى تاش چەمبەرلەر بار. ئارىسىدا ناھايىتى ئاز ساندا چېرىندى تاشلارنىڭ بارلىقى بايقالدى. يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 0.30 مېتر كېلىدۇ. ئەڭ چوڭ قەبرىلەرنىڭ ھەجمى تەخمىنەن 4



مېتر. كىچىكرەكلىرى 1 مېتر كېلىدۇ. بەزىبىر قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىدا قوشۇمچە قېزىپ قويۇلغان لەھەتلەر بار. كۆپ ساندىكى قەبرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسى ئويمان ھالەتتە.

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئېۋىرغول تاش چەمبەر قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرگەن ھەم خەرىتىسىنى ئىشلىگەن، خاتىرىسىنى يازغان.

ئېۋىرغول تاش چەمبەرلىك قەبرىستانلىقىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋرى 1978 ـ يىلى ئالغۇي ئېغىزىدىن قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشىشىپ كەتكەچكە، بۇ قەبرىستانلىق مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII — III ئەسىرلەرگىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

## 10. ئالغۇي تاش دۆۋە قەبرىسى

ئالغۇي تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسى ئىلانلىق يېزىسى تەۋەسىدىكى ئېۋىرغول پويىز ئىستانسىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە تەخمىنەن 9 كىلومېتر كېلىدىغان ئالغۇي غولى ئىچىدە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 87° 46′، شىمالىي پاراللېل 42° 52′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 945 مېتر ئېگىز.

ئالغۇي تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى ئالغۇي تاشيولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 50 مېتر كېلىدىغان ئۈچ يوتا ئۈستىدە. بۇ قەبرىستانلىقتا 20 دىن ئارتۇق قەدىمىي قەبرىلەر بار. قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە شەرققە قاراپ ئاققان ئالغۇي سۈيى بار. شىمالىي تەرىپىدە ئالغۇي تاشيولى بار. يولنىڭ شىمالى قىسقا تۈزلەڭ ساي، تاغقا تۇتىشىپ كېتىدۇ. بۇ يول تاغ بىلەن قەبرىستانلىقنىڭ چېگرىسىنى ئايرىپ تۇرىدۇ.

قەبرىلەر جەنۇبتىن شىمالغا يۈزلەندۈرۈلۈپ رەتلەنگەن. ئارىلىقى تەخمىنەن 4 مېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ. تاش دۆۋىلەرنىڭ يۈز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 0.40 مېتر كېلىدۇ.

ئالغۇي تاش دۆۋە قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن ئوغرىلانغان بىر قەبرىدىن باشقا، قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى ساقلانغان.

ئالغۇي تاش دۆۋە قەدىمي قەبرىستانلىقى 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرگەن ۋە خاتىرىگە ئالغان.

ئالغۇي تاش دۆۋە قەدىمي قەبرىستانلىقى 1978 ـ يىلى قېزىلغان ئالغۇي ئېغىزىدىكى قەبرىلەرگە ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ـ II ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

## 11. يېڭى يايلاق تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى

يېڭىيايلاق تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ تۇتەي يېزىسى قاغىچاق كەنتىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 18 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 88° 57′ 89″، شىمالىي پاراللېل 42° 42′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 92 ـ 97 مېتىر تۆۋەن.

يېڭىيايلاق تاش دۆۋە قەدىمي قەبرىستانلىقى داۋاملىق شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان زەيكەش يەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدىغان يەردە. يېزا تاشيولىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 30 مېتىردىن 50 مېتىرغىچە كېلىدۇ. چۆلتاغنىڭ 1 ـ پەلەمپەيلىكىدە شىمالىي تەرەپتىكى يېڭىيايلاق ۋە زەيلىكىگە تەخمىنەن 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي تەرىپىدىكى چۆلتاغقا 20 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان 6 كىلومېتىرلىق تۈزلەڭلىكتە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، B1، B2، B3 دەپ بېكىتىلگەن بەش نۇقتا بار.

يېڭىيايلاق تاش دۆۋە قەبرىستانلىقىدىكى B1 نۇقتىدا 5 دانە تاش دۆۋىلىك قەبرە بار. بۇ 5 دانە قەبرە ئىلگىرى قېزىپ كېتىلگەن. B2 نۇقتىدا 8 دانە قەبرە ئوغرىلىقچە قېزىپ كېتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 دانە قەبرە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان. B2 نۇقتىنىڭ غەربىي تەرىپىدە تەخمىنەن 180 مېتىر كېلىدىغان يەردە 3 دانە قەبرە ئوغرىلانغان. شەرقتىن غەربكە 150 مېتىر كېلىدىغان يەردە يەنە 2 قەبرە ئوغرىلاپ قېزىپ



كېتىلگەن. B2 نۇقتىدىكى 5 دانە قەبرە شىمالدىن جەنۇبقا يۆزلەندۈرۈلۈپ تىزىپ قويۇلغان. ئارىلىقى 6 مېتىر كېلىدۇ. باشقا 3 دانە شىمالدىن جەنۇبقا تىزىلغان قەبرىلەرنىڭ ئارىلىقى 3 مېتىردىن 4 مېتىرغىچە كېلىدۇ. لەھەتلەرنىڭ ھەممىسى تىك قۇدۇق شەكلىدە قېزىلغان. قەبرىلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى ئايرىملىرىنىڭ قەبرە يولى بارلىرىمۇ بار. قەبرە ئۆيلىرى، 2×3.3 مېتىر، 2.8×4 مېتىرلىق بولۇپ ئوخشاش ئەمەس. B3 نۇقتا جەمئىي 42 دانە قەبرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىلگىرى ئوغرىلاپ كېتىلگەن. لەھەتلەر شىمالدىن جەنۇبقا يۆزلەندۈرۈلۈپ قېزىلغان. دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر كېلىدۇ. 13 دانە قەبرە خېلى تەرتىپلىك قويۇلغان. يەنە 9 دانە قەبرە بىر گۇرۇپپا قىلىنىپ رەتلەنگىنىمۇ بار.

يېڭىيايلاق تاش دۆۋە قەبرىستانلىقى 1983 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن. 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن يەنە بىر نۆۋەت قايتا تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەرىتىسى سىزىلغان، خاتىرە يېزىلغان.

قەدىمي قەبرىلەر تىك قۇدۇق شەكلىدە ئويۇلغان. قەبرە ئاغزىنى ياپقان بۇيۇملار ئۈستىدىن تاكى تېگىگىچە قۇم، شېغىل، كېگىز، 0.08 ـ 0.10 مېتىرلىق چەكزە قاتارلىق بۇيۇملار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى قاتارلىقلار بار. تارقالغان ساپاللاردىن قارىغاندا تېگى تۈز، ئۆرە قورساقلىق قەدەھلەر بار. يىرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپالدىن ياسالغان، تاسما قۇلاقلىق قاچىلار كۆپرەك. تېگى يۇملاق قىزىل ساپال تەشتەك قاتارلىقلارمۇ بار. سىزىقلىرى ۋە نۇسخىسى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۈگۈمچەك نەقىش، بۇرما نەقىش قاتارلىقلار بار. رەڭلىك ساپال ۋە مىتالدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار تېپىلمىدى.

بۇ قەدىمي قەبرىستانلىق خارابىلىكىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش

مۇمكىنچىلىكى بولغان، تېگى تۈز، تۈز قورساقلىق ساپال جامدىن 1 دانە، گۈل نۇسخىلىق ساپال پارچىلىرىدىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن 3 دانىسى يىغىۋېلىندى.

تاش دۆۋە قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى، قەبرىستانلىقتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى تۇرپان ئايدىڭكۆل ۋە پىچان سۇبېشىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال قاچىلارنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ.

## Ⅲ قىيا تاش ئويمىلىرى

### 1. ئۆستەڭبول سانسكرىت يېزىقى ئويمىسى

ئۆستەڭبول سانسكرىت يېزىقى ئويمىسى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 38 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 12′ 49″، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ 31″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 810 مېتر ئېگىز.

ئۆستەڭبول ئېغىزىدىن غولنى بويلاپ ئېچكىرىلەپ تەخمىنەن 4 كىلومېتردەك يول ماڭغاندا ئۆستەڭبول سانسكرىت يېزىقى ئويمىسى بار يەرگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ غولنىڭ ئىچىدە كىچىك بىر ئېقىن بار. غولنىڭ ئىچى قورام تاشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. غول ئىچىدە ماشىنا بىلەن مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. غولنىڭ شەرقىي، غەربىي ئىككى تەرىپى قۇپقۇرۇق تاقىر تاغ بىلەن توسالغان.

ئۆستەڭبول سانسكرىت يېزىقى ئويمىسى ھازىرغىچە ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. بۇ يەردىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقى ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئىككى يەردىكى ناھايىتى چوڭ كەلگەن كېلەڭسىز تەبىئىي قىيا تاش ئۈستىگە ئويۇلغان. خەت ئىزلىرى ئوچۇق، بىر قاراپلا خەت شەكىللىرىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ھەر بىر تاشقا بىر قۇردىن خەت چېكىلگەن.

ئۆستەڭبول سانسكرىت يېزىقى ئويمىسى 1986 – يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن بىر



نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن. شۇ ئاساستا يەنە 1988 – يىل 3 – ئايدا توقسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن يەنە بىر نۆۋەت تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خاتىرە يېزىلىپ ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان.

### 2. كۆجەي قىيا تاش سۈرىتى ( A )

كۆجەي قىيا تاش سۈرىتى توقسۇن ناھىيىسى كۆجەي بازىرىنىڭ غەربىي – شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 7 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە.

كۆجەي قىيا تاش سۈرىتى بار يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر شارائىتى شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تەرىپى تاغلىق رايون، ئوتتۇرىسىدا شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا بار، بۇ دەريا ئادەتتىكى چاغلاردا ئانچە چوڭ ئەمەس. قىيا تاش سۈرىتى بار يەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ مەھەللىسى ھەم تېرىلغۇ ئېتىزلىقلىرى بار. غەربىي قىرغىقى تاغقا تۇتىشىپ كەتكەن. تاغ باغرىدا نۇرغۇن كۆمۈر كان قۇدۇقلىرى. يېزا يولى بار. قىيا تاش سۈرىتى بار يەرگە مۇشۇ يېزا بىلەن بارغىلى بولىدۇ. خارابىلىكنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن 150 مېتردەك كېلىدىغان ئارىلىقتا بىر يەردە تۆمۈر – پولات تاۋلاش مەزگىللىرىدىن قالغان تاشلاندۇق يەرلىك پېچ بار. بۇ پېچ خىش بىلەن ياسالغان. تۇرخۇنىنىڭ يېنىدا يەنە شۇ ۋاقىتلاردا ئىشلەنگەن بىر نەچچە ئېغىز ئۆي بار.

قىيا تاش سۈرىتىنىڭ كۆلىمى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ھازىر كۆرگىلى بولىدىغان قىسمى تەخمىنەن 25 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

كۆجەي قىيا تاش سۈرىتىنىڭ تاھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. قىيا تاش سۈرىتى ئەسلىدە بىر پارچە ئۇزۇنلۇقى 25 — 30 مېتر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 9 مېتر كېلىدىغان، بىرىكمىسى ناھايىتى بوش بولغان قىيا تاشقا سىزىلغان. قىيا تاش سىرىتى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، بىر قىسىم قىيا تاش سۈرەتلىرى بىر مۇنچە ئۇۋاق تاش ۋە ئۇۋاق كۆمۈرلەرنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. قىيا تاش سۈرىتىنىڭ ئۈستىدىكى

يېقىنلا يەردە توخسۇن ناھىيىلىك 2 ـ كۆمۈر كانىنىڭ قۇدۇقى بار . بۇ قىيا تاشنىڭ بىر يېرىكمىسى بوش بولغاچقا ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەردە بوران كۆپ چىققاچقا ، بىر قىسىم قىيا تاش سۈرەتلىرىنى قۇم يالاپ بوران ئۇچۇرتۇپ كەتكەن .

كۆجەي قىيا تاش سۈرىتى 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن . خاتىرىسى يېزىلغان ، شۇ ئاساستا ئارخىپى ئىشلەنگەن .

كۆجەي قىيا تاش سۈرىتىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، سۈرەت چېكىلگەن بۇ قىيا تاش ، سۈرەت سىزىلغان دائىرىسى قوشۇلۇپ ، 25 كۋادرات مېتر كېلىدۇ . قىيا تاش سۈرەتلىرى خېلى چوڭقۇر جىجاپ سىزىلغان . قىيا تاش سۈرىتىدە ئىپادىلەنگەن شەكىللەردىن تاغ تېكىسى ، جەرەن ، ئارقار ، قۇش ، دەل ـ دەرەخ ھەمدە بىر قىسىم بۇلاق كۆزىگە ئوخشايدىغان شەكىللەر ، يەنە بەزىبىر ئېنىق بولمىغان شەكىللەر بار .

قىيا تاش سۈرەتلىرىنىڭ خاراكتېرى ، قىيا تاش سۈرەتلىرىدە تەسۋىرلەنگىنى ئاساسەن كۆپ ھاللاردا ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ سۈرەتلىرى بولۇپ ، سۈرەت سىزىقلىرى ناھايىتى ئوچۇق ، ناھايىتى جانلىق ، يارقىن ، ئوبرازلىق يارىتىلغان .

## 3 . كۆجەي قىيا تاش سۈرىتى ( B )

كۆجەي قىيا تاش سۈرىتى ( B ) توخسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆجەي بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 7 ـ 8 كىلومېتر كېلىدىغان غول ئىچى ۋە غول ئېغىزىغا تارقالغان .

قىيا تاش سۈرىتى بار يەرنىڭ غەربىي ـ شەرقىي ئىككى تەرىپى تاغلىق . تاغ جىلغىسى ئىچىدە شىمالدىن جەنۇبقا يۈزلىنىپ ئاققان بىر دەريا بار . غول ئېغىزى بىلەن شەرقىي تەرەپ تەكشىلىكتە ناھىيىلىك 2 ـ كۆمۈر كانىنىڭ تۇرالغۇ رايونى بار . غەربىي تەرەپ باغرى پەلەمپەي



ئۈستىدە ، پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش مەزگىللىرىدىكى مەدەن ئېرىتكەندە قېپقالغان مەدەن قالدۇقى دۆۋىلىرى بار . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆي ۋە پېچلار بار . غول ئىچىدە بىر يېزا يولى بار . يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە بۇ يول بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولىدىكەن .

كۆجەي قىيا تاش سۈرەتلىرىنىڭ تارقالغان دائىرىسى ( B ) تەكشۈرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا تەخمىنەن 40 ــ 50 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

كۆجەي قىيا تاش سۈرەتلىرىنىڭ تا ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى . ( B ) نۇقتىدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى غول ئېغىزىدىن غول ئىچىگىچە 2 كىلومېتردەك يەرگە تارقاق ھالەتتە سوزۇلغان . شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تەرەپ قىرغاقلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ . قىياتاش سۈرەتلىرىنى بىرىكمىسى تازا ياخشى بولمىغان ، قۇم كۆپ ئارىلاشقان قىيا تاشلارنىڭ ئۈستىگە سىزغان . قىيا تاشلار سېرىق قوڭۇر رەڭدە . بۇ قىيا تاشلارغا سىزىلغان بەزىبىر قىيا تاش سۈرەتلىرى بوران ۋە يامغۇرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆچۈپ كەتكەن . بەزىلىرى تاغ ئۈستىدە كۈن نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشى ، يامغۇرنىڭ ئېقىتىشى ، بوراننىڭ ئۇچۇرتۇشى بىلەن تىتىلىپ تۆگەپ كەتكەن . بەزىلىرى تاش ئېلىش ۋاقتىدا پارتلاتقۇچ دورىنىڭ تەسىرى بىلەن يۇمىلاپ چۈشۈپ كۆمۈلۈپ قالغان . بەزى تاشلار قاتلىنىپ قالغان .

كۆجەي قىيا تاش سۈرەتلىرى 1980 ـ يىلدىكى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن ، يەنە شۇ ئاساستا 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن قايتا تەكشۈرۈلگەن خاتىرىسى يېزىلغان .

كۆجەي قىيا تاش (B) سۈرىتى نۇقتىسىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، بۇ يەردىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغانلىرى ، ئومۇمىي كۆلىمى 40 ــ 50 كۋادرات مېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ . جىجالغان

سۈرەت سىزىقلىرى بەزىلىرى چوڭقۇر، بەزىلىرى تېيىز، سۈرەتلەر ئىچىدە تاغ تېكىسى، ئارقار، جەرەن، بۆرە، ئىت، بۇغا، ئات، تۆگە، ئادەم ۋە يەنە ئوۋچىلىق سۈرەتلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى شەكىللەرنى چۈشەنگىلى بولمىدى.

## Ⅳ ئوت تۇرى خارابىلىرى

### 1. ساي ئوت تۇرى

ساي ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيىسى خودۇڭ يېزىسى سايكارىز مەھەللىسىدە، بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 88° 33′ 30″، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 140 مېتر ئېگىز.

ئوت تۇرى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 10 كىلومېتردەك كېلىدۇ. ئەتراپى يەر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى سەل چوڭ. ئوت تۇرىمۇ شامال ئېغىزىغا جايلاشقانلىقتىن شامالنىڭ تەسىرىگە خېلى ئۇچرىغان. ئەتراپ يەر يۈزى شەكلى تىغ شەكلىدىكى ئېدىرلىق ھالەتنى شەكىللەندۇرگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئەتراپتا، شىمالدىن جەنۇبقا يۈزلەندۇرۇلگەن كارىزلار سىستېمىسى بار. يەر يۈزىدە شامال يالاپ، قۇملار ئۇچۇرۇپ كەتكەن ئىزلار بار. ئېدىرلىقنىڭ توپىسى قاتتىق، سېغىز توپىلىق، ئوت تۇرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى سايكارىز مەھەللىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي تەرىپى ئويمانكارىز بىلەن تۇتىشىدۇ.

سايكارىز ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 700 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

سايكارىز ئوت تۇرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس، ئوت تۇرى بوران ئېغىزىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، ئوت تۇرىنىڭ يۈزىدىكى بىر قەۋەت سۇۋاق سويۇلۇپ كەتكەن. جەنۇبىي تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكۈدەك ھالەتكە كېلىپ قالغان. شەرقىي تەرەپ تېمىنىڭ ساقلىنىشىمۇ



ياخشى ئەمەس. غەربىي تەرەپتىكى تېمىنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشى، سوقما قىلىپ ياسالغان. بەزى جايلىرىدا دەسلەپكى سوقما تام ئىزلىرى بار. ئايرىم جايلىرىنى كېسەك بىلەن رېمونت قىلىپ قويغان. سوقما تامنىڭ سوقما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 ـ 0.10 مېتر كېلىدۇ. ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر چېقىلىپ كەتكەچكە ئۆلچەش مۇمكىن بولمىغان. كەڭلىكى 0.20 مېتر، قېلىنلىقى 0.12 مېتر كېلىدۇ. ئوت تۇرى خارابىلىكى جەنۇبتىن شىمالغا 30 مېتر، شەرقتىن ـ غەربكە 23 مېتر كېلىدۇ. ھازىر ساقلىنىپ قالغان پارچە ـ پۇرات تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتر كېلىدۇ.

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىلىككە كېلىپ تەكشۈرگەن.

سايكارىز ئوت تۇرى كىچىك بىر ئېدىرلىق سۇپا ئۈستىگە قۇرۇلغان، سوقما قىلىپ ياسالغان. ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا ئىككى نۆۋەتتىن ئارتۇق رېمونت قىلىنغانلىقى مەلۇم. دەسلەپكى سوقما توپىسى ناھايىتى پاكىز، كېيىنكى سوقما تاملىرىنىڭ سوقما قاتلاملىرىدا لايدا ياسالغان كۆل رەڭ ساپال پارچىلىرىنىڭ بارلىقى بايقالدى. كۆل رەڭ توپا ياكى كۆيدۈرۈلگەن قىزىل توپىلار بار. ئايرىم يەرلىرىنى كېسەك بىلەن رېمونت قىلغان. خارابە ئەتراپىدا پارچە ـ پۇرات ئادەم ئۇستىخانلىرى بار. قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل، كۆل رەڭ ساپال پارچىلىرىمۇ بار. بۇلاردىن باشقا چاقچۇق پارچىلىرى، مايلىق قوڭۇر ساپال پارچىلىرى بۇ خارابىلىكتىن ئۇچرىمىغان. بۇلارغا ئاساسەن بۇ ئوت تۇرى خارابىلىكىنىڭ دەۋرىنى سەل ئىلگىرىرەك دەپ قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ.

بۇ ئوت تۇرى خارابىلىكىدىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۆل رەڭ ساپال، تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن قاچا پۇچۇقى قاتارلىق ئەۋرىشكىلەر يىغىۋېلىنغان.

سايكارىز ئوت تۇرى، بۇ خارابىلىك ئەتراپىدىن تېپىلغان ساپال پۇچۇقى ۋە ئۇلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن مىلادى Ⅴ ئەسىردە ياسالغان دەپ بېكىتىلدى.

## 2 . ئالغۇي ئوت تۇرى

ئالغۇي ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيىسى•ئىلانلىق يېزىسى تەۋەسدىكى ئېۋىرغول يويىز ئىستانىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 500 مېتر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ′ 52 °87 ، شىمالىي پاراللېل ′ 51 °42 تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 772 مېتر ئېگىز .

ئالغۇي ئوت تۇرىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئېۋىرغول پويىز ئىستانسىسى؛ جەنۇبىي تەرىپى چوڭقۇرلۇقى 16 مېتر كېلىدىغان يارداڭلىق . تۆۋەنكى تەرىپىدە قۇرۇق ئېقىن بار . شەرقىي تەرىپى ئاھالىلەر رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ .

ئالغۇي ئوت تۇرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى جەنۇبتىن شىمالغا 31.3 ـــ 954.65 كۋادرات مېتر كېلىدۇ . شەرقتىن غەربكە 30.5 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

ئالغۇي ئوت تۇرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى يامان ئەمەس . ئوت تۇرىنى كېسەك ـ تاشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قۇرغان قورغان شەكىللىك قۇرۇلۇش . تۇر خېلى ھەيۋەتلىك ياسالغان . قورغان كىچىك ئۆيلەر ۋە ئەسكىرىي گازارمىدىن تەركىب تاپقان . ئوت تۇرى قورغاننىڭ غەربىي بۇرجىكىدە . قورغان ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش تۇر بولۇپ ، رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئېگىزلىكى 10 مېتر كېلىدۇ . قورغاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ئېگىز ـ پەس ئىككى سۇپا بار . ئېگىزرەك سۇپا ئوت تۇرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ ، ئوت تۇرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ . جەنۇبىي تەرىپىدە سۇپىغا چىقىدىغان تاش پەلەمپەي بار . پەسرەك سۇپا جەنۇبىي تەرەپتە ، جەنۇبىي تەرىپىدە تاش پەلەمپەي بار . بۇ پەلەمپەي بىلەن سۇپىغا چىققىلى بولىدۇ . ئەسكىرىي گازارما جەمئىي ئىككى ئورۇندا بولۇپ ، بىرى ، شەرقىي تەرەپتىكى تام بۇرجىكىدە . ئىككىنچىسى غەربىي جەنۇبقا قارىتىلغان . ھازىر ئۆيلەرنىڭ ئۈلى قىسمىلا قېپقالغان . يەنە بىرى ، ئېگىز سۇپىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ، ئىشىكى شەرقىي شىمالغا قارىتىلغان . ھازىر ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ پارچە ـ پۇرات تاملىرىلا



بار . تامنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ .

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ يەرنى تەكشۈرگەن .

ئالغۇي ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى V ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى . ①

## 3 . پاقىلىق ئوت تۇرى

پاقىلىق ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيىسى شا يېزىسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 45 كىلومېتر كېلىدۇ . جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ′ 38 °88 ، شىمالىي پاراللېل ′ 44 °42 تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 31 مېتر ئېگىز .

پاقىلىق ئوت تۇرىنىڭ تۆت ئەتراپىنى قۇم بېسىپ كەتكەن . يانتاق قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر تۇرنى قاپلاپ كەتكەن .

پاقىلىق ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 173 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

پاقىلىق ئوت تۇرىنىڭ تاھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس . تۇر كېسەك بىلەن ياسالغان . پارچە ئېگىزلىكى 4 مېتر كېلىدۇ . جەنۇبتىن شىمالغا 14.7 مېتر ، . شەرقتىن ـ غەربكە 11.8 مېتر كېلىدۇ . ئومۇمەن ئۈزۈنچاق چاسا شەكىلدە ياسالغان .

پاقىلىق ئوت تۇرى 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ، تەكشۈرۈش خاتىرىسى يېزىلغان .

پاقىلىق ئوت تۇرى خارابىلىكىدىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ ساپال پارچىسى ۋە قىزىل ساپال پارچىسى قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى . بۇ

---

① : ئالغۇي ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئىلگىرى « خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇر » دەپ بېكىتىلگەن . ئۈستىگە ئاسقان قوغداش تاختىسىغىمۇ : « خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان تاشتۇر ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغداش ئورنى » دەپ يېزىلغان .

ئوت تۇرى V ئەسىرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابىلىكى دەپ بېكىتىلدى.

## 4. چىغبۇلاق ئوت تۇرى

چىغبۇلاق ( چىۋلاق ) ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ تۇتەي يېزىسىنىڭ شەرقىي – جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 88° 44′، شىمالىي پاراللېل 42° 47′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 38 مېتىر تۆۋەن.

چىغبۇلاق ئوت تۇرىنىڭ تۆت ئەتراپى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى بىلەن قورشالغان. شىمالىي تەرىپىدە يىراق ئۆستەڭ دەيدىغان بىر ئۆستەڭ بار.

چىغبۇلاق ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 76.5 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

چىغبۇلاق ئوت تۇرىنىڭ تا ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. ئوت تۇرى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئوغۇت ئېلىش، ئوغۇت توپلاش مەزگىللىرىدە تۇشۇپ كېتىلگەن. ھازىرقى پارچە ئېگىزلىكى 1.3 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 9 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 85 مېتىر كېلىدۇ. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىزغا قارىغاندا پۈتۈنلەي كېسەك بىلەن ياسالغان. ئوت تۇرىنىڭ شەكىللىنىشى ئاساسەن چاسا شەكىلدە.

چىغبۇلاق ئوت تۇرى 1980 – يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋاقتىدا بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن ۋە ئارخىپى ئىشلەنگەن، يەنە شۇ ئاساستا 1988 – يىل 3 – ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن يەنە بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن ۋە خاتىرىسى يېزىلغان.

چىغبۇلاق ئوت تۇرىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى V ئەسىرگە مەنسۇپ، شۇڭا بۇ تۇرنىڭ دەۋرى V ئەسىرگە تەۋە ئوت تۇرى دەپ بېكىتىلدى.



## 5. دادۇڭ ئوت تۇرى

دادۇڭ ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ خودۇڭ يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي – شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 88° 55′، شىمالىي پاراللېل 42° 52′ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 65 مېتىر تۆۋەن.

دادۇڭ ئوت تۇرىنىڭ تۆت ئەتراپى سەل تۈز كەتكەن سايلىق، ئۇ يەر – بۇ يەردە چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن. تۇرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن 36 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا تۇرپان – توخسۇن يېڭى تاشيولى بار. شىمالىي تەرىپىدە ئوت تۇرى تەرەپكە قاراپ ئاققان بىر قۇدۇق ئېقىن بار.

دادۇڭ ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 122.5 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

دادۇڭ ئوت تۇرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى. ئوت تۇرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى تېگى قىسمى سوقما قىلىپ ياسالغان. كېسەكلىرى 0.12 – 0.50 مېتىر كېلىدۇ. سوقما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.10 – 0.20 مېتىر كېلىدۇ. ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان پارچە ئېگىزلىكى 5 مېتىر كېلىدۇ. ئوت تۇرى تۈز كەتكەن كەڭ سايلىقتا قەد كۆتۈرۈپ، ھەيۋەت بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدۇ. خېلى يىراق ئارىلىقتىنمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۇرنىڭ شەكلى 4 چاسا قىلىپ ياسالغان.

دادۇڭ ئوت تۇرى 1980 –، 1986 – يىللىرى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن ئىككى نۆۋەت تەكشۈرۈلۈپ ئارخىپى ئىشلەنگەن. 1988 – يىل 3 – ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن يەنە بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلۈپ، خاتىرىسى يېزىلىپ ئارخىپى ئىشلەنگەن.

دادۇڭ ئوت تۇرىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، دادۇڭ

ئوت تۇرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە يىرىك ياسالغان قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ، قىزىل ساپال پارچىلىرى بار.

دادۇڭ ئوت تۇرىدىن تاش قورال، ساپال پارچىسى قاتارلىق بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەۋرىشكىلىرى يىغىۋېلىنغان.

دادۇڭ ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىگە ئاساسلانغاندا، V ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 6. كۆك ئوت تۇرى

كۆك ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ توتەي يېزىسى سايبۇلاق مەھەللىسى يېڭىيايلاقنىڭ غەربىي تەرىپىگە تەخمىنەن 3 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 88° 55′، شىمالىي پاراللېل 42° 43′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 87 مېتر تۆۋەن.

كۆك ئوت تۇرى شور ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 100 مېتر كېلىدۇ. تۆت ئەتراپى تۈز كەتكەن شورتاڭلىق ۋە زەيلىك يەرلەر. ئۆسۈملۈكلەردىن يۇلغۇن، قومۇچ قاتارلىق ياۋايى چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بار. شەرقىي تەرىپى يېڭىيايلاقا 3 كىلومېتر كېلىدۇ. غەربىي تەرىپى قاغىچاق مەھەللىسىگە 10 كىلومېتر كېلىدۇ.

كۆك ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 300 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

كۆك ئوت تۇرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى يامان ئەمەس. تۇرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يېرىلغان، ئۆرۈلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار. سۇپا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 20 مېتر، جەنۇبتىن ـ شىمالغا كەڭلىكى 15 مېتر كېلىدۇ. سۇپا سوقۇپ ياسالغان. سوقما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.08 ـ 0.10 مېتر كېلىدۇ. تۇرنىڭ ئوتتۇرىسىمۇ سوقما قىلىپ ياسالغان. سىرتقى قىسمى بىر قات كېسەك قۇرۇلۇشى بىلەن ئورالغان. كېسەكلەر 0.11×0.20×0.30 مېتر كېلىدۇ. ئوت تۇرى تەكشى يۈزلۈك، چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈپ ياسالغان.

كۆك ئوت تۇرى 1986 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت



يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن. شۇ ئاساستا 1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا يەنە بىر نۆۋەت تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن، خاتىرىسى يېزىلغان، ئارخىپى ئىشلەنگەن.

كۆك ئوت تۇرىدا ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بۇ يەردىن يىرىك ئىشلەنگەن، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ ساپال پارچىسى، قىزىل رەڭلىك ساپال پارچىسى ۋە يەنە يېشىل رەڭدىكى ساپال پارچىلىرى تېپىلغان.

كۆك ئوت تۇرىنىڭ ئۆزىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرگە، تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن V ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلگەن.

## 7. بۇغان ئوت تۇرى

بۇغان ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيە بازىرىنىڭ قىيپاش شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 10 كىلومېتر كېلىدىغان خودۇڭ يېزىسى ئويمانبۇلاق مەھەللىسى تەۋەسىدە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 88° 41′، شىمالىي پاراللېل 42° 52′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 5 مېتر تۆۋەن.

بۇغان ئوت تۇرى قۇرۇلغان يەرنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى، تۇر ئويمانبۇلاقنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپىدىن تەخمىنەن 500 مېتر كېلىدىغان ئارىلىقتا. يەر شەكلى ئويمان ـ ئالاھىدە چوڭقۇرلۇق شەكىللەنگەن. غەربىي ـ شىمالىي تەرەپتە يەرلىك ئاھالىلەر توخسۇن دەرياسى دەپ ئاتايدىغان قۇرۇق ئېقىن بار. ئوت ـ چۆپلەر ئۈنۈپ كەتكەن، ئەتراپى پۈتۈنلەي سايلىق ـ قاقاسلىق.

بۇغان ئوت تۇرى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 272 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

بۇغان ئوت تۇرى خارابىسىنىڭ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. ئوت تۇرى سوقما تام ۋە كېسەك بىلەن ياسالغان. ساقلىنىشى خېلى ياخشى. جەنۇبتىن شىمالغا 17 مېتر، شەرقتىن غەربكە 17

مېتىر ، ئېگىزلىكى 7 مېتر كېلىدۇ . ئۈستى قىسمىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە كېسەك بىلەن ياسالغان تام بولۇپ ، ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ . بۇغان تۇرىنىڭ تۆت تەرىپىدە 0.24×0.26 كېلىدىغان چاسا شەكىللىك تۆشۈكچىلەر بار . ئاستى ـ ئۈستى تەرەپتە ئىككى رەت قويۇلغان . ئۈستى رەتتە 5 دانە ، ئاستىنقى رەتتە 6 دانە بولۇپ ، بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىقى 1.10 مېتىر كېلىدۇ . ئاستى رەت بىلەن ئۈستى رەتنىڭ ئارىلىقى 1.60 مېتر كېلىدۇ . تۆشۈكلەر ئوت تۇرىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن . ئىككى تەرىپى ئوخشاش . ئوت تۇرى چاسا شەكلىدە قۇرۇلغان . كىچىك چاسا شەكىللىك تۆشۈكچىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى بىر نېمە دېمەك تەس . بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات داۋامىدا ئېنىقلانغۇسى .

بۇغان ئوت تۇرىنى 1986 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بىر نۆۋەت تەكشۈرگەن ، شۇ ئاساستا 1988 ـ يىلى توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى قايتا بىر نۆۋەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . خاتىرىسىنى يېزىپ ، ئارخىپىنى ئىشلىگەن .

بۇغان ئوت تۇرىنىڭ ئەتراپلىرىغا يىرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۆل رەڭ ۋە قىزىل ساپال پارچىلىرى تارقالغان . ئۇنىڭدىن باشقا سىلىق ، سىپتا ئىشلەنگەن ساپاللارمۇ بار . يەنە بەزىبىر سىپتا تاش قوراللارمۇ تېپىلغان .

بۇ يەردىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن 2 دانە سىپتا تاش قورال ۋە بىر قىسىم ساپال پۇچۇقلىرى يىغىۋېلىنغان .

ھەر تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلغاندا ، بۇغان ئوت تۇرى دادۇڭ ئوت تۇرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، دادۇڭ ئوت تۇرى بىلەن بىر دەۋرگە يەنى V ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .

## 8 . ئۈستىغول ئوت تۇرى

ئۈستىغول ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسى تەۋەسىدىكى ئۈستىغول ئېغىزىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغ



ئۈستىگە جايلاشقان . بۇ تۇرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 87° 59′ ، شىمالىي پاراللېل 42° 42′ قا توغرا كېلىدۇ . ئۈستىغول ئوت تۇرى دېڭىز يۈزىدىن 1416 مېتر ئېگىز .

ئوت تۇرى تاغ ئۈستىدىكى سەل ئېگىز بىر يەرگە قۇرۇلغان . جەنۇبىي تەرىپى تاغقا مىنگىشىپ تۇرىدۇ . شەرقىي تەرىپى تاغ بولۇپ ، تەپتەكشى سوزۇلغان . شىمالىي تەرىپى كەڭ كەتكەن سايلىق . غەربىي تەرىپى ئۈستىغولنىڭ غولغا كىرىش ئېغىزىدىكى مۇھىم ھالقا . غول ئىچىدە كىچىك بىر ئېقىن سۇ بولۇپ ، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە توختىماي داۋاملىق ئېقىپ تۇرىدۇ .

ئۈستىغول ئوت تۇرى تازا ياخشى ساقلىنىپ قالمىغان . تۇر ئەسلىدە تاش بىلەن يۇمىلاق شەكىلدە ياسالغان . ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان پارچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.5 مېتر ، ھەجمى 3 مېتر كېلىدۇ .

ئۈستىغول ئوت تۇرى 1986 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن . شۇ ئاساستا 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن يەنە بىر نۆۋەت قايتا تەكشۈرۈلگەن .

ئۈستىغول ئوت تۇرى ئالغۇيدىكى تاش تۇر بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇلغان بولۇپ ، V ئەسىردە بۇ يەردە ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان كىچىك تېپتىكى بىر ھەربىي ئەسلىھە خارابىلىكى بار . بۇ ئەسلىھە بۇ يەرنىڭ ئەينى زاماندىكى قاتناش ـ ترانسپورت ، ھەربىي ئىشلار ، سودا ئىشلىرى قاتارلىق بىر قىسىم جەمئىيەت ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتى بار .

## 9 . ھاسا ئوت تۇرى

ھاسا ئوت تۇرى توخسۇن ناھىيىسى تۇتەي يېزىسى دېھقانچىلىق مەيدانى 3 ـ ئەترەت مەھەللىسىنىڭ قىيپاش شەرقىي تەرىپىگە تەخمىنەن 5 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە . جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي

مېرىدىئان 88° 55′ ، شىمالىي پاراللېل 42° 46′ 36″ قا توغرا كېلىدۇ. هاسا ئوت تۇرى دېڭىز يۈزىدىن 100 مېتر تۆۋەن.

هاسا ئوت تۇرىنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى، ئوت تۇرىنىڭ ئەتراپى شورلۇق، قۇم بىلەن قىسمەن كۆمۈلگەن. غەربىي تەرەپتە 200 مېتر كېلىدىغان ئارىلىقتا ئېقىش يولى تۇراقسىز شەكىللەنگەن كىچىكرەك بىر ئېقىن بار. دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئوت تۇرىغا پىيادە بارغىلى بولىدۇ. ئوت تۇرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جەنۇبقا قارىسا تەخمىنەن 5 كىلومېتر كېلىدىغان ئارىلىقتا هاسا گۇمبىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خارابىلىك ئەتراپىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ناهايىتى ئېگىز. شەرقىي تەرەپتە 300 مېتر كېلىدىغان ئارىلىقتا بىر بورۇۋاي قۇدۇقى بار بولۇپ، ئەتراپىدا يەنە بىر نەچچە ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۆيلەر بار.

هاسا ئوت تۇرى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3150 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

هاسا ئوت تۇرى ياخشى مۇهاپىزەت قىلىنمىغان. هاسا ئوت تۇرى قەلئە شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، تۇر قەلئەنىڭ غەربىي ـ شىمالىي بۇرجىكىگە قۇرۇلغان، تۇرنىڭ گەۋدىسى كېسەك بىلەن قۇرۇلغان. تۇرنىڭ ئۈستى قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ئەسلىدىكى ئۆيلەرنىڭ هۇلىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كېسەكلەر سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لايدا ياسالغان. كېسەكلەر 0.13×0.20×0.40 مېتر كېلىدۇ. پۈتكۈل قورغاننىڭ گەۋدىسى سوقما قىلىپ ياسالغان. سوقما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.10 مېتر بولۇپ، قورغاننىڭ پەقەت شەرقىي تېمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇزۇنلۇقى 50 مېتر، ئېگىزلىكى 5.4 مېتر، ئۈستى تەرەپ كەڭلىكى 1.8 مېتر، تېگى تەرەپ 2.5 مېتر كېلىدۇ. سىرتقى تەرىپىدە ئات يۈزى شەكلىدىن بىرى بولۇپ، قېلىنلىقى 2.5 مېتر، كەڭلىكى 3 مېتر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپىدىكى سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 مېتر كېلىدۇ. ساق قېپقالغان قىسمى 2.2 مېتر كېلىدۇ. ئايرىم ئۆلچەلگەن قىسمىمۇ بار. قەلئەنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ يەر شارائىتى تۈزلەڭلىك بولۇپ خېلى ئازادە. يەر يۈزىدە ئەينى زامانلاردا كۆيدۈرۈلگەن توپىلار بار.



توخسۇن ناهىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا هاسا تۇرىنى تەكشۈرگەن. بۇ جەرياندا قەلئەنىڭ سىرتقى قىسمىدا ناهايىتى قېلىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال پارچىلىرىنىڭ بارلىقى بايقالدى. قەلئە سېپىلىنىڭ ئۇلى قېلىن بولۇپ، 2.5 مېتر كېلىدۇ. چاسا شەكلىدە ياسالغان. ئوت تۇرىنىڭ ئۈستى قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. قەلئەنىڭ سىرتقى قىسمى بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن كۆچمە قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن. قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك ساپاللاردىن باشقا بۇيۇملار تېپىلمىدى. قەلئەنىڭ ئىشىكى غەربىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان. شىمالىي تەرىپىدە پەقەت ئىشىكنىڭ ئىزىلا بار. كېسەك بىلەن قىرلاپ ياسالغان، سىرتقى قىسمىغا لاي سۇۋالغان. قەلئەدىن 100 ـــ 200 مېتر كېلىدىغان شەرقىي، شىمالىي، غەربىي ئۈچ تەرەپتە پارچە ـ پۇرات سېپىل خارابىلىرى بار. هازىرقى ئېگىزلىكى 1.5 مېتر كېلىدۇ.

تۇر ئەتراپىدىن قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك ساپال پارچىسىدىن 3 دانىسى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان، بۇلارغا «88 TKH ـــ 1.2.3» دەپ نومۇر بېرىلگەن.

مەدەنىيەت خاراكتېرى ۋە دەۋرىدە بۇ خارابىلىك V ئەسىردە ياسىلىپ ئىشلىتىلگەن ئوت تۇرى خارابىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلمىگەن.

1980 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇهاپىزەت قىلىش ئورنى بۇ خارابىلىكنى بىر نۆۋەت تەكشۈرگەن.

## V قەدىمىي ئىز ـ خارابىلار

### پارچە شاغال خارابىسى

پارچە شاغال خارابىسى توخسۇن ناهىيىسىنىڭ خودۇڭ يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىنىڭ 120 كىلومېتر

كېلىدىغان يېرىدىكى 1181 ـ نومۇرلۇق سىمتاناپ تۈۋرۈكىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە .

ئېگىزلىكنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 200 مېتر كېلىدىغان يەردە بايتوقاي دەرياسى بار . بۇ ئېگىزلىك ئاساسەن جەنۇبتىن شىمالغا يۆزلەنگەن . ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 مېتر كېلىدۇ . ئېگىزلىكنىڭ يۈزى قىسمى قەۋەتتە ئوت ـ چۆپلەر ئۈنگەن . قۇم ـ بورانمۇ نۇرغۇن ئۇچۇرتۇپ كەتكەن بولۇپ ، پەقەت سېغىز توپا قىسمى يالىڭاچلىنىپ قالغان . ئېگىزلىككە نۇرغۇن قورام تاشلار تارقىلىپ كەتكەن . بەزىبىر تاشلاردا ئىنسانلار تەرىپىدىن قالدۇرۇپ كېتىلگەن ئىزلار بولۇپ ، بۇ ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى . ئېگىزلىكنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدا بىر تاش دۆۋىلەنگەن قەبرە بولۇپ ، ھەجمى تەخمىنەن 8 مېتر كېلىدۇ .

پارچە شاغال خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 22 مىڭ 500 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

بۇ قەدىمىي خارابىلىكنىڭ ساقلىنىشى يامان ئەمەس . ئىز ـ خارابىلەر ۋە قالدۇق بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىلا ئېگىزلىككە تارقالغان . قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان يەرلەردە قورام تاشلار ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تاش قوراللار كۆپرەك . ئېگىزلىكنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر قىسىم ھادىسىلەر بايقىلىدۇ . بۇ ھادىسىلەر كۆيدۈرۈلگەن توپىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆل رەڭ توپا دۆۋىلىرىمۇ بار . كۆيدۈرۈلگەن توپىنىڭ غەربىي تەرىپىدە قەبرە قالدۇقلىرى بار . قەبرىنىڭ ئاشكارىلانغان دائىرىسىدە نۇرغۇنلىغان چېقىلىپ كەتكەن رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ پۇچۇقلىرى تارقالغان . قەبرە ئۆيى جەنۇبتىن شىمالغا يۆزلەنگەن . قەبرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يەنە بىر قىسىم ئەھۋاللار بار ، كۆچمە قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك ئېھتىمال بار . شۇڭلاشقا شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى ، قۇم ـ بوران پارچە شاغال قەدىمىي خارابىلىكىدىكى ئاساسىي خەتەر .

پارچە شاغال قەدىمىي خارابىلىكى 1987 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەك-



شۈرۈلۈپ ، خاتىرىسى يېزىلغان . 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1987 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا يەنە بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلدى .

بۇ قەدىمىي خارابىلىكتە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، ئېگىزلىكتىكى سېغىز توپا قاتلىمى ئۈستىدە ، تۇراقسىز قۇم بارخانلىرىنىڭ تېگىدە ، يەنە قېلىنلىقى ئېنىق بولمىغان قاتلام ئىچىدە بىر قىسىم پىششىقلانغان قورام تاش ، كۆيدۈرۈلگەن توپا ، كۆل رەڭ توپا قالدۇقى ھەمدە بىر قىسىم قەبرىلەر بار . قەبرىلەر ( تاش دۆۋىلەنگەن قەبرە ھەم تىك لەھەتلىك قەبرىلەر ) دەك شەكىللەرگە ئايرىلىدۇ . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىدىن ئۇزۇن ياسالغان تاش قوراللار ، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپاللار ، تېگى قىزىل قارا رەڭدە گۈل چېكىلگەن ساپاللار بار .

بۇ خارابىلىكتىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن بىر قىسىم بۇيۇملار يىغىۋېلىنغان بولۇپ ، بۇلارغا « 88 TKXC: 1.2.3.4.5.8 » ۋە « 88 TKX 6.7.9.10 : » دەپ نومۇر بېرىلگەن .

بۇ خارابىلىكنى تەكشۈرۈش داۋامىدا مېتالدا ئىشلەنگەن بۇيۇملار تېپىلمىدى . پەقەت ئۇرۇپ ياسىغان تاش قورال ۋە رەڭلىك ساپال قاچىلارلا تېپىلدى .

بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ خارابىلىك يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە خارابىلىك دەپ بېكىتىلدى .

## ئۈچىنچى باب
# پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

## I تاش قورال مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىزلار

### 1. تاشقىنئېرىق تاش قورال خارابىسى

تاشقىنئېرىق تاش قورال خارابىسى پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن بازىرى ئۈچكۆۋرۈك كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ قەدىمىي خارابىلىكنىڭ شەرقى تەرىپىدە قەدىمكى ئېقىن ئىزى بار. كۆپ قىسىم يەرلەر قۇملىشىپ كەتكەن، يەنە قىسمەن يەرلەر يېكەندىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تېرىلغان. بەزىبىر يەرلەر كۆپ يىللاردىن بېرى تېرىلماي قالغاچقا بوزلىشىپ كەتكەن. بۇ قەدىمكى خارابە ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان بىر ئائىلىلىك كىشى بولۇپ، بىر دانە بىر يۈرۈش ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار. ئۈچكۆۋرۈك مەھەللىسىدىن تۆتكارىزغا بارىدىغان هارۋا يولى بۇ يەردىن ئۆتىدۇ. بۇ قەدىمىي خارابىلىكنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۈچ يەردە قەدىمىي قەبرىستانلىق ۋە ئۈچكۆۋرۈك تاڭ دەۋرى قەبرىستانلىقى بار.

تاش قورال خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 600 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

تاشقىنئېرىق تاش قورال خارابىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۆرگە ئايرىلغاندا، تەبىئىي ئايرىمىسى A (ئىپتىدائىي جەمئىيەت خارابىلىكى) دەپ ئايرىلغان.

تاش قورال خارابىلىكىنىڭ تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى كېڭەيتىش سەۋەبىدىن بەزى يەرلەرنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان. كۆپ قىسىم يەرلەر يەنىلا ئەسلى قىياپىتى بويىچە ساقلىنىپ قالغان.



بۇ خارابىلىك پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن، تەكشۈرۈش داۋامىدا خاتىرە يېزىلغان، نۇقتا بېكىتىلگەن.

خارابىلىكتە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، خارابىلىكنىڭ ئورنى تەبىئىي شەكىللەنگەن قۇم قاتلىمى بولغاچقا، ئېگىز ـ پەس يارداڭلىق ـ غوللار بولمىسىمۇ لېكىن مەدەنىيەت قاتلىمى ئەھۋالىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئاساسەن يېڭى تاش قوراللار، يۇملاق شەكىللىك تاش مېغىزى ۋە باشقا شەكىلدىكى تاش قوراللاردىن ئىبارەت. بۇلار بىلەن بىرگە نۇرغۇن ساپال پۇچۇقلىرى قاتارلىق بۇيۇملارمۇ بار.

تاشقىنئېرىق تاش قورال خارابىسىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، بۇ خارابىلىكتىن ئايرىم ساندا تاش ياپرىقى، سىپتا ياسالغان تاش مېغىزى قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان. كۆپ قىسمى يەنىلا ياپىلاق شەكىلدىكى تاش قوراللار. ئاز قىسمىدا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى بار. بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

### 2. ئاقتېرەك يېڭى تاش قورال خارابىسى

ئاقتېرەك يېڭى تاش قورال خارابىلىكى پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسى تۇرپانكارىز كىچىك مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 800 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 90° 11′ 15″ ـ 16″، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ 4″ ـ 5″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 340 مېتىر ئېگىز.

بۇ يېڭى تاش قورال ئىزىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرى قۇمتاغ بىلەن ئورالغان. غەربىي ـ شىمالىي تەرىپىدە بىر كىچىك دەريا بار. بۇ يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئاقتېرەك دەرياسى دەپ ئاتالغان. بۇ دەريا شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا ئاقىدۇ. ئاقتېرەك دەرياسى

ئاساسەن ئىككى دەريادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دەريانىڭ بىرى شىمال تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدۇ. يەنە بىرى تاغ يىلتىزلىرى دەرياسى. ئاقتېرەك دەرياسى ئاساسەن تاغنىڭ بىر تەرىپىنى يالاپ ئېقىپ ئۆزگىچە شەكىللەنگەن دەريا بولۇپ، ئەسلىدە 10 نەچچە مېترلىق يارداڭلىق شەكىللەنگەن. قىسمەن ساقلىنىپ قالغان، تولۇق ئەمەس. III — IV ئەسىرلەردىكى ئۆزگىچە شەكىللەنگەن پەلەمپەيلىك. بۇ يەردىكى سۇ مەنبەسى ئاساسەن بۇلاقلاردىن يىغىلىدۇ. بۇ يەردىكى بۇلاق كۆزلىرى ناھايىتى مول، تۇپرىقى كۆپىنچە قۇم ئارىلاش كېلىدۇ. بۇ يەردە شەكىللەنگەن تېيىز كۆللەردىكى دۆۋىلەر سەل قىلىن.

ئاقتېرەك يېڭى تاش قورال ئىزىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ ( بۇ تاش قوراللارنىڭ تارقالغان دائىرىسى ).

ئاقتېرەك يېڭى تاش قورال ئىزىنىڭ تا ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى، ۋەيرانچىلىق بەك ئېغىر، خارابىلىكنىڭ تارقالغان دائىرىسى جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كۆپ قىسىم يەرلەر قۇملىشىپ كەتكەن. خارابىلىك دائىرىسى ئىچىدىكى تاڭ دەۋرىگە تەۋە بىر قىسىم قەبرىلەر ھازىرقى زامانغا تەۋە قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى بىلەن تامامەن ۋەيران بولۇپ بۇزۇلۇپ كەتكەن.

ئاقتېرەك يېڭى تاش قورال خارابىلىكى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى خارابىلىككە يېقىن ئەتراپتىكى باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىز - خارابىلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا تاسادىپىي سېزىلگەن يېڭى نۇقتا. ئاساسەن 1988 - يىل 4 - ئايدىكى ئاقتېرەك تاڭ دەۋرى قەبرىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋاقتىدا سېزىلگەن يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەۋە قەدىمىي ئىز. بۇ ئىزنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ئالدىن ئىككىنچى قەدەمدە قايتا پىششىقلانغان قوش قانىتى شەكىللىك تاش قوراللارنىڭ بارلىقى بايقالغان. داۋاملىق تەكشۈرۈش داۋامىدا يەنە تاش ياپرىقى قاتارلىق قوراللار بايقالغان. خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك نۇقتىسى بېكىتىلگەن. بۇ يەردىن يېڭىدىن قېزىلغان



قەبرىلەرنىڭ كەسمە يۈزلۈك خەرىتىسىدىن ھەممە بۇ يەردىكى ئەسىرلەردىن بۇيان شەكىللەنگەن يارداڭلىقتىن كۆزەتكەندە، قەدىمكى زامان مەدەنىيەت دۆۋىسى بارلىقى مەلۇم.

خارابىلىكتە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى كۆپ قىسىم يەرلەرنى قۇم بېسىۋالغان بولۇپ، تاش قوراللارنى پەقەت يەر يۈزى قىسمىدىنلا يىغىۋېلىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

بۇ يېڭى تاش قورال خارابىلىكى ئىزىدىن جەمئىي 59 دانە تاش قورال ئەۋرىشكىسى يىغىۋېلىندى. بۇ ئەۋرىشكىلەرگە ئارخېئولوگىيىلىك قائىدە بويىچە، « 88SPA:1 — 59 » دەپ نومۇر بېرىلدى. بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قورام تاش ۋە قىياتاشلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ يەردىن تېپىلغان ياپراقچە تاش قوراللاردا 2 - قەدەمدە قايتىلاپ پىششىقلىغان ئىزلار بار. پىششىقلىنىش ئەھۋالى بىر قەدەر مۇكەممەل قانات شەكىللىك تاش قوراللار بار. بەزىبىر تاش قوراللار يالاڭ بىسلىق، بەزىلىرى قوش بىسلىق، پىششىقلاش جەريانىدىكى ئاساسلىق تېخنىكا سەنئىتى تاش قورالنىڭ بىر تەرىپىدىن ئۇرۇش - يونۇش ئاساس قىلىنغان.

خارابىلىكتە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت دەۋرى، بۇ قەدىمىي خارابىلىكتىن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللاردىن باشقا، يەنە بەزىبىر قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پۇچۇقلىرىنىڭمۇ بارلىقى بايقالغان. بۇ يەردىكى تاڭ قەبرىلىرى ئىلگىرى قېزىلغان ياكى ئوغرىلاپ كېتىلگەن قەبرىلەر. بۇلارنىڭ ئەتراپىدا يەنە يېڭى قەبرىلەر بار. ساپال پارچىلىرى كېيىنكى دەۋرگە تەۋە قەبرىلەردىن چىققان. تاش قوراللاردىن بەزىلىرىنى كۆزىتىش، ۋاسىتە ئارقىلىق زەربە بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان ئىزلارنىڭ بارلىقىمۇ بايقالغان. تاش ياپرىقى، سىپتا ياسالغان تاش مېغىزى قاتارلىق تاش قوراللارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە شىنجاڭ تاش قورال دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

## 3 . قىزىلقۇم تاش قورال خارابىسى

قىزىلقۇم تاش قورال خارابىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى چۇۋانقىر تەۋەسىدىكى يۇتۇق مەھەللىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 3 كىلومېتر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 54′ 3″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ 58″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 260 مېتر ئېگىز .

قىزىلقۇم تاش قورال خارابىسى قىزىلقۇم ئۆستىڭىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن ئېگىزلىككە جايلاشقان . يۇتۇق كەنتى قىزىلقۇم ئۆستىڭىنىڭ جەنۇبىي قېتىدا مەخسۇس ئېشەك ھارۋىلىرى ماڭىدىغان بىر يول بار ( ھازىر بۇ يولدا كىچىك تىپتىكى ماشىنىلارمۇ قاتنىيالايدۇ ) . لۈكچۈندىن لەمجىنگىچە تۇتاشتۇرۇلغان قاراماي يولى بار . بۇ يەر ئەسلىدە تاغ ئارىسىدىكى جىلغا ئىدى . قەدىمىي خارابىلىكنىڭ جەنۇبىي تەرىپى يالقۇنتاغ تىزمىسى . شىمالىي تەرىپى يالقۇنتاغنىڭ كىچىك تارماق تىزمىسى ، ئىككى ئارىلىقتا كىچىك بىر دەريا بولۇپ ، يەرلىك كىشىلەر بۇ دەريانى قىزىلقۇم ئۆستەڭ دەرياسى دەپ ئاتىشىدۇ . بۇ يەردىكى يارداڭلىق چوڭقۇر بولۇپ ، 20 نەچچە مېتر كېلىدۇ . بۇ ئىككى تاغ تىزمىسىنىڭ ئالدى تەرەپ يانتۇلۇقى جەنۇبىي تەرىپى شىمالىي تەرىپىدىن كەڭرەك كېلىدۇ . جەنۇبىي تەرىپىنىڭ يانتۇلۇقىنى ئوچۇق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ . بۇ يەردە ھەم ئىككى قاتلام ئېگىزلىك بار . بىرىنچى قاتلام ئېگىزلىكنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 100 مېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ . ئىككىنچى قاتلام ئېگىزلىكمۇ 100 نەچچە مېتر كېلىدۇ . بۇ يەردىن تېپىلغان سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللارنىڭ ئورنى ئاساسەن 1 - قاتلام پەلەمپەيگە تارقالغان . ئېقىن ئىچىدىكى ئايرىم تولۇق بولمىغان پەلەمپەيلەرگە ئاساسەن مۆلچەرلىگەندە بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان 1 - پەلەمپەيي ئېھتىمال بۇ يەردىكى تەبىئىي پەلەمپەيلىكنىڭ 4 - ياكى 5 - قاتلىمى بولۇشى مۇمكىن .

بۇ قەدىمىي تاش قورال خارابىلىكنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر



كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

بۇ تاش قورال خارابىلىكنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى مۇنداق ، بۇ قەدىمىي خارابىلىكنىڭ ھەممىسىلا قىزىلقۇم بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن . ئاشكارىلىنىپ قالغان تاش قوراللار ناھايىتى ئاز . 400 كۋادرات مېترلىق بىر پارچە يەردە ئىنسانلار تەرىپىدىن تاشلارنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ياسىغان سۈپەتسىز تاش ياپراقلىرى ناھايىتى كۆپ تارقالغان . بۇ ئېھتىمال ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاش قوراللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىسى بولۇشى مۇمكىن . بۇ يەردىن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللار ئازراق . تاش قوراللارنىڭ ئەتراپقا تارقىلىش ئەھۋالى سەل كەڭرەك . شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 1 كىلومېتر كېلىدۇ . جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 200 مېتردەك كېلىدىغان دائىرە ئىچىگە تارقالغان .

قىزىلقۇم تاش قورال خارابىسى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم بايقالغان ، پىچان ناھىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى دەرھال كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ، بۇ يەردە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرغان ، 1988 - يىل 4 - ئايدا بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ، بىر تەرەپتىن خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتكەن ، خاتىرىسىنى يازغان . تەكشۈرۈش داۋامىدا بىر مۇنچە ئەۋرىشكىمۇ يىغقان .

بۇ قەدىمىي خارابىلىكتە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، قىزىلقۇم غولىدىكى يارداڭلىقلاردىكى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش جەريانىدا بۇ يەردىن ئىنسانلار مەدەنىيەت قالدۇقىنىڭ بارلىقى بايقالغان . مەدەنىيەت دۆۋىسىمۇ ناھايىتى ئېنىق ، تاش قوراللار ئاساسەن يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان .

بىر مۇنچە تاش ياپراقچىلىرى ، ياپراقچە تاش قوراللار ، تاش مېغىزى ، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل قوڭۇر رەڭلىك ساپال پۇچۇقى قاتارلىق بۇيۇملار ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان . بۇ ئەۋرىشكىلەرگە : « 88SLS(Y):1 — X » دەپ نومۇر بېرىلگەن .

قىزىلقۇم يېڭى تاش قورال خارابىلىكىنىڭ دەۋرى ، بۇ خارابىلىكتىن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللار ئىچىدە سىرتقى شەكلى گېئو-

مېتىرلىك شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى تاش قورallar بارلىقى مەلۇم، يەنە بىر قىسىم قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك قىزىل ساپاللارنى يىغىۋالغان. يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە ئاساسەن كۆزەتكەندە دەۋرى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

## 4. ياڭخېي ئاسقالمەھەللە يېڭى تاش قورال خارابىسى

ياڭخېي ئاسقالمەھەللە يېڭى تاش قورال خارابىسى پىچان ناھىيىسى تۇيۇق يېزىسىنىڭ ياڭخېي ئاسقالكارىزىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، مەھەللە بىلەن ئارىلىقى 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 39′ 21″ — 22″، شىمالىي پاراللېل 42° 47′ 34″ — 35″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 37 مېتىر تۆۋەن.

ئاسقالمەھەللە يېڭى تاش قورال خارابىلىكى تۇيۇق غولىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كەلكۈن، قىيان سۇلىرى ئېقىتىپ كەلگەن ئېقىندى قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە. ھازىرقى قىياپىتى سايلىق، قۇملۇق، شېغىللىق يەر. يېڭى تاش قورال خارابىلىكىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تاشلىۋېتىلگەن تېرىلغۇ ئېتىزى بار. تاش قورال خارابىلىكى مەھەللىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. مەھەللە بىلەن ئارىلىقى يىراق ئەمەس. ئۇ يەردە بىر ئۆستەڭ بولۇپ، خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كارىزلار بار. سىڭگىم ئېغىزىدىن تۇيۇققا بارىدىغان يول تۇيۇق يېزىسىدىكى مەھەللىلەرگە يېقىن. جەنۇبقا ئۆتۈپ سايلىققا قەدەم باسقاندىن كېيىنلا خارابىلىككە بارغىلى بولىدۇ. مەخسۇس ياسالغان تاشيول يوق. ياڭخېي قەدىمىي قەبرىستانلىقى بىلەن ئاسقالمەھەللە يېڭى تاش قورال خارابىلىق بىر جايغا قويۇلغان.

ئاسقالمەھەللە يېڭى تاش قورال خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئاسقالمەھەللە يېڭى تاش قورال خارابىسىنىڭ ئىلگىرىكى مەزگىلىدىكى تارىخى مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV — III ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان. بۇ يەردىكى ئاسقالمەھەللە قەدىمىي قەبرىستانلىقى ناھايىتى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ئوغرىلىقچە قەبرە قازغۇچىلار ۋە ئالتۇن،



گۆھەر قازغۇچىلار نۇرغۇن قەدىمىي قەبرىلەرنى قالايمىقان قازغانلىقتىن، قەدىمىي قەبرىلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپلا قالماستىن، چېقىۋېتىلگەن ساپال پۇچۇقلىرى ھەممىلا يەرگە تاراپ كەتكەن بولۇپ، قەدىمىي تاش قورال خارابىلىكى، قەدىمىي قەبرىستانلىق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

بۇ قەدىمىي ئىزلار پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 - يىل 4 - ئايدا نەق مەيداندا ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرە يېزىلغان.

خارابىلىكتە ئېپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، بۇ يەر ھەم سايلىق بولۇپ، قورام تاشلارنى ئاساسىي ئامىل قىلغان بارخانلىق بەلباغ. مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن قېلىنلىقى ئېنىق ئەمەس، بۇ يەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئاساسلىقى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قورallar، تاش ياپراقلىرى، ساپال قاچا پارچىلىرى، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ بۇيۇملار ئەسلىدە قەبرە ئىچىگە قويۇلغان بۇيۇملاردەك ئېھتىمالى بار.

بۇ قەدىمىي خارابىلىكتىن بىر دانە ئەۋرىشكە يىغىۋېلىنغان ھەممىدە «88AyTS:1» دەپ نومۇر بېرىلگەن.

ئاسقالمەھەللە يېڭى تاش قورال خارابىلىكىنىڭ دەۋرى، بۇ خارابىلىكتىن بىر قىسىم تاش ياپرىقى ۋە يىرىك پىششىقلانغان تاش قورallar ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سىپتا تاش قوراللارمۇ يىغىۋېلىنغان. خارابىلىك قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان؛ دائىرىسىنى بېكىتمەك سەل تەسرەك. ھازىرقى كۆلىمى تەخمىنەن 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كۆپ قىسمى قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقتىن، كېيىنكى دەۋرىنى بېكىتمەك سەل تەسرەك.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىز ئۈستىدە كۆپرەك ۋە ئەستايىدىل تەتقىقات خىزمىتى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 5 . ئىككىنچى كەنت تاش قورال خارابىسى

ئىككىنچى كەنت تاش قورال خارابىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ دۆڭبازار يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان ئىككىنچى كەنتنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1 كىلومېتر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ″2 ـ ″1 ′14 °90 ، شىمالىي پاراللېل ′51 °42 قا توغرا كېلىدۇ . ئىككىنچى كەنت تاش قورال خارابىسى قۇم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ھىلال ئاي شەكىللىك قۇم دۆۋىسى ئارىلىقىدا . قۇم دۆۋىسى قىرغاققا يېقىن . شەرقىي تەرىپى بىلەن غەربىي تەرىپى تۇتاش كەتكەن . قۇم دۆۋىسى شىمالدىن جەنۇبقا ئېگىزلەپ سوزۇلغان بولۇپ ، بۇ يەردە يانتاق قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن . خارابىلىكنىڭ شىمالىدىكى قۇم ئېقىنى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان . شىمالىي قىرغاقتىن بۇ يەردە 3 پەلەمپەيىنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ . قۇم ـ بورانىنىڭ تەسىرىدىن قۇم دۆۋىسى دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا داۋاملىق يۆتكەلمەكتە . ھازىر 1 ـ پەلەمپەيدىن يۆتكىلىۋاتقان ھالەتنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ . شىمالىي قىرغاقتىكى قۇم دۆۋىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، قۇم دۆۋىسىنىڭ شىمالغا يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بۇ خارابە ئەسلىدە 2 ـ پەپەيلىكتە بولۇپ ، قۇملار داۋاملىق يۆتكىلىپ تۇرغاچقا ئەسلى يەر يۈزىنى كۆمۈۋالغان . خارابە شىمالىي قىرغاقتىن 288 مېتر يىراقلىققا توغرا كېلىدۇ .

ئىككىنچى كەنت تاش قورال خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى ، خارابىلىكنى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا ، خارابىلىكنىڭ تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 400 ـ 500 مېتردەك كېلىدۇ . ئومۇمىي كەڭلىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ . قۇملىنىش ئەھۋالى ئېغىرراق .

ئىككىنچى كەنت تاش قورال خارابىسىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى ، خارابىلىكتە قۇم كۆچۈپ ، ئىزنى كۆمۈۋالغاچقا ، يەر يۈزىدىكى ئەھۋاللارنى ئېنىقراق پەرق ئېتىش سەل قىيىن ، بەزىبىر قۇم ئازگاللىرى ۋە



قۇملۇق جىلغىلاردا قورام تاشلار بار . دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يەر يۈزى سېغىز توپا چۆكمىسى قەۋىتىدىن شەكىللەنگەن . بۇ ئەھۋاللاردىن شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى ، بۇ رايوننىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ، يەر يۈزى قورام تاشلىق ، تېگى قاتلىما سېغىز توپا قاتلىمى ئىكەنلىكى ئېنىق . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قۇم كۆمۈۋالغان جىلغىدىن ۋە قۇم ئازگاللىرىدىن تېپىلغان .

ئىككىنچى كەنت تاش قورال خارابىلىكى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىنى ئىزدەش ـ تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، خەرىتىدىكى ئورنى بېكىتىلىپ ، خاتىرىسىنى يازغان ، خارابىلىككە ئېتىبار بېرىلىپ ، ئەستايىدىل ، ئىنچىكە تەكشۈرۈلگەن .

بۇ تاش قورال خارابىلىكىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، مەدەنىيەت قاتلىمى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان ، بەزىبىر قۇم جىلغىلىرى ۋە قۇم ئازگاللىرىدىن بىر قىسىم تاش قوراللار تېپىلغان ، مەدەنىيەت شەكلىنىڭ تارقالغان دائىرىسى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى دۆۋىسى ئېنىق ئەمەس .

بۇ خارابىلىكتىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن تاش مېغىزى ، تاش ياپرىقى ، 26 پارچە ساپال پۇچۇقى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىۋېلىنغان . بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا « 6 — 88SDR:1 » دەپ نومۇر بېرىلگەن .

ئىككىنچى كەنت تاش قورال خارابىلىكىنىڭ دەۋرى ، خارابىلىكتىن بىر قىسىم تاش قوراللار بىلەن يەنە كۆپ ساندىكى ساپال پارچىلىرى تېپىلغان . بۇلاردىن قارىغاندا ئىككى خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بارلىقى مەلۇم . بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان تاش قوراللار ئىچىدىكى قوش بىسلىق قىرغۇچى ئەسۋاب ، ئۇيپالدىكى سىپتا تاش قوراللار خارابىلىكىدىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ . ئەزەلدىن تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە تەۋە خارابىلىك .

قەدىمىي ئىزدىن تېپىلغان تاش قوراللار ئىلگىرىكى زامان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . بۇلار شىنجاڭنىڭ سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى يېڭى ماتېرىيال . بۇ خىل ئەھۋاللار بۇ خارابىلىك ئۈستىدە تېخىمۇ ئىنچىكە ، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات خىزمىتى ئىشلەپ ، بۇ خارابىلىكنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن قىياپىتىنى تېخىمۇ ياخشى ، تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

## 6. دىغار تاش قورال خارابىسى

دىغار تاش قورال خارابىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ دىغار يېزىسى دىغار كەنتىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپىگە 800 مېتر كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 54′ 48″ — 49″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 34′ 13″ قا توغرا كېلىدۇ .

دىغار تاش قورال خارابىلىكى پىچاندىكى قۇمتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاغ ئالدىدىن دىغار كەنتىگىچە ، مېلىك هاجى كارىزى ۋە مۇجاڭ كارىزى تەبىئىي كەنتلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى سايلىقتا ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى ياخشى ئەمەس . ئېگىز - پەس شەكىللەنگەن . كۆپ قىسىم يەرلەردىكى سەل - پەل ئېگىزلىكلەرگە شور ۋە قاتتىق قاسراقلىق توپا قاتلىمى تارقالغان . تاش قورال خارابىسى تاشيولنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مېلىك هاجى كارىزىدىكى خاماندىن باشلىنىپ ، شەرقىي جەنۇبقا تەخمىنەن 3 كىلومېتر سوزۇلىدۇ . كەڭلىكى 1 كىلومېتر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە تاش قوراللارنى يىغىۋالغىلى بولىدۇ .

دىغار تاش قورال خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1×3 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

دىغار تاش قورال خارابىلىكىنىڭ هازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى ، بۇ يېڭى تاش قورال خارابىلىكى كىشىلەر تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ ، تەبىئىي قىياپىتى تۇرغۇزۇلۇپ ، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئىزغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالى ئېنىقلانغان .



دىغار تاش قورال خارابىلىكى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 - يىل 4 - ئايدا نەق مەيداندا تەكشۈرۈلگەن . تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىنى بېكىتىلگەن ، خاتىرىسى يېزىلغان . بۇ خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدا مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بار .

دىغار تاش قورال خارابىلىكىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، خارابىلىك تېپىلغان يەر ئەسلىدە شامال ياللاپ ، بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر پارچە ئويمان يەر ، ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىكى سېغىز توپا قاتلىمى ۋە قۇم - توپا قاتلاملىرى چېقىپ قالغان . ئەسلىدىكى قۇم سېغىز قاتلىمى ئارىسىدىن ئومۇرتقىلىق هايۋاناتنىڭ تاشقا ئايلانغان ئۇستىخانلىرى تېپىلغان . ئىزنىڭ ئورنى يەر يۈزىدىن 1.5 مېتر ئېگىزلىكتە كېلىدۇ . تېپىلغان هايۋانات ئۇستىخىنىغا دەز كەتكەن . ئۇزۇنلۇقى 0.10 مېتر كېلىدۇ . قۇمنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ يېشىل رەڭگە كىرىپ قالغان . ئاز ساندا دات رەڭگى بار . ئويمان يەردىن گەرچە زور قىسىمدا تاش قوراللار چىققان بولسىمۇ ، قۇم ئارىسىدىن باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلمىغان .

بۇ قەدىمكى خارابىلىكتىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن ، پىششىقلاپ قايتا ئىشلەنگەن سىپتا تاش ياپرىقى ، شەكلى كەڭ تاش ياپرىقى ، ئۇچلۇق تاش ياپرىقى ، كەڭ كەلگەن يايسىمان تاش ياپرىقى ، بېشى يۇملاق تاش ياپرىقى ، تۆرۈك بىسلىق قىرغۇچى ئەسۋاب ، تاش مېغىزى قاتارلىق تاش قوراللاردىن نەچچە يۈزى يىغىۋېلىنغان بولۇپ ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا « X — 1:88SDK » دەپ نومۇر بېرىلگەن . بۇ تاش قوراللار ئىچىدە ، يۇملاق شەكىللىك تاش مېغىزى ۋە چوڭ تىپتىكى تاش قوراللار بار .

دىغار يېڭى تاش قورال خارابىلىكىنىڭ دەۋرى ، بۇ خارابىلىكتىن تاش قوراللاردىن باشقا ، ساپال قورال ۋە ساپال پۇچۇقلىرى تېپىلمىغان . تاش قوراللار ئىچىدىكى كەڭ ياسالغان ئالاھىدە تاش ياپرىقى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تاش قورال دەپ قارالغان پىششىقلانغان سىپتا تاش

ياپراقلىرى بار. بېگىز شەكىللىك تاش مېغىزى، ياي شەكىللىك تاش مېغىزى قاتارلىقلار بار. بۇ خارابىلىكتە يەنە سىپتا تاش قوراللارنى ئاساس قىلغان ئېلگىرىكى زامان تاش قورال دەۋرىنىڭ قالدۇقى بار. هازىر يەر قاتلىمىدىن هايۋاناتنىڭ تاش قاتمىسى بايقالغان بولۇپ، تاش قاتما بىلەن تاش قوراللارنىڭ دەۋرىنىڭ مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالسا، بۇ يەردىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭ دەۋرى 10 مىڭ يىلغا يېتىدۇ.

قەدىمىي خارابىلىكنىڭ دائىرىسى سەل كەڭرەك، 3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇم قاتلىمى ئاستىدا هايۋاناتنىڭ تاش قاتمىسى بار. داۋاملىق ئىنچىكە، ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. تاش قوراللار سەل كۆپ بولۇپ، هەممىلا يەردىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرى داۋامىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## II قەدىمىي شەهەر - قورغانلار

### 1. دۆڭبازار خارابىسى

دۆڭبازار خارابىسى پىچان ناهىيىسىنىڭ دۆڭبازار مىللىي يېزىسى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى تېرىلغۇ ئېتىزى ئىچىدە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 90° 13′ 23″، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 35″ - 36″ قا توغرا كېلىدۇ.

دۆڭبازار خارابىسىنىڭ شەرقىي تەرىپى دۆڭبازار خەلق هۆكۈمىتى بىناسىنىڭ غەربىي - شىمالىي تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئىنككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەر شارائىتى تۈز. جەنۇبىي تەرەپتە قۇمتاغ بىلەن تەخمىنەن 2 كىلومېتىردەك كېلىدۇ.

دۆڭبازار خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

دۆڭبازار خارابىسى ئادەملەرنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ قاتتىق



ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان.

1988 - يىل 3 - ئايدا پىچان ناهىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكشۈرۈش داۋامىدا بۇ خارابىلىك هەققىدە خاتىرە يازغان، خەرىتىدىكى نۇقتىنى بېكىتكەن.

دۆڭبازار خارابىسىدىكى مەدەنىيەت قاتلىمى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 2 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كېلىدۇ. مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.30 مېتىر كېلىدۇ. پەقەت بىرلا قەۋەت بىلەن چەكلىنىدۇ. مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى مەزگىللەردە بىر قەۋەت يىغىندى تىنما شەكىللەنگەن. ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت ئالاهىدىلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئەخلەت ئازگاللىرى دېهقانچىلىقنىڭ تېرىلغۇ مەزگىللىرىدە قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. يەر قاتلىمىدىن ئېگەرسىمان يارغۇنچاق تېشى ۋە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپاللار تېپىلغان.

دۆڭبازار خارابىسىنىڭ دەۋرى، ئېگەرسىمان يارغۇنچاق تېشى ۋە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك ساپال پارچىلىرىغا ئاساسەن تەهلىل - تەتقىقات يۈرگۈزگەندە، خارابىلىكنىڭ دەۋرىنى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە مەدەنىيەت ئىزى دەپ هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

### 2. قوشجاڭزا خارابىسى

قوشجاڭزا خارابىسى پىچان ناهىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى تۈگمەنبويى مەهەللىسى 4 - كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، لۈكچۈن بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 45′ 42″، شىمالىي پاراللېل 42° 45′ 45″ - 46″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 19 مېتىر تۆۋەن.

قوشجاڭزا خارابىسى يەرلىك ئاهالىلەر تەرىپىدىن ساقىر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەر يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي تەرەپىنىڭ ئالدىدىكى سايلىقتا جايلاشقان. خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدا ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار. داۋاملىق سۇ چىقىپ تۇرىدۇ. لۈكچۈن بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يول بولۇپ، يولنى بويلاپ شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئۆستەڭنى بويلاپ شەرققە

ماگغاندا قوشجاگزا خارابىلىكىگە بارغىلى بولىدۇ. خارابىلىكنىڭ ئورنى ھازىر پۈتۈنلەي تېرىلغۇ ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن.

قوشجاگزا خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 120 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

قوشجاگزا خارابىلىكى يەر رەتلەش داۋامىدا بۇزۇۋېتىلگەن. ھازىر ياخشىراق ساقلانغان بىرەر قىرغاقنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

قوشجاگزا خارابىلىكى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، خەرىتىدىكى ئورنى بېكىتىلگەن ۋە خاتىرە يېزىلغان.

قوشجاگزا خارابىلىكىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى شۇكى، خارابىلىكتىن ياخشىراق ساقلانغان ياردائىلىق ۋە قىرغاق تېپىلمىغاچقا، مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ قېلىن ـ چوڭقۇرلۇقىغا قارىتا ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىر نەچچە جايدىكى ئازگاللاردىن قىسمەن ساپال پارچىلىرى تېپىلدى. بۇ ساپاللارنىڭ ھەممىسى قۇم ئارىلاش يىرىك ساپال ۋە يۇمشاق قۇم ئارىلاش سىلىق ساپاللاردىن ئىبارەت. ساپاللارنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت قىزىل رەڭ يالىتىلغان، ئاندىن قارا رەڭدە گۈل سىزىلغان. گۈللىرى يول ـ يول گۈل نۇسخىسى، ئۈچ بۇرجەك گۈل نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. بەزىبىر قاچىلارنىڭ ئاغزىنىڭ ئىچى تەرىپىدە ۋە سىرتقى گىرۋەكلىرىدە گۈل نەقىشلىرى بار. ساپال قاچىلارنىڭ قۇلاق شەكلى ئوخشاش ئەمەس، بىزگە ياپىلاق قۇلاق شەكلى ۋە تاسما قۇلاق شەكلى ئۇچرىدى. تاش قوراللاردىن تاش ساقا قاتارلىقلار بار.

خارابىلىكنىڭ دەۋرى، بۇ خارابىلىك ئەسلىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر نۇقتىلىق تۇرالغۇ جايى بولغان. بۇ تۇرالغۇ رايونىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدىكى ساپال قاچىلارنىڭ شەكلى ساپاللارنىڭ رەڭگى سۇبېشى 1 ـ قەبرە رايونىدىن تېپىلغان ساپال قاچىلارغا ئوخشاش. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، قوشجاگزا خارابىلىكىنىڭ دەۋرى



مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن تاكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرگىچە دەپ بېكىتىلدى.

## 3. دۆگمەھەللە خارابىسى

دۆگمەھەللە خارابىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسىدىكى دۆگمەھەللىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 57′ 48″ ـ 49″، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 42″ ـ 43″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 300 مېتىر ئېگىز.

دۆڭ مەھەللىدىن چىقىر يول بىلەن مېڭىپ، ئارىلىقتا بىر كىچىك دەريادىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئۇدۇلدىكى قۇملۇق يانباغىردىن ئۆتۈپ ماڭسا دۆگمەھەللە خارابىلىكىگە بارغىلى بولىدۇ. دۆگمەھەللە خارابىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە يالقۇنتاغ تىزمىسى بار. بۇ خارابىلىك دائىلىق يەتتە قىزلىرىم مازىرىغا يېقىن. يەر شارائىتى جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز، شىمالىي تەرىپى پەس. كۆپ قىسمىنى قۇم كۆمۈۋالغان. بىر قىسىم يەرلەرنى بوران ئۇچۇرتۇپ، سېغىز توپا قاتلىمىنى ئېچىۋەتكەن. بىر نەچچە يەردە بوران يالاپ شەكىللەندۈرگەن تۆپىلىك بار. يەر يۈزىدە ئۇ يەر ـ بۇ يەردە سىرتىغا قارا رەڭدە گۈل سىزىلغان، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى بار.

دۆگمەھەللە خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 280 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

دۆگمەھەللە خارابىسى يەنىلا ئەسلىدىكى تەبىئىي ھالىتىدە ساقلانغان.

پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا دۆگمەھەللە خارابىلىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ خاتىرە يېزىلغان.

بۇ يەردە تەبىئىي شەكىللەنگەن غول بولۇپ، غولنىڭ كەسمە يۈ-

زىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ بارلىقى سېزىلمىگەن. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى پەقەتلا يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. كۆلىمى چوڭراق كەلگەن بىر ئورۇندا، بىر نەچچە يەردە ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن ئىز سېزىلگەن. ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن يەرنىڭ ھەجمى 1 مېتر كېلىدۇ. ئەتراپىدىن تام بارلىقىنى كۆرگىلى ۋە بىلگىلى بولمايدۇ. ئومۇمىي ئەھۋالدىن كۆزەتكەندە ۋاقىتلىق تۇرالغۇ خارابىسى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىنراق. بۇ خارابىلىكتىن 1 دانە ئېگەرسىمان يارغۇنچاق تېشى، قارا رەڭدىكى ساپال پۈچۈقى، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ھال رەڭلىك ساپال پۈچۈقى قاتارلىق بۇيۇملىرى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان.

دۆڭمەھەللە خارابىسىنىڭ دەۋرى، بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان ساپال قاچىلارنىڭ سۈپىتى، رەڭگى، گۈل نۇسخىلىرى، شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە تۈيۈق سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال قاچىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خارابىلىكتىن يەنە تاش يارغۇنچاق، برونزا باشاق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن تەھلىل ـ تەتقىقات يۈرگۈزگەندە، خارابىلىكنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅶ — Ⅲ ئەسىرگىچە دەپ قارالدى.

### 4 . سۇبېشى قەدىمىي تۇرالغۇ خارابىسى

سۇبېشى قەدىمىي تۇرالغۇ خارابىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۈيۈق يېزىسى سۇبېشى مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 2.5 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 43′ 26″ — 27″، شىمالىي پاراللېل 42° 53′ 27″ — 28″ قا توغرا كېلىدۇ.

سۇبېشى قەدىمىي تۇرالغۇ خارابىسى يالقۇنتاغ تىزمىسى ئارىسىدىكى بىر تاغ جىلغىسى ئىچىدە بولۇپ، بۇ جىلغىنىڭ ئىسمى يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن تۈيۈق ئېغىزى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جىلغا سۇبېشى دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن غەربىي ـ جەنۇبىي يۆلىنىشىگە قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، يالقۇنتاغنى كېسىپ ئۆتىدۇ. تاغ ئارىلىقىدا چوڭقۇرلۇقى 20



مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدىغان چوڭقۇر بىر جىلغىنى شەكىللەندۈرگەن. ئېغىزدىن چىقىپ خارابىلىككە بارغۇچە بارغانسېرى تارلىشىپ بارىدۇ. غولنىڭ غەربىدىكى تاغ يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىتىشى بىلەن شەرقتىن غەربكە قاراپ نۇرغۇن جىرالارنى شەكىللەندۈرگەن. خارابىلىك سۇبېشى دەرياسىنىڭ غەربىي قېتىدىكى ئىككى غولنىڭ ئارىلىقىدىكى سۇپا ئۈستىدە. غەربىي تەرىپى ئېگىز، شەرقىي تەرىپى پەسرەك شەكىللەنگەن. بۇ خارابىلىكنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى غول ناھايىتى چوڭقۇر، ناھايىتى تىك بولۇپ، يەر شەكلى ناھايىتى خەتەرلىك. يەر يۈزى قىسمى يالقۇنتاغنىڭ قىزىل رەڭدىكى توپىسى بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن. توپا قاتلىمى ناھايىتى بوش. ھازىر سۇبېشى غول ئېغىزىدا غولنى بويلاپ غەربىي قات بىلەن سوزۇلغان بىر يول بولۇپ، بۇ يول بىلەن داۋاملىق ماڭغاندا بۇ قەدىمكى مەھەللە خارابىلىكگە بارغىلى بولىدۇ.

سۇبېشى قەدىمىي مەھەللە خارابىلىكى شەرقتىن غەربكە 84 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغا 89 مېتر كېلىدۇ. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7476 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

سۇبېشى قەدىمكى تۇرالغۇ خارابىسىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. خارابىلىك ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك ئويمان ۋە ئازگاللاردىن 70 نەچچىسى بار. ئازگاللارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.60 مېتر، كەڭلىكى 2 مېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئازگاللار ئىچىدە تۆرۈك شەكلىدە ئويۇلغانلىرىمۇ بار. ئازگاللارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئەتراپىدا توپا دۆۋىسى بار. خارابىلىكنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۈچ يەردە كېسەكتە ياسالغان تام بار. تامنىڭ يۈزى قىسمىغا سامانلىق لاي سۇۋالغان بولۇپ، ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. غولنى يۆلەپ سېلىنغان بىر تام بولۇپ (Aتام)، ئۇزۇنلۇقى 6.7 مېتر، ئېگىزلىكى 1.8 مېتر، قېلىنلىقى 0.50 مېتر كېلىدۇ. بۇ تامنىڭ شىمالىغا ــ غول تەرەپتە ئۈچ يەرگە يۆلەك تام سېلىنغان. بۇ يۆلەك تاملارنىڭ ھەممىسى A تامنى قوغداپ سېلىنغان. تېگى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 0.80 مېتر، ئېگىزلىكى 1.68 مېتر، قېلىنلىقى 0.50 مېتر كېلىدۇ. A تامنىڭ غەربىي تەرىپىدە جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ بىر تام سېلىنغان

بولۇپ ( B تام ) ، ئۇزۇنلۇقى 3.8 مېتر ، ئەڭ ئېگىز يېرى 0.60 مېتر ، قېلىنلىقى 0.20 مېتر كېلىدۇ . A تامنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تەخمىنەن 5 مېتر كېلىدىغان يەردە شەرقتىن غەربكە يۆزلەنگەن بىر پارچە تام بار . غەربىي تەرىپى ئېگىز ، شەرقىي تەرىپى پەسرەك كەلگەن . ئۇزۇنلۇقى 3 مېتر ، غەربىي تەرىپى ئېگىزلىكى 1 مېتر كېلىدۇ . بۇ ئۈچ تامنىڭ ھەممىسىلا كېسەك بىلەن ياسالغان . ئىشلىتىلگەن كېسەكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.40 مېتر ، كەڭلىكى 0.25 مېتر ، قېلىنلىقى 0.13 مېتر كېلىدۇ . تامنى ياسىغان ۋاقىتتا سامانلىق لاي ئىشلىتىلگەن .

سۇبېشى قەدىمي مەھەللە خارابىلىكىدە ئاساسلىق ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ، خارابىلىكنىڭ ھەممىلا يېرىدە چوڭ ـ كىچىك ساپال پارچىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن . ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپلىرىدە قاچا قۇلىقى بار ، قاچىلارنىڭ پۇتى قىسمىمۇ ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدۇ . ساپاللار قوڭۇر ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپاللار بولۇپ ، ئايرىملىرى سىدام ساپاللار . ساپاللار بىلەن بىرگە يەنە كىچىك تېپىنكى تاش قوراللارمۇ بولۇپ ، تاش قوراللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۆلۈپ ياسالغان . كىچىك تېپىنكى تاش قوراللاردىن باشقا يەنە ئېگەرسىمان يارغۇنچاق تېشى قاتارلىق بۇيۇملارمۇ بار .

سۇبېشى قەدىمي خارابىلىكىدىن رەڭسىز ۋە رەڭلىك ساپاللاردىن ، كىچىك تېپىنكى تاش قورال ۋە يارغۇنچاق تاشلىرىدىن بولۇپ ، ئەۋرىشكە ئۈچۈن خېلى كۆپ ساندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى يىغىۋېلىنغان . بۇ يەردىن يەنە ئەينى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز تېرىپ ئۆستۈرگەن ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىدىنمۇ ئازراق ئەۋرىشكە يىغىۋېلىندى .

سۇبېشى قەدىمي مەھەللە خارابىلىكىدىن تېپىلغان ساپال پوچۇقلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ، خارابىلىكنىڭ دەۋرى سۇبېشى قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى بىلەن ئوخشاش ، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅶ ــ Ⅲ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .



## 5 . كۆكيار قەدىمي شەھىرى

كۆكيار قەدىمي شەھىرى پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسى كۆكيار مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ ، پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 40 كىلومېتردەك كېلىدۇ . بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 90° 10′ 4″ ــ 5″ ، شىمالىي پاراللېل 43° 06′ 22″ ــ 23″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 940 مېتر ئېگىز .

كۆكيار قەدىمي شەھىرى ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغنىڭ يانباغرىغا قۇرۇلغان . شەرقىي تەرىپىدە كۆكيار غولى بار . شىمالىي تەرىپى تاغقا تۇتىشىپ كەتكەن . غەربىي ـ جەنۇبىي تەرەپلىرى كەڭ كەتكەن سايلىق ھەم جاڭگاللىق . شەھەر قورغىنىنىڭ غەربىي تەرىپىدە كۆكيار كۆمۈر كېنىغا بارىدىغان بىر يول بار .

كۆكيار شەھەر قورغىنىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1250 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

كۆكيار شەھەر قورغىنى خېلى ياخشى ساقلانغان . قورغاننىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي تەرەپلىرى خېلى پۈتۈن بولسىمۇ ، شەرقىي تېمى ئۆزۈك ـ ئۈلاق قېپقالغان . شىمالىي تېمى بۇرجىكىدىن باشقا يېرى قالماي ئۆرۈلۈپ كەتكەن .

كۆكيار قەدىمي شەھەر قورغىنى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن . تەكشۈرۈش داۋامىدا دائىرىسى ئۆلچەنگەن ، نۇقتىسى بېكىتىلگەن ، خاتىرىسى يېزىلغان . تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بۇ خارابىلىكنى 1980 ـ يىل 5 ـ ئايدا بىر نۆۋەت تەكشۈرۈپ خاتىرىسىنى يازغان . 1984 يىلى ناھىيىلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسى يەنە بىر نۆۋەت تەكشۈرگەن . 1988 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈش بۇ ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان .

بۇ خارابىلىكنىڭ دەۋرى تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئارقىلىق چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ( 1750 ـ يىللىرى ) دەۋرىدە قۇرۇلغانلىقى ئېنىقلاندى.

## 6. سەكسەنتۇر قورغىنى

سەكسەنتۇر قورغىنى پىچان ناھىيىسى چىقتىم يېزىسى سەكسەنتۇر مەھەللىسى تەۋەسىدىكى سەكسەنتۇر مال قوتىنى يېنىدا. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 90° 36′ 40″، شىمالىي پاراللېل 43° 15′ 35″ ـ 36″ تا توغرا كېلىدۇ.

سەكسەنتۇر قورغىنى تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي باغرىدىكى تۆپىلىكتە. غەربىي ـ شىمالىي تەرىپى تاغقا تۇتىشىپ كېتىدۇ. شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدە بىر سايلىق بار. قورغان ئىچىدە بىر تەبىئىي بۇلاق بار. بۇ قەدىمىي قورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىدا سەل ـ پەل يىراقراق بىر يەردە يەنە بىر تەبىئىي بۇلاق بار. بۇ قورغان ئەتراپىدا 6 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان. 15 مو كەلگۈدەك تېرىلغۇ ئېتىزى بەرپا قىلىنغان. بۇ يەردىكى تاغلاردىن ھالقىپ شىمالىي تەرەپكە ئۆتسە مورى ناھىيىسىگە بارغىلى ھەمدە گۇچۇڭ ناھىيىسىگىمۇ بارغىلى بولىدۇ. شەرقىي تەرەپ ۋە جەنۇبىي تەرەپلەرگە ماڭسا چوڭ تاشيولغا تۇتىشىدۇ. بۇ يول بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ بارغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قاتناش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ مۇھىم قورغاننى قۇرغان.

سەكسەنتۇر قورغىنىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 908.6 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

سەكسەنتۇر قەدىمىي قورغىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلانغان. قورغاننىڭ ئازراق ساقلىنىپ قالغان شىمالىي تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 4.6 مېتىر كېلىدۇ. غەربىي تەرەپنىڭ تېمىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە مال قوتىنى بار، بۇزۇلۇشى بەكرەك ئېغىر.

سەكسەنتۇر قەدىمىي قورغىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادى-



كارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈش ئىشخانىسى، پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا نەق مەيداندا تەكشۈرۈلگەن، خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىسى يېزىلغان.

قورغاننىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 29.5 مېتىر، غەربىي تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30.8 مېتىر كېلىدۇ. سوزۇنچاق چاسا شەكىلدە قۇرۇلغان. ھازىرغىچە سەل ياخشى ساقلىنىپ قالغان يېرى غەربىي قىسمى تېمى. ئۈستى تەرەپ كەڭلىكى 1.35 مېتىر، سوقما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.10، 0.15، 0.20 مېتىر كېلىدۇ. سوقما قاتلىمىنىڭ ئارىلىقىدا بىر يۇپقا شېغىل قاتلىمى بار. سوقما قاتلىمىنىڭ بىر قىسمىغا شاخ ـ شۇمبىلار قويۇلغان، غەربىي ـ شىمالىي بۇرجىكىدە يۇملاق شەكىلدە قۇرۇلغان بىر راۋاق بار. راۋاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.1 مېتىر كېلىدۇ. قىستۇرۇلغان پەننىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى 3.5 ـ 6.2 گىچە. بۇ راۋاقتا ياپىلاق تاشلار ئىشلىتىلگەن ھەمدە يەنە مەلۇم نىسبەتتە كېسەكلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. تامنىڭ سىرتقى ـ ئىچكى قىسمىغا سامانلىق لايلار ئىشلىتىلگەن. ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن كېسەكتە پەلەمپەي ياسالغان. غەربىي تام ئۈستىدە قىرلاپ قويۇلغان كېسەك بار. كېسەكنى يۇپقا قىلىپ بىر قەۋەتلا قويغان. قورغاننىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي بۇرجىكىدە كىچىك بىر بۇلاق بار. شەھەر قۇۋۇقىنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس.

سەكسەنتۇر قورغىنىنىڭ دەۋرى، قورغاننى تەكشۈرۈش داۋامىدا قورغاننىڭ يىل ـ دەۋرىنى بېكىتكۈدەك بىرەر بۇيۇم تېپىلمىغان بولسىمۇ، قورغان ـ راۋاق شەكىللىرىگە، سوقما قاتلىمى ئۈستىگە كېسەك ئىشلىتىش قاتارلىق بىر قاتار ھادىسىلەردىن كۆزەتكەندە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلگەن.

## 7. چىقتىم قەدىمىي شەھىرى خارابىسى

چىقتىم قەدىمىي شەھىرى خارابىلىكى ( دازى شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) پىچان ناھىيىسى چىقتىم يېزىسى نەنخۇ ( جەنۇبىي كۆل )

مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 490 مېتر ئېگىز .

شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي ئىككى تەرىپى تېرىلغۇ يەر ۋە يېقىندىن تاشلىۋېتىلگەن ھازىرقى زامان ئاھالىلەر تۇرالغۇسى ، ئەگرى - توقاي جىلغىلىقلار . غەربىي ۋە جەنۇبىي ئىككى تەرىپى سەل - پەل كۆتۈرۈلگەن ئېدىرلىق چوققا ۋە سايلىق . شەھەرنىڭ شەرقىدە كىچىكبۇلاق كۆمۈركىنىغا بارىدىغان يول بار . شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىغا ئىككى كىلومېتر كېلىدۇ .

چىقتىم قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4400 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

چىقتىم قەدىمىي شەھىرى ھازىرغىچە خېلى ياخشى ساقلانغان . شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرەپتىكى تاملارنىڭ ئۇل قىسمى ساقلىنىپ قالغان ، شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تەرەپتىكى تېمى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان . تامنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 1.7 مېتر كېلىدۇ . سېپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىنىڭ ئېگىزلىكى 3.9 مېتر كېلىدۇ . غەربىي تەرەپتىكى قورشاۋ تاملارنىڭ پارچە - پۇراتلىرى بار . جەنۇبتىن - شىمالغا يانتۇلۇقنى بويلاپ غەربكە سوزۇلغان ۋەيرانچىلىقمۇ بىر قەدەر ئېغىر . تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ پەقەت ئۇل قىسمىلا قېپقالغان . بۇ قەدىمىي خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا 1986 - يىلى يالقۇنتاغ يېزىلىق بورۇۋاي ئەترىتى كېلىپ قازغان قۇرۇق بورۇۋاي قۇدۇقى بار .

چىقتىم قەدىمىي شەھىرى خارابىسى 1980 - يىل 5 - ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن ھەمدە خاتىرىسى يېزىلغان . 1984 - يىلى ناھىيىلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسىمۇ بىر نۆۋەت تەكشۈرگەن .

1988 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى ، پىچان خىزمەت ئەترىتى 1980 - يىلدىكى ۋە 1984 - يىلدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . تەكشۈرۈش داۋامىدا نۇقتىسىنى بېكىتىپ خاتىرىسىنى يازغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن كەڭلىكى



تەخمىنەن 50 مېتر كېلىدىغان ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 160 مېتر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدىكى بىر پارچە قەبرە رايونىنى تاپقان .

چىقتىم قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىدە ئېپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى يەر يۈزى قىسمىدىن سوقما تام قاتلىمى ۋە كېسەك بىلەن قىرلانغان تام - توساقلارنىڭ ئۇل قىسمىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . خارابىلىك ئىچىگە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ ساپال ۋە لايدا ياسالغان ساپال پۇچۇقلىرى تارقالغان .

خارابىلىك ئىچىدىن ساپال پۇچۇقى ، تاياق ، پاختا رەخت قاتارلىق بۇيۇملار ئەۋرىشكە ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن يىغىۋېلىندى .

خارابىلىك ئىچىدىن يىغىۋېلىنغان ئەۋرىشكە بۇيۇملىرىغا « 12 — 88SQD·C:1 » دەپ نومۇر بېرىلگەن .

چىقتىم قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى بەزىبىر ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ، خارابىلىكنىڭ دەۋرى دەسلەپكى قەدەمدە مىلادى V ئەسىرگە تەۋە قەدىمىي شەھەر دەپ بېكىتىلدى .

شەھەر خارابىلىكىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىبادەتخانا خارابىلىكىنىڭ بارلىقىمۇ ئېنىقلاندى .

## 8 . ئېغىلتام قورغىنى

ئېغىلتام قورغىنى پىچان ناھىيىسى تۈيۇق يېزىسىنىڭ ياڭخېي مەھەللە ئاسقال كەنتىدىكى ئېغىلتامدا بولۇپ ، بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 40′ 53″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 47′ 34″ — 35″ تا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 28 مېتر تۆۋەن .

ئېغىلتام قورغىنى خارابىسى تۈزلەڭلىك ئۈستىدە بولۇپ ، شەرقىي تەرىپى قۇمساڭغۇ يەر ، جەنۇبىي تەرىپى قۇم ئارىلاش سېغىز توپىلىق تاشلاندۇق ئېتىزلىق . غەربىي تەرىپى تۈيۇق - ياڭخېي تاشيولىغا 400 مېتردەك كېلىدۇ . تاشيول بىلەن خارابە ئارىلىقىدا جەنۇبتىن شىمالغا سو-

زۇلغان كارىز قۇدۇقلىرى بار ھەمدە بىر خۇمدان ياسالغان. تاشيولنىڭ شەرقىي قېتىدا كىچىك بىر ئېرىق بولۇپ، سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپى ئېغىلتام قورغىنى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تاشيولنى بويلاپ سوزۇلغان تۇرالغۇ ئۆيلەر رايونى بار.

ئېغىلتام قورغىنىنىڭ ئېگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 409.5 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئېغىلتام قورغىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى – ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، تەبىئىي ئايرىمىسى A – قەدىمكى قۇرۇلۇش دەپ بېكىتىلدى.

ئېغىلتام قورغىنىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس. قورغاننىڭ تۆت تەرەپتىكى تاملىرى ساقلىنىپ قالغان. شەرقىي تام قورغاننىڭ شىمالىغا يېقىنراق كېلىدۇ. جەنۇبىي تېمى شەرققە يۈزلەنگەن. ھەر بىرىنىڭ بىر بۇلۇڭى ئۆرۈلگەن. غەربىي تەرەپتىكى تېمى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ھازىر بىر دۆۋە توپىغا ئايلانغان. قورغاننىڭ شىمالىي تېمىنىڭ سىرتقى قىسمى تېگى تەرىپى ئوخشىمىغان ئەھۋالدا ئۆرۈلگەن. سوقما قاتلىمى ۋە سوقما ئىزى ئېنىق چىقىپ قالغان. قالغان تاملارنىڭ ئېگىزلىكى ئوخشايدۇ.

ئېغىلتام قورغىنى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى 1980 – يىلدىكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن 1988 – يىل 4 – ئايدا نەق مەيداندا يەنە بىر نۆۋەت قايتا تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىسى يېزىلغان.

بۇ قەدىمىي قورغاندا ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، قورغان خارابىسى ئەسلىدە شىمالدىن °30 شەرققە قىيپاش قىلىنىپ قۇرۇلغان. شەرقتىن غەربكە 21 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 19.5 مېتىر بولۇپ، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە ياسالغان. قورغان تېمىنىڭ تېگى قىسمىنىڭ سوقما قاتلىمى ناھايىتى قېلىن بولۇپ، ئادەتتە 0.35 مېتىر



كېلىدۇ. سوقما تام ئۈستىگە ئېگىزلىگەنچە سوقما قاتلىمى نېپىزلەپ بارىدۇ. 0.05، 0.08، 0.10 مېترغا مەركەزلىشىدۇ. شىمالىي تامنىڭ قېلىنلىقى 2 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر، جەنۇبىي تامنىڭ قېلىنلىقى 1.6 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.6 مېتىر كېلىدۇ. سوقما ئارىلىقىغا بىر قىسىم ياغاچلار قىسىلغان بولۇپ، ياغاچلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.9 مېتىر كېلىدۇ. قايتا – قايتا كۆزىتىش ئارقىلىقمۇ قورغان قوۋۇقىنىڭ ئېنىق ئورنىنى بايقاش مۇمكىن بولمىدى.

خارابىلىك ئىچىدىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن بىر نەچچە پارچە ساپال پۇچۇقى يىغىۋېلىنغان.

قورغاننىڭ دەۋرى، ئېغىلتام قورغىنىنىڭ ئۇسلۇبى، ئىشلىتىلىشى جەھەتلەردىن ۋە يەر يۈزىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا ئىپادىلەنگەن دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇ قورغاننىڭ دەۋرى مىلادى V ئەسىرگە تەۋە قۇرۇلۇش دەپ بېكىتىلدى.

## 9. ئەسكىبازار خارابىسى

ئەسكىبازار خارابىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۈيۈق يېزىسى ياڭخېي تۆۋەنمەھەللە ئەسكىبازار كەنتىدە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 40′، شىمالىي پاراللېل 42° 47′ قا توغرا كېلىدۇ.

ئەسكىبازار خارابىلىكى غەربتىن شەرققە ئۇزۇن، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 260 مېتىر، كەڭلىكى 160 مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپى تۆۋەنئېرىق بازىرىغا يۈزلەنگەن، شەرقىي – شىمالىي بۇرجىكى پاختا پىششىقلاش زاۋۇتىغا يېقىن. جەنۇبتىن شىمالغا يۈزلەنگەن يېزا يولى خارابىلىكنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ياقىلاپ ئۆتىدۇ. ئەسكىبازار خارابىلىكىنىمۇ بۇ يول بىلەن بارغىلى بولىدۇ. خارابىلىكنىڭ جەنۇبىي تەرىپى سايلىق ھەمدە شەرقتىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان بىر كارىز بار بولۇپ، خارابىلىك بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن 100 مېتىردەك كېلىدۇ. خارابىلىكنىڭ غەربىي تەرىپى تېرىلغۇ ئېتىزى، پۈتكۈل يەر شەكلى شەرقىي تەرىپى ئېگىز، غەربىي تەرىپى پەس ھالەتتە شەكىللەنگەن.

ئەسكىبازار خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخ-

مىنەن 47 مىڭ 296 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئەسكىبازار قەدىمىي خارابىسى ئۇزۇندىن بېرى تاشلىنىپ كەتكەچكە خارابىلىكنىڭ غەربىي – شىمالىي بۇرجىكىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ھازىر بىر توپا دۆۋىسى ساقلىنىپ قالغان. يۇتكۇل خارابىلىك رايونى دائىرىسىنىڭ چېگرىسى ئاساسەن ناھايىتى ئېنىق.

ئەسكىبازار خارابىلىكى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، 1988 – يىل 4 – ئايدا قايتا بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىسى يېزىلغان. بۇ بازار خارابىلىكى ۋەيران بولغان پارچە – پۇرات تام، ھويلا – ئاراملار بىلەن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ خارابىلىكنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوقۇپ ياسالغان قورشاۋ تامنىڭ تېگى قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.80 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.3 مېتىر كېلىدۇ. سوقما تام ئارىلىقىدا توغرىسىغا قويۇلغان كېسەكلەر بولۇپ، ئۈچ قەۋەت قويۇلغان ھەمدە تام يۈزى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. ھويلا تاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېگىز ھەم يۇپقا. خارابە رايونىدىن قوڭۇر ۋە قىزىل رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ. كاھىش ۋە خىش پارچىلىرىمۇ بار.

ئەسكىبازار خارابىلىكىنىڭ ياسىلىپ ئىشلىتىلگەن دەۋرى، ئىلگىرى پېشقەدەملەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى خۇيزۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھەم خۇيزۇ ئاھالىلىرى بۇ يەردە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كېيىنكى كۈنلەردە بەزىبىر تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن خۇيزۇ ئاھالىلىرى كۆچۈپ كېتىپ، بۇ يەر تاشلىنىپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن.



## Ⅲ ئوت تۇرى خارابىلىرى

### 1. ھاسا شەھىرى ئوت تۇرى

ھاسا شەھىرى ئوت تۇرى پىچان ناھىيىسى دالانكارىز يېزىسى بەشتام مەھەللىسىنىڭ غەربىي – جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 37′ 17″ – 18″، شىمالىي پاراللېل 42° 35′ 39″ قا توغرا كېلىدۇ. ھاسا شەھىرى ئوت تۇرى دېڭىز يۈزىدىن 138 مېتىر تۆۋەن.

ھاسا شەھىرى ئوت تۇرىنىڭ تۆت ئەتراپى قۇملۇق دالا، بۇ يەردە ئادەتتە غەرب شامىلى كۆپرەك چىقىدۇ. شامال تەسىرى بىلەن نۇرغۇن جايلاردا قۇم بارخانلىرى شەكىللەنگەن. يەنە نۇرغۇن شەرقتىن غەربكە يۈزلىنىپ شەكىللەنگەن جىرالار بار. ئەتراپتا چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسۈپ كەتكەن. خارابىنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن 1 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە شەرقتىن غەربكە ئاقىدىغان ئېقىن بار.

ھاسا شەھىرى ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5400 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ھاسا تۇرى خارابىسىدە ئەسلىدە كېسەكتە قىرلاپ ياسالغان شەھەر سېپىلى بار بولۇپ، كېيىن ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ئۈل قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان، سېپىل تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 304 مېتىر، تامنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 5 مېتىر، ھازىرقى پارچە ئېگىزلىكى 3 مېتىرغا يېقىن كېلىدۇ. خارابىلىك ئىچىدە كېسەكتىن ياسالغان بىر سۇپا بار. بۇ سۇپا جەنۇبتىن شىمالغا 15 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 15 مېتىر، پارچە ئېگىزلىكى 5.5 مېتىر، شىمالدىن غەربكە قىيپاش 30° كېلىدۇ. شىمالىي تامنىڭ غەربىي قىسمى ۋە شەرقىي – شىمالىي تاملارنىڭ بۇرجەكلىرىدە ئۆي – ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرى بار. شەرقىي – جەنۇبىي ۋە غەربىي – جەنۇبىي بۇرجىكىدە سەل سىرتقا كۆرۈنگۈدەك چىقىپ تۇرىدىغان يۇمىلاق كېسەك قۇرۇلۇشى بار.

شـىمـالـىي تـامـىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېغىز بار، بۇ ئېغىز شەھەر قوۋۇقى بولۇشى مۇمكىن.

تـۇرپـان ۋىلايـەتـلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تـەمـىنـلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن هاسا ئوت تۇرى خارابىلىكى، پىچان نـاهىيـىلـىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا بىر نۆۋەت قايتا تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىسى يېزىلغان.

هاسا تـۇرى خـارابـىلـىكـىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ئوت تۇرى خارابىسىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى كېسەك قۇرۇلۇشى بـىلـەن پـۈتـتـۈرۈلـگـەن، ئىشلىتىلگەن كېسەكلەرنىڭ چوڭ ـ كـىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس. ئاساسەن، 0.11×0.20×0.46، 0.10×0.20×0.48، 0.09×0.20×0.45 مېتر بولۇپ، ئۈچ خىل كېسەك ئىشلىتىلگەن. كېسەكلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدا سامانلىق لاي بار. خارابە ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپال پارچىلىرىنى ئۇچـراتقىلى بولىدۇ. بۇ ساپاللار ناهايىتى يۇقىرى هارارەتتە پىشۇرۇلغان. بەزىبىر ساپال پارچىلىرى ناهايىتى قېلىن هەم يىرىك. نۇرغۇن ساپال پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدە سىزىقچە گۈل نۇسخىلىرى بار. دولقۇنسىمان گۈل نۇسخىلىرىمۇ بار. يەنە بەزىبىر تاش يارغۇنچاق پارچىلىرىمۇ بار.. ئۇنىڭدىن باشقا چاسا خىش، داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر پارچىسى، يۇڭ رەخت قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار بار.

ئەۋرىشكە ئۈچۈن بىر دانە مىس پۇل ۋە داتلىشىپ كەتكەن، قايسى دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس مىس تەخسە (؟) پۇچۇقلىرىدىن بىر بولاق يىغىۋېلىندى.

هاسا شەھىرى ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى، بۇ خارابىلىك كېسەك قۇرۇلۇشى بولۇپ، غەربىي ـ شىمالىي تەرەپتە 1 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە V ئەسىرگە تەۋە بىر پارچە يانتۇ يولۇلۇق قەبرىستانلىق بار. بۇ ئىككىسىنىڭ مەلۇم مۇناسىۋىتى بار. قۇرۇلۇش شەكلى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرىدا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەردە دۆلىتىمىزنىڭ تاڭ



سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك. خارابىلىكتە بايقالغان يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، بۇ ئوت تۇرى خارابىلىكىنىڭ دەۋرى VI ئەسىرگە تەۋە خارابىلىك دەپ قارالماقتا.

## 2. ئاچچىق ئوت تۇرى

ئاچچىق ئوت تۇرى پىچان ناهىيىسى دالانكارىز يېزىسى تۇرى ئاچچىق مەھەللىسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1 كىلومېتر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″33 ′32 °89، شىمالىي پاراللېل ″21 ′38 °42 قا توغرا كېلىدۇ. ئاچچىق ئوت تۇرى دېڭىز يۈزىدىن 140 مېتر تۆۋەن.

ئاچچىق ئوت تۇرى خارابىسى دالانكارىز يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 13 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە بولۇپ، تۇپراق ئېغىز دەرىجىدە تۈزلىنىشىپ كەتكەن. قاتتىق قاسراقلارنى شەكىللەندۈرگەن. ئاندىن قاسراقلار يېرىلىپ يەر يۈزىدىكى ئەسلىدىكى توپا قاتلىمى ئاشكارىلىنىپ قالغان. يەر يۈزىدە ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇچ، يانتاق قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسۈپ كەتكەن. ئەتراپىدا دەريا ئېقىنى يوق. ئاچچىق كارىزىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىن تۇز، شور ئالغان ماشىنىلارنىڭ ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يولنى بويلاپ ماڭغاندا بۇ خارابىلىككە بارغىلى بولىدۇ.

ئاچچىق ئوت تۇرى خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 878 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

ئاچچىق ئوت تۇرىنىڭ تا هازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، تۇر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. هازىرقى ئېگىزلىكى 5 مېتر كېلىدۇ. تېگى تەرەپنىڭ ئەتراپ ئۇزۇنلۇقى 105 مېتر كېلىدىغان پارچە ـ پۇرات تام ـ كېسەكلەرنىڭ دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان. تۇرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، جەنۇبىدا ئىككى ئېغىز كىچىك ئۆي بار. بۇ يەردىن تۇز قازغان ۋاقىتتا، تۇز قازغۇچىلارنىڭ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

ئاچچىق ئوت تۇرى، 1988 ـ يىلدىكى پىچان ناهىيىلىك مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋاقتىدا، ئورنى بېكىتىلىپ، دائىرىسى ئۆلچىنىپ، خاتىرىگە ئېلىنغان.

ئاچچىق ئوت تۇرى كېسەكتە ياسالغان، ھازىر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ كەتكەن. توپا دۆۋىسى ۋە پارچە ـ پۇرات كېسەكلەرلا قېپقالغان. ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 105 مېتىر، بەل قىسمى 54.4 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر كېلىدۇ. تۇر قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەرنىڭ چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئارىلىرىغا سامان ئارىلاشتۇرۇلغان. كېسەكلەر 0.10×0.18×0.40 مېتىر كېلىدۇ. تېگى تەرىپى شورلىشىپ كەتكەن، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئۈستى تەرىپى سېرىق توپا رەڭگىدە. باشقا ھېچقانداق بۇيۇمنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ تۇرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە چوڭ ھاسا قەدىمىي خارابىلىكى بار.

ئاچچىق ئوت تۇرىنىڭ دەۋرىگە كەلسەك، بۇ تۇردا يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋاللاردىن باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى تېپىلمىدى. قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەردىكى ئەھۋاللار، چوڭ ـ كىچىكلىكى، قۇيۇلۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆزەتكەندە، چوڭ ھاسا قەدىمىي خارابىلىكىدىكى كېسەكلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ تۇر بىلەن ھاسىنىڭ ئارىلىقى پەقەت ئون نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ. بۇ ئىككى خارابىلىك ئەسلىدە بىر دەۋرگە مەنسۇپ قۇرۇلۇش بولۇپ، مىلادى V ئەسىرگە تەۋە دەپ قارالماقتا.

## 3. دىغار ئوت تۇرى

دىغار ئوت تۇرى خارابىلىكى پىچان ناھىيىسى دىغار يېزىسى دىغار كەنتىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 200 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 53′ 57″ ـ 58″، شىمالىي پاراللېل 42° 34′ 21″ قا توغرا كېلىدۇ.

قاراماي يول بىلەن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ داۋاملىق ماڭسا دىغار ئوت تۇرى خارابىسىگە بارغىلى بولىدۇ. غولنىڭ غەربىي جەنۇبىي بوستان-



لىق، ئورمانلىق ۋە كەنت. خارابىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بوراندا شەكىللەنگەن ئېدىرلىق ۋە قۇم بارخانلىرى بار. بۇ يەردە يەنە شەرقىي جەنۇبقا يۆزلەندۈرۈلۈپ قۇرۇلغان بىر كارىز سىستېمىسى بار. كارىز خارابىلىكنىڭ شىمالىنى بويلاپ ئۆتىدۇ. شەرقىي تەرەپتىن قۇمتاغقىچە بولغان ئارىلىق دىغار يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتى خارابىلىكى.

دىغار ئوت تۇرى خارابىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، ئەسلى ئوت تۇرى قۇرۇلغان ئورۇن خامانغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، قۇرۇلۇش ئىزلىرى تۈگەپ كەتكەن.

دىغار ئوت تۇرى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ «تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا يېزىلغانلارغا ئاساسەن 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا مەخسۇس تەكشۈرۈلگەن.

ئوت تۇرى خارابىلىكىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئاھالىلەردىن ئىگىلەنگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر خامان قىلىنىۋاتقان ئېگىزلىكتە ئەسلىدە توپىدىن قۇرۇلغان بىر ئېگىزلىك بار ئىكەن. بۇ ئېگىزلىكنىڭ يەر يۈزىدىن ئارىلىقى 5 ـــ 6 مېتىر كېلىدىكەن. بىراق، بۇ يەرنى خامان قىلغىلى خېلى ئۇزۇن يىللار بولغاچقا، ھازىر ئەسلىدىكى ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرگىلى ۋە بىلگىلى بولمايدۇ. ھازىر خاماننىڭ يەر يۈزى بىلەن بولغان ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 نەچچە مېتىر كېلىدۇ. بۇ سۇپا ئۈستىدىكى غەربىي جەنۇبىي بۇرجەككە خامان ئۆيى ياسالغان بولۇپ ھازىرمۇ بار.

دىغار ئوت تۇرى خارابىلىكىنىڭ دەۋرى، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ ئەينى زاماندىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتىدىن قالدۇرغان بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا مىلادى V ئەسىرگە تەۋە قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق.

## 4. ئوتتۇز چاقىرىملىق چوڭ ئوت تۇرى

ئوتتۇز چاقىرىملىق چوڭ ئوت تۇرى پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، پىچان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي تەرى-

پىگە 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 90° 20′ 37″، شىمالىي پاراللېل 42° 55′ 35″ قا توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇز چاقىرىملىق چوڭ ئوت تۈرى دېڭىز يۈزىدىن 507.1 مېتىر ئېگىز.

بۇ ئوت تۈرى خارابىلىكىنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى خېلى قولايلىق. ئوت تۈرى پىچاندىن قۇمۇلغا بارىدىغان كونا تاشيولنىڭ ياقىسىغا قۇرۇلغان. بۇ يەردە يالغۇز بىر تاغ بار، بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى يەر شارائىتى تۈزلەڭلىك. ئوت تۈرى مۇشۇ يالغۇز تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ئوتتۇز چاقىرىملىق چوڭ ئوت تۈرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5.05×4.8×5.2 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بۇ ئوت تۈرىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى — ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا ئوت تۈرى خارابىلىكى دەپ ئايرىلدى. ئوت تۈرى خارابىسىدە يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىپ چۈشكەن ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ. توپا سۇپا ئۈستىگە تۆت يەرگە ئورەك كولانغان. تۈرنىڭ ئۈستىنىڭ شىمالىي تەرىپى يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىتىشى بىلەن پەلەمپەي شەكلىگە كېلىپ قالغان. تۈرنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. تەكشۈرۈش داۋامىدا تۈرنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكى بايقالغان.

پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىز — خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى ۋە پىچان ناھىيىلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسى تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن 1988 — يىل 3 — ئايدا بۇ قەدىمىي ئوت تۈرى يەنە بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلۈپ، نۇقتىلىق بېكىتىلىپ خاتىرە يېزىلغان.

بۇ ئوت تۈرى خارابىسى ئىككى تۈر كۆمگە بۆلۈنۈپ، ئىككى نۆۋەتتە ياساپ پۈتتۈرۈلگەن. تۈر قۇرۇلۇشىدا كېسەك ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. سامانلىق سېغىز لاي بىلەن قاتۇرۇپ ياسالغان. 32 قۇر كېسەكتىن تەركىب تاپقان. كېيىن ياسىغان يەرلىرىنىڭ يۈزى قىسمىدا ئۇششاق تاشلار بار. كېسەكلەرنىڭ چوڭلۇقى 0.10×0.26×0.42 مېتىر كېلىدۇ. تۇنجى قېتىم ياسالغان ئوت تۈرى ئۇزۇنلۇقى 5.20



مېتىر، كەڭلىكى 4.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.57 مېتىر بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم تولۇقلاپ ياسالغان يەرنىڭ قېلىنلىقى 1.7 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.05 مېتىر كېلىدۇ. تۈر ئەتراپىدا خېلى نۇرغۇن ساندا يىرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭدىكى ساپال پۇچۇقلىرى بار.

ئەۋرىشكە ئۈچۈن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تۈرلەرگە بۆلۈپ بىر خالتا يىغىۋېلىنغان.

بۇ ئوت تۈرى خارابىسى ئۆزىدىكى ئەسلى خاراكتېرىدىن سىرت يەنە قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوتتۇز چاقىرىملىق چوڭ ئوت تۈرىنىڭ دەۋرى V ئەسىرگە تەۋە قۇرۇلۇش خارابىسى دەپ قارالماقتا.

## 5. ھوڭتۇر ئوت تۈرى

ھوڭتۇر ئوت تۈرى (چوڭدۆڭ) پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسى ھوڭ مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى لاۋيى قەبرىستانلىقىغا تەخمىنەن 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 90° 51′ 45″ — 46″، شىمالىي پاراللېل 42° 22′ 55″ قا توغرا كېلىدۇ.

ئوت تۈرى ئەسلىدە قۇم تاغنىڭ ياقىسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، قۇمتاغ بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن سەل — پەل جەنۇبقا يانتۇ كېلىدۇ. شەرقىي — شىمالىي تەرىپى تۈپتۈز كەتكەن ئوتلاقلىق يەر. ئوت تۈرىنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 5.2 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 16 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 9.8 مېتىر كېلىدۇ. غەربىي يېرىم قىسمى سوقۇپ ياسالغان، شەرقىي يېرىم قىسمى كېسەك بىلەن قىرلاپ ياسالغان. قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەرنىڭ چوڭلۇقى 0.09×0.16×0.31 مېتىر كېلىدۇ.

ھوڭتۇر ئوت تۈرى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 156.8 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ھوڭتۇر ئوت تۈرىنىڭ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى تازا

ياخشى ئەمەس. تۇرنىڭ ئۈستى يېرىم قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن.

هوگتۇر ئوت تۇرى، پىچان ناهىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىز - خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 - يىل 3 - ئايدا تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن، نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئوت تۇرى خارابىلىكىدىن كۆل رەڭ ساپال پۇچۇقلىرى تېپىلغان.

خارابىلىكنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئەۋرىشكە ئۈچۈن كۆل رەڭ ساپال پۇچۇقلىرىدىن بىر نەچچە پارچىسى يىغىۋېلىنغان. ئەۋرىشكىلەرگە «88 SPD·C 1—4» دەپ نومۇر بېرىلگەن.

### 6. سەكسەنتۇر ئوت تۇرى

سەكسەنتۇر ئوت تۇرى پىچان ناهىيىسى چىقتىم يېزىسى سەكسەنتۇر مەھەللىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 350 مېتر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 90° 31′ 54″، شىمالىي پاراللېل 43° 15′ 22″ - 27″ قا توغرا كېلىدۇ. سەكسەنتۇر ئوت تۇرى دېڭىز يۈزىدىن 1207 مېتر ئېگىز.

سەكسەنتۇر ئوت تۇرى سەكسەنتۇر قورغىنىنىڭ 400 مېتر جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، يەنى تىيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان. بۇ يەردە يالغۇز بىر تاغ بولۇپ، بۇ قەدىمىي ئوت تۇرى خارابىسى مۇشۇ يالغۇز تاغنىڭ ئۈستىدە. ئوت تۇرىنىڭ ئالدى تەرىپى سايلىق. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تەمىنلىگەن پىكىرلىرى ۋە تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا بۇ تۇر چىقتىم ئوت تۇرىدىن 80 چاقىرىم يىراقلىققا ياسالغانىكەن. قەدىمىي زامانلاردا سەكسەن دەپلا ئاتالغانىكەن. بۇ تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن مورى ۋە گۇچۇڭ ناهىيىسىگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ تۇرنىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن غەربىي تەرىپىدە چوڭ بىر يول بار. يەنە بىر هارۋا يولىمۇ بولۇپ، بۇ يول بىلەن داۋاملىق ماڭسا، بىز تونۇشتۇرۇۋاتقان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىسىغا بارغىلى بولىدۇ.

سەكسەنتۇر ئوت تۇرىنىڭ ئېگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 8.7×7.7×4.7 مېتر كېلىدۇ.



سەكسەنتۇر ئوت تۇرىنىڭ تا هازىرغا قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. گەرچە ئوت تۇرىنىڭ ئۈستى قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاسانلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. تۇرنى شەرقىي - شىمالىي يۈزلىنىش بويىچە قۇرغان. شىمالىدىن غەربكە 10° قىيپاش هالەتتە. شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىنىڭ هازىرقى ساقلىنىپ قالغان پارچە - پۇرات ئېگىزلىكى 3.7 مېتر كېلىدۇ. شىمالىي ۋە جەنۇبىي تاملىرىنىڭ پارچە - پۇرات ئېگىزلىكى غەربىي تەرەپتىكى تېمىدىن پاكار.

سەكسەنتۇر قەدىمىي تۇرى پىچان ناهىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 - يىل 4 - ئايدا ئومۇمىيۈزلۈك تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىگە ئېلىنغان.

سەكسەنتۇر ئوت تۇرىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ئوت تۇرى سوزۇنچاق چاسا شەكىلدە قۇرۇلغان. ئوتتۇرا قىسمىدا ئاشكارا ئىپادىلىنىپ قالغان بۆلۈنمە قاتلىمى بار. بۇ قاتلامغا شاخ - شۇمبا، قومۇچ قاتارلىق بۇيۇملار ئىشلىتىلگەن. شىمالىي تەرەپتىكى تېمىدا يۇملاق ئىشىك بار. بۇ ئىشىك بىلەن ئوت تۇرىنىڭ ئىچىگە كىرگىلى بولىدۇ. ئوت تۇرى تېمىنىڭ قېلىنلىقى 0.90 مېتر كېلىدۇ. ھەممە تەرىپىگە ئوخشاش قىلىپ تىرەك تام ياسالغان. تىرەك تامنىڭ قېلىنلىقى 0.85 مېتر كېلىدۇ. بۇ ئوت تۇرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار ئاساسەن كېسەك، كېسەكلەرنىڭ ئارىسىدا شېغىل تاشلار بار. كېسەكلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى 48.5×0.19×11، بەزىلىرى 0.10×0.20×0.43 ئىكەن. شەرقىي تەرەپتىكى تامدا چەگزە قويغان تۈشۈكلەرنىڭ ئوڭ - سول تەرەپ ئارىلىقى 1.4 مېتر، ئاستى - ئۈستى ئارىلىقى 1.7 مېتر كېلىدۇ. تاملارنىڭ سىرتقى تەرىپىگە سامانلىق لاي سۇۋالغان.

ئوت تۇرىنىڭ شەكلى چىقتىم قورغىنىدىكى كېسەك بىلەن قۇرۇلغان قۇرۇلۇشلارغا ئوخشايدۇ. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە كۈن تازا ئوچۇق بولغان كۈنلىرى چىقتىم قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى

كۆزگىلى بولىدىكەن. تەكشۈرۈشكە قاتناشقان خادىملارنىڭ دەسلەپكى مۇلاھىزىسى، بۇ قۇرۇلۇش ئېھتىمال چىقتىم قەدىمىي شەھىرىگە ئەينى زامانلاردا قۇرۇلغان بىرەر ئوت تۇرى قۇرۇلۇشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، چىقتىم قەدىمىي شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ يېقىن. ئوت تۇرى ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىش ئارقىلىق مىلادى V ئەسىرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 7. تۇرمەھەللە ئوت تۇرى

تۇرمەھەللە ئوت تۇرى پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن بازىرى 8 - دادۈي تەۋەسىدە بولۇپ، لۈكچۈن بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە: شەرقىي مېرىدىئان 89° 46′ 23″، شىمالىي پاراللېل 42° 43′ 45″ قا توغرا كېلىدۇ. تۇر مەھەللە ئوت تۇرى دېڭىز يۈزىدىن 20.2 مېتر تۆۋەن.

ئوت تۇرى خارابىسىنىڭ غەربىي - شىمالىي ئىككى تەرىپىدە ئۈزۈمزارلىق باغ، جەنۇبىي تەرىپىدە مەھەللە ۋە بازارلىق تەمىنلەش كوپېراتىپى بار. تەمىنلەش كوپېراتىپىنىڭ مال سېتىش دۇكىنى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپمۇ بۇ يەرگە قۇرۇلغان.

تۇر مەھەللە ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 360 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

تۇر مەھەللە ئوت تۇرى ئەينى زامانلاردا سېغىز توپا بىلەن قاڭداپ ياسالغان سوقما تامدىن تەركىب تاپقان. غەربىي تەرىپى ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدىن سەل رەتلىك چەك سىزىقلىرىنىڭ بارلىقىنى پەرق قىلغىلى بولىدۇ. شەرقىي - جەنۇبىي بۇرجىكىدە تاكى جەنۇبىي تەرىپىگىچە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇر توپىلىرىنى توشۇپ كەتكەن ئىزلىرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. كىشىلەر بۇ يەردىن داۋاملىق مېڭىپ تۇرغاچقا، يەر يۈزىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدۇ. خارابىنىڭ ئېگىزلىكى 5.9 مېتر، جەنۇبىي - شىمالىي تەرەپلىرىنىڭ تېگىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 18 مېتر، سوقما تاملارنىڭ قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.09 - 0.10 مېتر كېلىدۇ.



پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇر مەھەللە ئوت تۇرىنى 1988 - يىل 4 - ئايدا تەپسىلىي تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا نوقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىگە ئېلىنغان.

مەدەنىيەت خاراكتېرى، ئەسلىدە بۇ سۇپىنىڭ ئۈستىدە ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۆيلەر بارلىقى مەلۇم. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە ئۆيلەرنىڭ شەكلى خۇددى پوتەي شەكلىدە ئىكەن.

تۇر مەھەللە ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى مەسىلىسىدە، تۇر دەسلەپتە مىلادىدىن ئىلگىرى II ئەسىردە قۇرۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى دەۋرلەردە داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. ئىشلىتىلىش داۋامىدا قايتا - قايتا رېمونت قىلىنغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە خارابىلىكنىڭ ئۈستىگە پوتەي قۇرۇپ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامانغا خاس ئالاھىدىلىكلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

## 8. تۇركارىز ئوت تۇرى

تۇركارىز ئوت تۇرى پىچان ناھىيىسى لەمجىن يېزىسى تۇركارىز مەھەللىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 1 كىلومېتر كېلىدىغان يەردىكى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە. شەرقىي مېرىدىئان 89° 51′ 49″، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 40″ - 41″ قا توغرا كېلىدۇ. تۇركارىز ئوت تۇرى دېڭىز يۈزىدىن 320 مېتر ئېگىز.

بۇ ئوت تۇرى قۇرۇلغان يەرنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى، ئوت تۇرى ئەسلىدە بىر دۆڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ دۆڭ قۇم ۋە ئۇششاق شېغىللاردىن تەركىب تاپقان. شىمالىي تەرىپىدە 150 مېتر كېلىدىغان ئارىلىقتا تۇرپان - پىچان كونا تاشيولى بار. شەرقىي تەرىپى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا 800 مېتردەك كېلىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى قۇم - شېغىللىق سايلىق، غەربىدە تۇركارىز مەھەللىسى بار.

تۇركارىز ئوت تۇرى ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 17.8 × 17.8 كۋادرات مېتر كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 11.1 مېتر كېلىدۇ.

تۇر كارىز ئوت تۇرىنىڭ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى

يامان ئەمەس. قەدىمىي تۇر خارابىسىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى تاملار بوران - ياشغۇر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن نىپىزلەپ كەتكەن. تۆت تەرەپ تاملىرىنىڭ تېگى قىسمى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆرۈلگەن. ئۈستى قىسمى ئۆرۈلۈپ ئېگىز - پەس تاملىرىلا قېپقالغان. مەركىزىي تۈۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ تېگى قىسمىدا ھەجمى تەخمىنەن 0.80 مېتر كېلىدىغان بىر تۆشۈك بار. پۈتكۈل قۇرۇلۇش تۆت قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. 3 - قەۋەتتىكى كىچىك ئۆيلەرنىڭ ئۈستى قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. خارابىلىكنىڭ قىسمەن جايلىرىدىن 4 - قەۋەتنىڭ بەزى خانىلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، تۇر كارىز ئوت تۇرى 1988 - يىلى 3 - ئايدا قايتا تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىگە ئېلىنغان.

قۇرۇلۇشىنىڭ پارچە ئېگىزلىكى 11.1 مېتر كېلىدۇ. نىشانى ئۇدۇل. تېگى قىسمىنىڭ ئەتراپى ئۇزۇنلۇقى 17.8 مېتر بولۇپ، چاسا شەكىلدە ياسالغان. ئۈستىگە ئېگىزلىگەنسېرى ئىچىگە تارتىلىپ بارغان. ئوتتۇرا قىسمىدا، چاسا شەكىلدە ئوتتۇرىسى كاۋاك شەكىلدە قۇرۇلغان مۇنار بار، مۇنارنىڭ ئىچكى ھەجمى 2.4×2.4 كۋادرات مېتر، تاملىرىنىڭ قېلىنلىقى 6.1 مېتر كېلىدۇ. مەركىزىي تۈۋرۈك قۇرۇلۇشى ۋە تۆت تەرىپىدىكى قۇرۇلمىلار ئايرىۋېتىلگەن. پۈتكۈل قۇرۇلۇش تۆت قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. 1 - قەۋەتتى ئۇل قىسمى، 2 -، 3 -، 4 - قەۋەتلىرىنىڭ ھەربىرىدە 13 تىن كىچىك كېمىر ھۇجرىلار بولۇپ، ئېتىۋېتىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 - قەۋەتتىكى كىچىك ھۇجرىلارنىڭ بۆلۈنۈشى سەل ئېنىق، 2 -، 3 -، 4 - كىچىك ھۇجرىلارنىڭ بۆلۈنۈشى رەتلىك تۆت تەرەپتىكى تاملىرىدا ئۆتۈشمە تۆشۈك بار، تۆشۈكلەر 0.20 — 0.35 مېتر كېلىدۇ. تۇر كېسەكتە قۇرۇلغان. كېسەكلەرنىڭ چوڭلۇقى - ئۇزۇنلۇقى 0.35 — 0.38 مېتر، كەڭلىكى 0.18 — 0.20 مېتر، قېلىنلىقى 0.10 — 0.13 مېتر كېلىدۇ.

تۇر كارىز ئوت تۇرىنىڭ دەۋرىگە كەلسەك، بۇ خىلدىكى قۇرۇلۇش



كۆپ ئەمەس. قۇرۇلۇش گەۋدىسى ئىچىگە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك كىچىك ھۇجرىلارنى قۇرغان. كىچىك ھۇجرىلار ھەر بىر قەۋەتتە 13 ئېغىزدىن بولۇپ، ئىلگىرىكى تەكشۈرۈش ۋاقىتلىرىدىمۇ ئارخېئولوگلار ئوت تۇرى قۇرۇلۇشى دەپ قاراپ كەلگەن. قەدىمىي مۇنار دەپ قارىغانلارمۇ بولغان، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىشلەرگە ئاساسەن، بىرەر خىل دىنىي ئېتىقاد بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارمۇ، قانداق دەيدىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۇر كارىز ئوت تۇرىنىڭ دەۋرى، ئارخېئولوگلار شىنجاڭدىكى كېسەكتە قۇرۇلغان قۇرۇلۇشلارنى ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن باشقىلىرىنى كۆپ ھاللاردا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە دەپ قارايدۇ. بۇ ئوت تۇرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن مىلادى V ئەسىرگە تەۋە ئوت تۇرلىرىنىڭ بىرى دەپ يەكۈن چىقىرالايمىز.

## 9. سۈبېشى ئوت تۇرى

سۈبېشى ئوت تۇرى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى سۈبېشى مەھەللىسىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىدە. شەرقىي مېرىدىئان 89° 43′ 35″ — 36″، شىمالىي پاراللېل 42° 53′ 48″ — 49″ قا توغرا كېلىدۇ. سۈبېشى ئوت تۇرى دېڭىز يۈزىدىن 40 مېتر ئېگىز.

سۈبېشى ئوت تۇرى سۈبېشى مەھەللىسىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى تاغ ئېغىزىدىكى توپا تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان. تاغنىڭ تۆۋىنىدە، شەرقىي - شىمالىي تەرىپىدە تېرىلغۇ ئېتىزى، ئۈزۈملۈك بار. شەرقىي تەرىپى تۇيۇق غولى، جەنۇبىي - غەربىي تەرەپلىرى قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان. خارابىلىك قۇرۇلغان قۇم بارخانلىرى ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق تېرىلغۇ ئېتىزلىرىدىن 50 مېتىردەك ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ. توپىسى يۇمشاق شېغىل ۋە قۇم - توپىلارنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

سۈبېشى ئوت تۇرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن

40 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

سۈبېشى ئوت تۈرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى، ئوت تۈرى خارابىلىكىدىكى كېسەكتىن ياسالغان قۇرۇلۇشلار ھەممىسى دېگۈدەك ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ئوتتۇرا قىسمىدا ئېگىزلىكى 1 مېتر كېلىدىغان كېسەكتىن ياسالغان، ئايلانمىسى 9 مېتر كېلىدىغان بىر توپا دۆۋىسى بار.

پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن سۈبېشى ئوت تۈرى 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرە قالدۇرۇلغان.

خارابىنىڭ تۆت تەرىپى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ھازىر بىر پارچە توپا دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان. توپا دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكى 1 مېتر كېلىدىغان كېسەك تامدىن بىرى بار. پۈتكۈل دۆۋە ئېگىزلىكى 1.6 مېتر، چاسا ئۇزۇنلۇقى 2.87 مېتر، تامنىڭ كەڭلىكى 2.4 مېتر، قېلىنلىقى 0.90 مېتر كېلىدۇ. قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەرنىڭ ھەممىسى قېلىپتا قۇيۇلغان. چوڭ ھەم رەتلىك. كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.48 مېتر، كەڭلىكى 0.22 مېتر، قېلىنلىقى 0.12 مېتر كېلىدۇ. توپىسىنىڭ رەڭگى قىزىل سېرىق بولۇپ، ئارىسىدا قۇم ـ شېغىللار بار. قۇرۇلۇش ئۇلى سوقما قىلىپ ياسالغان. قېلىنلىقى 0.40 مېتر كېلىدۇ. خارابىلىك ئىچىدىن ئوتۇن، قومۇش قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان.

خارابىلىكتىن ئەجدادلىرىمىز قەدىمي زامانلاردا ئىشلەتكەن يارغۇنچاق تېشىدىن يېرىم پارچە تېپىلغان بولۇپ، ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان.

سۈبېشى ئوت تۈرىنىڭ دەۋرى، خارابىلىكتىكى كېسەك ئىشلىتىش ئۇسۇلىدا، ئۇلىنىڭ 1 ـ قۇرىغا قويغان كېسەكلەرنىڭ توغرىسىغا تىزىپ قويغىنىدىن قارىغاندا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇرۇلۇش دەپ بېكىتىلدى.



## 10. خاندۇ ئاقدۆڭ ئوت تۈرى

ئاقدۆڭ ئوت تۈرى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى خاندۇ مەھەللىسىنىڭ ئاقدۆڭ كەنتىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تەخمىنەن 2.2 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 90° 2′ 53″، شىمالىي پاراللېل 42° 56′ 13″ قا توغرا كېلىدۇ.

ئاقدۆڭ ئوت تۈرى ئەسلىدە ياي شەكىللىك سۇپا ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەتراپ يەر يۈزىگە تاشلار تولۇپ كەتكەن. ئەتراپى پۈتۈنلەي سايلىق ھەم قۇم سۇپىلار بار. شەرقىي ـ شىمالىي تەرەپتە قىزىلتاغ، جەنۇبىي تەرەپتە قۇمتاغ بار. ئوت تۈرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر تال شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا يۆزلەنگەن پەسلىك شەكىللەنگەن كەلكۈن ئېقىنى بار. غەربىي تەرەپتىن 800 مېتر كېلىدىغان ئارىلىقتا بىر مەھەللە بار. غەربىي ـ جەنۇبىي تەرەپتىن 2.1 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە خاندۇشا تۈرى بار. ئارىلىقنى قۇم سۇپىلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي تەرەپتە 3.5 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە تۇرپان ـ پىچان تاشيولى بار. بۇ تاشيول بىلەنمۇ بۇ يەرگە كەلگىلى بولىدۇ.

خاندۇ ئاقدۆڭ ئوت تۈرىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 25.76 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

خاندۇ ئاقدۆڭ ئوت تۈرى پۈتۈنلەي كېسەك بىلەن قۇرۇلغان. ئوت تۈرىنىڭ گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ تۆۋەن قىسمى كاۋاك. شىمالىي تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. باشقىلار تەرىپىدىن كولانغان بىر تۆشۈكنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئوت تۈرىنىڭ پارچە ئېگىزلىكى 6.2 مېتر كېلىدۇ. شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىي تاملىرىدا ھەر بىرىدە ئىككى رەت چاسا قويۇلغان تۆشۈكچىلەر بار. تۆشۈكچىلەرنىڭ چوڭلۇقى 0.15 × 0.15 مېتر، 1 ـ رەت يەر يۈزىدىن 1.5 مېتر، 2 ـ رەت يەر يۈزىدىن 3.2 مېتر بوشلۇق ئارىلىقى تەخمىنەن 1.4 مېتر كېلىدۇ. جەنۇبىي تامدا ھەر بىر رەتتە 3 دانىدىن تۆشۈك بار. قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلگەن كېسـ-

سەكىلەر، 9 cm × 16 × 35 ۋە 10 × 16 × 35 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئاقدۆڭ ئوت تۈرىنى 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تەكشۈرگەن. خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

ئوت تۈرى قۇم سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان. يەر يۈزى تاش ـ شېغىللار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن. باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە بىرەز قوشۇمچە قۇرۇلۇش قاتارلىقلارمۇ تېپىلمىغان.

ئاقبۇدۆڭ ئوت تۈرىنىڭ دەۋرى، ئوت تۈرىدىكى قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرۇلۇش شەكلى، جۇغراپىيىلىك ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا ھەممە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قاتار ئەھۋاللارغا ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزگەندە، بۇ ئوت تۈرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادى ٧ ـ ئەسىرگە تەۋە قەدىمىي خارابىلىك دەپ يەكۈن چىقىرىلدى.

## 11. ئەنجانتۇر ئوت تۈرى

ئەنجانتۇر پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسى كىچىك مەھەللىسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 90° 10′ 2″ — 3″، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ 40″ — 41″ قا توغرا كېلىدۇ. ئەنجانتۇر خارابىسى دېڭىز يۈزىدىن 400 مېتىر ئېگىز.

ئەنجانتۇر خارابىسى سوزۇنچاق قۇم ـ شېغىللىق ساي ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ سوزۇنچاق سۇپا قورام تاش ۋە قۇم ـ شېغىللاردىن شەكىللەنگەن. غەربىي تەرىپىدە تەكشى بولمىغان قۇم ـ شېغىل بارخانلىرى بار. تۈرىنىڭ شىمالىي تەرەپ تېمى 45° كېلىدىغان يانتۇلۇقتا يۈزلەندۈرۈلگەن.

ئەنجانتۇر خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 27.1 كۋادرات مېتىر، تۇر خارابىسىنىڭ ئېگىزلىكى 7.3 مېتىر كېلىدۇ.

ئەنجانتۇر خارابىسى ئانچە ياخشى ساقلانمىغان. تۆت تەرەپتىكى تامنىڭ يۈزىگە سۇۋالغان سامانلىق لايلارنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن.



قەدىمىي تۈرىنىڭ تېگى قىسمىنىڭ ئۆرۈلۈشى بەك ئېغىر، تېگى قىسمىدىكى تامنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 1 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.6 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تەرەپ تېمىنىڭ تېگى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەجمى تەخمىنەن 1 مېتىر كېلىدىغان بىر تۆشۈك بار. تامنىڭ ئۈستى قىسمى بۇزۇلغان. قۇرۇلۇش گەۋدىسى چەمبەرسىمان ئايلانما شەكىلدە بولۇپ، ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئەنجانتۇر خارابىسىنى 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بىر نۆۋەت تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى ئورنىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

ئەنجانتۇر قۇرۇلۇشى كېسەكتە ياسالغان. تۈرىنىڭ نىشانى تۈز، ھازىرقى ئېگىزلىكى 7.3 مېتىر، شەرقتىن غەربكە سېلىنغان تامنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 4.4 مېتىر، جەنۇبىي ـ شىمالىي تاملىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.16 مېتىر كېلىدۇ. تۆت تەرەپ تېمى ئۈستىگە ئېگىزلىگەنسېرى ئىچىگە تارتىلىپ بارغان. قۇرۇلۇش جايلاشتۇرۇلغان يەر تەكشى. قۇرۇلۇشنىڭ ئىچكى قىسمى كاۋاك، «□» شەكىلدە قۇرۇلغان. شەرقىي تامنىڭ قېلىنلىقى 1.9 مېتىر، جەنۇبىي تامنىڭ قېلىنلىقى 1.3 مېتىر، غەربىي تامنىڭ قېلىنلىقى 2 مېتىر، شىمالىي تامنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىر كېلىدۇ. تاملارنىڭ ئۈستى قىسمىدا، شەرقىي ـ غەربىي تەرەپلىرىدە 0.80 مېتىرلىق بولۇت شەكىللىك تۆشۈكچىلەر بار. تام ئۈستى ۋە تېگى تەرىپىدە قومۇشنىڭ قېتىغا ئېلىنغان 2 تال تاياق بار. 1 ـ قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 1.4 مېتىر، 2 ـ قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 1.95 مېتىر كېلىدۇ. تامغا ئىشلەتكەن كېسەكلەرنىڭ يۈز قىسمى سۇۋالغان. كېسەكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.35 — 0.40 مېتىر، كەڭلىكى 0.21 — 0.23 مېتىر، قېلىنلىقى 0.05 — 0.95 مېتىر كېلىدۇ. كېسەكلەر رەتسىز. كېسەك ئارىلىرىدا قۇم ـ شېغىللارمۇ بار، ئايرىملىرىدا سامان بار. بەزىبىر كېسەكلەر كۆل رەڭدە ۋە بەزىلىرى قىزىل رەڭدە. تۈرىنىڭ ئۇلى قۇم ـ شېغىللىق توپىدىن سوقۇلغان سوقما تام.

قىلىنلىقى 0.40 مېتر كېلىدۇ.

ئەنجانتۇر خارابىسىنىڭ دەۋرى، بۇ تۈر بىر دۆلەت تەرىپىدىن 1873 ــ يىللىرى ياسالغان. شۇڭا، يەرلىك ئاھالىلەر تاھازىرغا قەدەر ئەنجانتۇر دەپ ئاتىشىدۇ.

## Ⅳ مىڭئۆي تاشكېمىر خارابىلىرى

### 1. شۆگە مىڭئۆيى

شۆگە مىڭئۆيى پىچان ناھىيىسى پىچان يېزىسى شۆگە مەھەللىسى تەۋەسىدىكى كەنت يولىنىڭ شەرقىي قېتىدا بولۇپ، مەھەللىگە تەخمىنەن 200 مېتر كېلىدۇ.

شۆگە مىڭئۆيىنىڭ تاشكېمىرلىرى شۆگە مەھەللىسىنىڭ 3 ــ داۋي تاشيولىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تەخمىنەن 200 مېتر كېلىدىغان ئارىلىقتىكى بىر ياردائىلىقنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان. تاغ ياردائىلىقىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر دەريا ئېقىنى بار. كەينى تەرىپى قۇمتاغقا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ياردائىلىقنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 100 مېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ. قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدىكى قۇمساڭغۇ قىيا تاشلار ناھايىتى كۆپ، مىڭئۆي تاشكېمىرلىرى يەر يۈزىدىن 30 مېتردىن ئارتۇقراق كېلىدىغان يەرگە قېزىلغان.

شۆگە مىڭئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 20 نەچچە كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

شۆگە مىڭئۆيىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى يامان ئەمەس. بۇ يەردە ئەزەلدىن تاشكېمىرلەرگە تۇتىشىدىغان كىچىك بىر پىنھان يول بار بولۇپ، ھازىر بۇزۇلۇپ كەتكەن. غارلارنىڭ ئېغىزى تەرىپىگە بىر پارچە يوغان قىيا تاش ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. غارنىڭ ئىچكى قىسمى ئاساسەن تولۇق بولۇپ، بۇزۇلۇش ئېغىر ئەمەس.

1988 ــ يىل 3 ــ، 4 ــ ئايلاردا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادى-



كارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋاقتىدا شۆگە مىڭئۆيىنى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان.

تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىلگىرى بۇ غارلارغا كىرىپ كۆرۈپ باققان كىشىلەردىن غارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىگەن. ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا غارلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5 مېتردىن، كەڭلىكى 4 مېتردىن ئاشىدىكەن. ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.8 مېتر كېلىدىكەن. كۆرگۈچىلەر غارلارنىڭ تاملىرىغا رەسىم سىزىلمىغانلىقىنى، باشقا خىلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغان.

### 2. تۇيۇق مىڭئۆيى

تۇيۇق مىڭئۆيى پىچان ناھىيىسى تۇيۇق غوجام مازىرى ئالدىدا. يەنى تۇيۇق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق يەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تۇيۇق غولى ئىچىدە. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 41′ 39″ — 40″ قا، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 50″ — 51″ قا توغرا كېلىدۇ. تۇيۇق مىڭئۆيى دېڭىز يۈزىدىن 80 مېتر ئېگىز.

تۇيۇق مىڭئۆيى جايلاشقان تۇيۇق غولى ئەسلىدە يالقۇنتاغ تىزمىسىدىكى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر تەبىئىي غول بولۇپ، بۇ غولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7 كىلومېتر كېلىدۇ. تۇيۇق غولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يەرلىك ئاھالىلەر سۇبېشى دەپ ئاتىشىدىغان بىر كەنت بولۇپ، بۇ كەنتنىڭ ئايىغى تەرىپىدە نۇرغۇنلىغان بۇلاق كۆزلىرى بولۇپ، بۇلدۇقلاپ زومرەتتەك سۇ توختىماي چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ بۇلاق سۇلىرى يىغىلىپ، خېلى زور بىر دەريانى شەكىللەندۈرگەن. دەريا سۈيى غولنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. بۇ دەريا سۈيى بىلەن تۇيۇق غولى ئىچىدىكى پۈتكۈل ئۈزۈملۈك باغلارنى سۇغىرىدۇ. غولنىڭ ئوتتۇرىسى تار، چىقىش ئېغىزى ئاستا ــ ئاستا كېڭىيىپ بارىدۇ. غولمۇ چوڭقۇرلاپ كېتىدۇ. ئىككى تەرەپتىكى قىرغاق ئېگىزلەپ كېتىدۇ. بەزى جايلىرى ياردائىلىقلارنىڭ ئۆرۈلىشى ياكى كىشىلەرنىڭ ئېرىق ــ ئۆستەڭ قۇرۇلۇش قىلىشى سەۋەبىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئەسلىدىكى تەبىئىي قىياپىتى

بۇزۇلۇپ كەتكەن. ھازىر غولىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا يارداڭلىقتا يېقىن قىلىپ ئېرىق ياسالغان ھەمدە غولىنىڭ ئاخىرلىشىش ئېغىزىغا بىر توك تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلغان.

تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. ھازىر بىر نەچچىلا غارغا ئىشىك بېكىتىلگەن. نۇرغۇن غارلار تېخى تازىلانمىغان، ھازىر قوغداش خىزمىتى كۈچەيتىلگەن.

تۇيۇق مىڭئۆيى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن، تەكشۈرۈش ۋاقتىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرە يېزىلغان.

تۇيۇق مىڭئۆيى ئازادلىقتىن ئىلگىرى چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن. غار ئىچىدە ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى داگۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئازادلىقتىن كېيىن يەن ۋېنرۇ ئەپەندى تۇيۇق مىڭئۆيلىرىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىلمىي ژۇرنىلى » دا ئېلان قىلغان. ماقالىسىگە « تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تاشكېمىرلار » دەپ تېما قويغان.

تۇيۇق مىڭئۆيى تاشكېمىرلىرى ئەسلىدە بۇددا دىنىنىڭ خارابىلىكى. دۆلىتىمىزنىڭ داڭلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى يەن ۋېنرۇ ئەپەندى تۇيۇق مىڭئۆيى مىلادى III ئەسىردىن V ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغان، دەپ قارايدۇ.

## 3 . ماڭدىغۇر مىڭئۆيى

ماڭدىغۇر مىڭئۆيى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى چۇۋانقىر مەھەللىسى يۇتۇق كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 2 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 54′ 20″ ـ 21″، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ 53″ ـ 54″ قا توغرا كېلىدۇ.



ماڭدىغۇر مىڭئۆيى سىرىق قىزىلقۇم دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن يارداڭلىقتا ئويۇلغان. بۇ دەريا ئەسلىدە بىر دەريا جىلغىسى بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 30 مېتردىن ئاشىدۇ. يارداڭلىق ھەم ئېگىز، ھەم قۇم ـ شېغىللىق تۇپراق. غارلار قۇمبېشى يارداڭلىقىغا كولانغان. تۆۋەن تەرىپىدە سىرىق قىزىلقۇم دەرياسى بار. قارشى تەرەپتە پەلەمپەي شەكىللىك ئېتىزلىقلار ۋە مەھەللە بار. يۇتۇق دەرياسى بويلاپ شىمالغا قاراپ چىقىر يول بىلەن ماڭسا بۇ خارابىگە بارغىلى بولىدۇ.

ماڭدىغۇر مىڭئۆيىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى شەرقتىن غەربكە 100 مېتر كېلىدۇ. تەبىئىي ئايرىمىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۇرگە ئايرىغاندا تاشكېمىر ئىبادەتخانىسى دەپ ئايرىلدى.

ماڭدىغۇر مىڭئۆيىنىڭ ئانچە ياخشى ساقلانمىغان قىسمى غارلارنىڭ ئىشىكى بىلەن تورۇسى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. كۆپىنچە غارلاردا سۈرەت يوق. تاملىرى سۇۋالغان، بىراق غارلار تازا تولۇق پۈتۈپ كەتمىگەن. پەقەت قىياپىتىنىلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى غارلار « گۆھەر قازغۇچىلار » تەرىپىدىن زور كۆلەمدە قېزىلىپ، بەكلا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن.

1980 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماڭدىغۇر مىڭئۆيى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلگەن. شۇ ئاساستا، پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىنى قايتا تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خاتىرە يېزىلىپ، خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلگەن. ھەر بىر غارغا قارىتا ئايرىم ـ ئايرىم تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان.

مىڭئۆيدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، تەبىئىي ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئىنسانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن غار ئىچى قىلىن توپىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. غارلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېغىز غارنىڭ تام سۈرىتىنى سەل ـ پەل پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ناھايىتى ئاز.

لايدىن ياسالغان بۇت ھەيكىلىنىڭ يۈزى قىسمىدىن بىر پارچىسى تېپىلغان بولۇپ، ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان.

ماگدىغۇر مىڭئۆيىنىڭ دەۋرى، غارلاردىكى ياسىلىش ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچە ئۇسلۇبى، بەزىبىر سۈرەت شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، مىڭئۆي مىلادى Ⅳ ئەسىردىن Ⅸ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ياسالغان.

## 4. سۇبېشى تاشكېمىر ئۆيى

سۇبېشى تاشكېمىر ئۆيى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى سۇبېشى تۆۋەنمەھەللىسىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 2.5 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 43′ 28″ — 29″، شىمالىي پاراللېل 42° 53′ 32″ — 33″ قا توغرا كېلىدۇ. سۇ بېشى تاش غارى دېڭىز يۈزىدىن 220 مېتر ئېگىز.

سۇبېشى تۆۋەنمەھەللىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى بىلەن تۇيۇق ئېغىزىغا كىرىپ غولنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى كىچىك يولنى بويلاپ سۇبېشى تاشكېمىر خارابىلىكىگە بارغىلى بولىدۇ. تاشكېمىر خارابىسى غەربىي غولدىكى ئاسان چىقىقىلى بولمايدىغان يارنىڭ قاپ بېلىگە ئويۇلغان. تۆۋەندىكى غولدا سۇ بار. بۇ غول تاكى تۇيۇق مىڭئۆيىگىچە سوزۇلۇپ داۋاملىشىپ بارىدۇ.

سۇبېشى تاشكېمىر ئۆيلىرى ھازىرغىچە تازا ياخشى ساقلانمىغان. غارلارنىڭ ئىچىدىكى تام سۈرەتلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. گۆھەر قازغۇچىلار غارنىڭ تېگىنى قېزىپ بەكلا ۋەيران قىلىۋەتكەن. تورۇستىكى قىسمەن جايلاردا ئۆرۈلۈش ھادىسىلىرى بار، داۋاملىق ئۆرۈلۈش خەۋپى بار.

پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، 1980 - يىلدىكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، 1988 - يىل 4 - ئايدا بىر نۆۋەت قايتا تەكشۈر-



گەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتكەن، خاتىرە يازغان.

سۇبېشى تاش غارلىرىدا ھازىر ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، تاش غارلاردىن ھازىرغىچە 5 ئېغىز تاشكېمىر ئۆيى ساقلىنىپ قالغان. شىمالدىن جەنۇبقا تارتىپ 1 دىن 5 كىچە نومۇر بېرىلگەن. غارلارنىڭ تورۇسلىرى ھەممىسى ئوخشاش يۇملاق (ياي) شەكىلدە، يەر يۈزى ئۇزۇنچاق - چاسا شەكىلدە. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 1 - نومۇرلۇق تاش غارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.60×2.40×2.79 مېتىر، 2 - نومۇرلۇق غار 1.40×300×2.50 مېتىر، 3 - نومۇرلۇق غار 1.80×4.20×3.90 مېتىر كېلىدۇ. 4 - نومۇرلۇق غار 1.80×5.20×3.75 مېتىر، 5 - نومۇرلۇق غار 2.50×2.70×3.40 مېتىر كېلىدۇ. 4 - نومۇرلۇق غارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ھۇجرا ئۆي بار.

تاش غارلار خارابىلىكىدىن بىر پارچە ساپال پۇچۇقى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان.

سۇبېشى تاش غارلىرىنىڭ دەۋرى مەسىلىسىدە، غارلارنىڭ ياسىلىش شەكلىدىن كۆزەتكەندە بۇددا دىنىغا تەۋە غارلار، بىراق يىل دەۋرىنى بېكىتمەك تەس. پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك كۈچلۈك پاكىت - ئاساس يوق.

## Ⅴ قەدىمىي قەبرىلەر

### 1. قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقى

قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسى لەمجىن يېزىسى چۇۋانقىر مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، يۇتۇق كارىزىنىڭ 1.5 كىلومېتر جەنۇبىدا، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 56′ 35″ — 36″ قا، شىمالىي پاراللېل 42° 50′ 58″ — 59″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 12 مېتر ئېگىز.

قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقى يۇتۇق دەرياسىنىڭ شىمالىي

قىبتىدىكى تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تۆپىلىك ئۈستىدە. غول ئىچىدە كىچىككىنە بىر دەريا بار، بۇ دەريا شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە يۆزلىنىپ ئاقىدۇ. يالقۇنتاغنىڭ تارمىقى بولغان قىزىلتاغنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. تاغ ئالدى تەرىپىدىكى غولمۇ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان. كىچىك دەريانىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ئىككى تەرىپى قاتمۇ قات تۆپىلىكتىن تەركىب تاپقان. تاكى غولنىڭ ئەڭ ئىچكىرى نۇقتىسىغىچە داۋاملاشقان. قەدىمكى قەبرىستانلىق دەريانىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى 4 ـ، 5 ـ پەلەمپەيدە بولۇپ، 6 ـ پەلەمپەيلىك بۇ پەلەمپەيلىكنىڭ ئەڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئەڭ ئىگىز نۇقتا. تۆۋەنكى 1 ـ پەلەمپەي يەنى 3 ـ پەلەمپەيگىچە ئېتىزلىق. قەبرىستانلىقنىڭ يەر يۈزى قاتلىمى شېغىللىق ۋە تاشلىق بولۇپ، يەر پوستى سەل يۇمشاق.

قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3248.64 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس. 4 ـ پەلەمپەيلىكتە 4 قەبرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق. بۇ يەردە بايقالغان بۇ قەبرىلەر بىر نۆۋەت ئوغرىلانغان. 5 ـ ئېگىزلىكتە 4 دانە قەبرە ئوغرىلانغان. قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنىڭ تۇپىسى يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىتىشى بىلەن پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. بەزى قەبرىلەردىكى تىندۇرما توپىلار يامغۇرنىڭ تەسىرى بىلەن تېگىگە بېسىلىپ كەتكەن. بۇ سەۋەبتىن قەبرە يوللىرى ئاشكارىلىنىپ قالغان.

قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1988 ـ يىلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا، پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن.

قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا قەبرە يولى بار. قەبرە يولى شەرقتىن غەربكە يۈزلەندۈرۈلگەن. قەبرە ئېغىزى



شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان. قەبرە ئۆيى غەربىي تەرەپكە ئويۇلغان. قەبرە يولىنىڭ تېگى قىسمى كەڭ، ئۈستى قىسمى تار قىلىپ ئويۇلغان. قەبرە ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى 0.72 مېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئېغىزى يەر يۈزىدىن 2.6 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا. قەبرە ئۆيلىرى سېغىز توپا قاتلىمىغا ئويۇلغان. قەبرە ئۆيىدىن يەر يۈزىگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇم ـ شېغىللار بار. قەبرە تۇپىسى قۇم ـ توپىلاردىن تەركىب تاپقان.

قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى، قەبرىلەرنىڭ شەكلىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىلەر ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاش. شۇڭا، بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادى VI ئەسىردىكى قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 2. سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ( I )

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسى تۇيۇق يېزىسى سۇبېشى مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 43′ 26″ ـ 27″، شىمالىي پاراللېل 42° 53′ 27″ ـ 28″ قا توغرا كېلىدۇ.

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى شەرقتىن غەربكە تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان. شىمالىي تەرىپىدىكى بىر تاغ ئېغىزىدىن باشقا ئالاھىدە بەلگە يوق. قەبرىستانلىق تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يارداڭلىقتىن تاغقىچە بولغان ئارىلىقتا بىر غول ئېقىن بار. بۇ غولدا سۇ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. شىمالىي تەرەپتىن 400 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا بىر سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار. جەنۇبىي تەرىپى سۇ بېشى تۇرالغۇ خارابىسىگە 800 مېتىر كېلىدۇ.

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15 مىڭ 752 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى خېلى ياخشى ساقلانغان. قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ئاز ساندىكى بىر نەچچىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەتقىقات خىزمىتى داۋامىدا قېزىلغان. باشقا قەبرىلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئالتۇن قازغۇچىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. قەبرىستانلىق رايونىدىن نۇرغۇنلىغان يىپەك، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنى، ھەر خىل رەڭلىك ساپال پۇچۇقلىرىنى، ئادەم ئىسكىلىتلىرىنى ۋە ھەر خىل ھايۋاناتنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى 1988 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ ئايلاردىكى ئاپتونوم رايوننىڭ پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن خەرىتىدىكى نۇقتىسى بەلگىلىنىپ خاتىرە يېزىلغان. بىر قىسىم ئەۋرىشكىلەر يىغىۋېلىنغان.

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى مەدەنىيىتىدە، يەر يۈزى سېغىز توپىلىق، ئاز قىسمىدا قۇم ۋە قورام تاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ياسىلىشى ۋە قۇرۇلمىسىدا ئىككى خىل شەكىل بار. شەرقىي ـ شىمالىي بۇرجەكتىكىلەر ئۇزۇن چاسا شەكىلدىكى تىك لەھەتلىك ئىچى گۆرلۈك قەبرىلەر، بۇ قەبرىلەرنىڭ قەبزە ئۆيى قەبرە يولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە. قەبرىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2.8 مېتىر، قەبرە ئېغىزىدىن يان ئۆيىگىچە چوڭقۇرلۇقى 2.4 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.3 مېتىر كېلىدۇ.

سۇبېشى قەبرىستانلىقىدىكى ئىككىنچى بىر خىل قەبرىلەر ئۇزۇن چاسا شەكىللىك، تىك لەھەتلىك قەبرىلەر. قەبرىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 0.85 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.85 مېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر كېلىدىغانلىرىمۇ بار. سەل تېيىزراق كېلىدىغانلىرىمۇ بار، ئوخشاش ئەمەس.

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش سۆڭىكى، كېگىز پارچىلىرى، يۇڭ ئىشتان (ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى توقۇپ كىيگەن)، ھەر خىل رەڭلىك، رەڭسىز ساپال پۇچۇقى قاتارلىق بۇيۇملاردىن بىر خالتا ئەۋرىشكە يىغىۋېلىنغان.



سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى مەسىلىسىدە، قېزىش قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ۋە كاربون 14 ئانالىزى بويىچە ئۆلچەپ بىر تەرەپ قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىستانلىق 3300 يىل ئىلگىرىكى قەبرىلەر ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

### 5. سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ( Ⅱ )

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسى سۇ بېشى مەھەللىسى تەۋەسىدە، يەنى پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1 كىلومېتىر كېلىدىغان غەربىي توغاننىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپىدىكى تۆپىلىكلەردە.

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ شەرقىي ـ غەربىي تەرەپلىرىدە مەھەللە ۋە ئېتىزلىق بار. شىمالىي تەرىپىدە لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى بار. چوڭ غولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورمانلىقلار بار. باشقا ئىككى تەرىپىدە كارىز كولىغاندا قېزىپ چىقىرىۋېتىلگەن قۇدۇق توپىسى بار. قەبرىستانلىق شەرقىي تەرەپ ۋە غەربىي تەرەپتىكى تۆپىلىككە قويۇلغان.

سۇ بېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 40 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق تازا دېگەندەك ياخشى ساقلانمىغان. بۇ قەبرىستانلىق رايونىدا 40 تىن ئارتۇقراق قەدىمىي قەبرە ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ھەر خىل ساپال پۇچۇقلىرى، جەسەت سۆڭەكلىرى قەبرە رايونىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كەتكەن. بۇ قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەر يانتۇ لەھەتلىك ۋە تىك لەھەتلىك قەبرىلەردىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە. بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىدا ۋە ئارىلىقلىرىدا ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ بار.

1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئالدى بىلەن قەبرىستانلىقنىڭ كېسەك يۈزىنى ئۆلچىگەن ھەم تەكشۈرگەن. شۇ ئاساستا پۈتكۈل قەبرىستانلىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا

تېپىلغان دېڭىز قۇلۇلىسى قېپى ، ئۇرچۇق ، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە ساپال پۇچۇقلىرى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان . بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئېلگىرى باشقىلار تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قەبرىلەرنىڭ قەبرە توپىسى ئارىلىرىدىن تېپىلغان . بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا « 3 —— 88SPS:1 » دەپ نومۇر بېرىلگەن .

سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى قەبرىستانلىقتىكى قەبرە شەكىللىرىگە ئاساسەن مىلادى V ئەسىردىكى قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى .

## 4. ياڭخېي قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ياڭخېي قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى ياڭخېي مەھەللىسى ئاسقال كارىزىنىڭ غەربىي - شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1.5 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە . جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 39′ 17″ — 18″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 48′ 14″ — 15″ قا توغرا كېلىدۇ .

ياڭخېي قەدىمىي قەبرىستانلىقى يالقۇنتاغنىڭ تۇيۇق ئېغىزىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى تىندۇرما تۆپىلىكتە . يەر شەكلى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان . قەبرە ئەتراپىدا يەنە نۇرغۇنلىغان قۇم بارخانلىرى ۋە شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان بىر كارىز بار . قەبرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان . يەر يۈزىنى بىر قەۋەت شېغىل ۋە ئۇششاق تاشلار قاپلاپ كەتكەن . چۆل ئۆسۈملۈكلىرىمۇ ئۈنمىگەن . ماشىنا بىلەن ماڭغاندا تۇيۇق يېزىسىنىڭ غەربىگە 1.5 كىلومېتر كېلىدىغان ۋەخپە تۈگمەندىن جەنۇبقا قاراپ 3.5 كىلومېتر يۈرگەندە بۇ قەبرىستانلىققا يەتكىلى بولىدۇ .

ياڭخېي قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

قەبرىستانلىق شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن بولۇپ ،



شەرقىي تەرەپتىكى قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى سەل كىچىكرەك ، كۆپ قىسىم قەبرىلەر ئوغرىلىقچە قېزىپ كېتىلگەن . غەربىي تەرەپتىكى قەبرە رايونىنىڭ دائىرىسى سەل چوڭراق ، بۇ ئىككى قەبرە رايونىنىڭ ئارىلىقى 300 —— 400 مېتىر كېلىدۇ . بۇ قەبرىستانلىق رايونىدىن تەخمىنەن 100 دەك قەبرە ئوغرىلىقچە قېزىپ كېتىلگەن . نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەبرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئادەم ئىسكىلىتى ، ھايۋانات ئۇستىخانلىرى ، ساپال پارچىلىرى ، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ، تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇم قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار . ھازىرقى ئەھۋالدا قەبرىلەر قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان . بەزىبىر قەبرىلەر ساق قالغان . بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى ئۆرۈلۈپ ، كىچىككىنە ئويمانلىق شەكىللەنگەن يەرلەرمۇ بار . بۇلار قەبرە ئېغىزى بولۇپ ، ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم . ئايرىم جايلاردا تاش دۆۋىلىك قەبرىلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ .

1988 - يىل 4 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ياڭخېي قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەن . تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ ، خاتىرە يېزىلغان ۋە باشقا ئىشلار تەرتىپ بويىچە تاماملانغان .

قەبرىلەرنىڭ تېگى ۋە يەر يۈزى شېغىللىق ۋە تاشلىق ، تاش - شېغىل قاتلىمىنىڭ ئاستىدا بىر قەۋەت سېغىز توپا قاتلىمى بار . بەزى قەبرىلەرنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق چاسا تىك لەھەتلىك قەبرىلەر بولۇپ ، قەبرە ئېغىزى ئاساسەن شەرقتىن غەربكە قارايدۇ . قەبرە ئېغىزلىرى ئوت - چۆپ ، شاق - شۇمبا ۋە بورا سېلىپ ھىم ئېتىپ تاشلانغان . ئىككى پەلەمپەيلىك كېسەك گۆرلەرمۇ بار . بەزىلىرىدە ياغاچتىن ياسالغان قەبرە بۇيۇملىرى بار . قەبرىگە ئىشلەتكەن كېسەكلەرنىڭ چوڭلۇقى 0.09 × 0.30 × 0.45 مېتىر كېلىدۇ . بۇ كېسەكلەر سامانلىق لاي بىلەن قويۇلغان . قەبرە ئېغىزىنىڭ چوڭلۇقى 1.7 مېتىردىن 2.4 مېتىرغىچە ، كەڭلىكى 0.56 مېتىردىن 1.20 مېتىرغىچە كېلىدۇ . ئوخشاش ئەمەس . بەزى قەبرىلەر سەل تېيىز بولۇپ ، چوڭقۇرلۇقى 0.30 مېتىر كېلىدۇ ، بەزىلىرى سەل

چوڭقۇر بولۇپ 1.5 مېترغا يېتىدۇ. خېلى نۇرغۇن ساندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان. بۇ قەبرە رايونىنىڭ يەر يۈزى قىسمىدىن بىر قىسىم تاش قوراللارمۇ يىغىۋېلىنغان.

يىغىۋېلىنغان ئەۋرىشكىلەر ئارىسىدا، يىرىك ساپال پارچىلىرى، قىزىل رەڭدىكى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ساپال پارچىسى، رەڭلىك ساپال پارچىسى، ئات ئېگىرى شەكىللىك يارغۇنچاق تېشى، ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى، تاش قورال، ياغاچ قورال، مۈڭگۈزدىن ئىشلەنگەن قورال، يۇڭ رەخت قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار.

ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللار يەر يۈزىدىن تېپىلغان بولۇپ، قەبرىلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق. دەۋرى ئوخشاش ئەمەس، مەدەنىيەت خاراكتېرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. قەبرە شەكلى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، لەھەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىلەرنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅴ — Ⅲ ئەسىرلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لەھەتلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ ۋە كېيىنكى دەۋرنىڭ دەپ پەرقلىنىشى مۇمكىن. قەبرىلەرنىڭ ئىچىدىكى تىك لەھەتلىك، ئىچى گۆرلۈك قەبرىلەر ئېھتىمال ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. كېسەك ئۆيلۈك قەبرىلەر ۋە ئىككى پەلەمپەيلىك لەھەتلەر كېيىنكى دەۋرگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن.

1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىپ، بۇ قەبرىستانلىقنى تەكشۈرگەن.

## 5. تۇيۇق سۇبېشى قەدىمي قەبرىستانلىقى ( Ⅲ )

تۇيۇق سۇبېشى قەدىمي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى سۇبېشى مەھەللىسى تۆۋەنمەھەللە كەنتىدە بولۇپ، قىيپاش جەنۇبقا توغرا كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 43′ 28″ — 29″، شىمالىي پاراللېل 42° 54′ 39″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 260 مېتر ئېگىز.

تۇيۇق سۇبېشى كەنتىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۇيۇق يېزىسىغا



ئۆتىشىدىغان بىر تاشيول قەبرىستانلىقنىمۇ كېسىپ ئۆتىدۇ. مەھەللە بىلەن قەبرىستانلىقنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. قەدىمي قەبرىستانلىقنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى ۋە شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز تاغلىق. شەرقىي - جەنۇبىي تەرەپتىدىكى تاغدىن 700 مېتر سىرتىدا كېلىدىغان يەردە سۇبېشى 1 - قەبرە رايونى بار. شەرقىي شىمال تەرىپى تېرىلغۇ ئېتىزى. نۇرغۇن بۇلاق كۆزلىرىدىن چىقىدىغان بۇلاق سۇلىرى يىغىلىپ سۇبېشى دەرياسىنى شەكىللەندۈرگەن.

تۇيۇق سۇبېشى قەدىمي قەبرىستانلىقنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 300 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

تۇيۇق سۇبېشى قەبرىستانلىقىدىكى بىر قىسىم قەبرىلەرنى كەسپىي ئورۇنلار سىناق قىلىپ قازغاندىن باشقا، نۇرغۇن قەبرىلەر ناھايىتى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. بىراق، زور كۆپچىلىك ئورۇنلارنىڭ توپىسىمۇ مىدىرلىمىغان. بۇ يەردىكى بىر قىسىم قەبرىلەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

1988 - يىل 4 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى سۇبېشى قەدىمي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

قەبرىستانلىقتىكى ئوغرىلىقچە قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۈزۈلۈش شەكلى، قۇرۇلمىسى، ئۇزۇنچاق چاسا ۋە تىك لەھەتلىك قەبرىلەر بولۇپ، يەر يۈزى قىسمىدا قەبرە توپىسى بەلگىلىرى يوق. ئادەتتىكى ئەھۋالدا سىرتتىن قاراپ، قەبرە ئىكەنلىكىنى پەرق قىلماق تەس. پەقەت بىر قىسىم قەبرە شەكلىدىكى ھادىسىلەرگە قاراپلا قەدىمىي قەبرە دەپ گۇمان قىلىش مۇمكىن.

قەدىمىي قەبرىستانلىقنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، قەبرىلەرنىڭ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن توپىسى ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان ساپال پارچىلىرى يىغىۋېلىنغان. ساپاللار ئىچىدە، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال مەلۇم سانىنى ئىگىلەيدۇ. گۈل نۇسخىسى، ئۈچ بۇرجەك نۇسخىسى، يانتۇ سىزىقلىق ئۈچ بۇرجەك نۇسخىسى، قاچا لېۋىنىڭ ئىچكى قىسمىغا سىزىلغان ئۈچ بۇرجەك گۈل نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. قاچىنىڭ سىرتقى

قىسمىدا ئەگرى سىزىق گۈل نۇسخىسى بار. قاچىلارنىڭ قۇلىقى تۈز قۇلاق، تاسمىسىمان قۇلاق ۋە كەڭ قۇلاق شەكىللىرى بار. قاچىلاردىن يەنە تىك ئېغىزلىق ۋە يانتۇ كالپۇكلۇق قاچىلار سەل مولراق. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر دانە ياغاچ تاۋاق بار.

تۇيۇق سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى، سۇبېشى 1 ـ قەبرە رايونىدىكى تاش دۆۋىلىك قەبرىلەردىكى ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، قەبرىلەردىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملارمۇ ئاساسەن ئوخشاش. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تۇيۇق سۇبېشى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى V — Ⅲ ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى.

## 6. تۇيۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقى

تۇيۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى تۇيۇق غوجام مازارلىقىنىڭ ( ئەسھابۇلكەھەب ) يېنىدا. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان ″ 22 ′41 °89، شىمالىي پاراللېل ″ 30 ـ ″29 ′51 °42 تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 60 مېتر ئېگىز.

قەبرىستانلىق يالقۇنتاغ تىزمىسىدىكى تۇيۇق غولىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇيۇق خوجام مازارلىقىنىڭ شەرقىي - شىمالىي تەرىپىگە يېقىن يەردە بىر غول بار. بۇ غولنىڭ ئىككى تەرىپى قەدىمىي قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ غولنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، كىچىك بىر يولدىن ئۆتكەندە يارداڭلىققا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يارداڭلىقنىڭ ئۈستى، يان ۋە پەس تەرەپلىرى ھەممىسى تۇرالغۇ رايونى. يارداڭلىقتا قەبرىلەر بار. بۇ قەبرىستانلىق تۇيۇق مىڭئۆيىدىن يىراق ئەمەس. يېقىن ئەتراپتىكى يارداڭلىق بويىدا بىر گۇرۇپپا تاش غارلىرى بار.

تۇيۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 مېتر كېلىدۇ.

تۇيۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقتىكى بەزى قەبرىلەر يارداڭلىقنىڭ ئۆرلۈكىدىن ئۆرۈلۈپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئېچىلىپ قالغان، ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىرىمۇ بار. يارداڭلىقتىن پارچە - پۇرات ئۇستىخانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بەزىبىر قەبرىلەرنىڭ ئاغزى كېسەك بىلەن



ئېتىلگەن، بەزى قەبرىلەرنىڭ ئاغزىدا قىرلانغان پارچە كېسەكلەر بار.

1988 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇيۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىگە ئېلىنغان.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقتا 15 تەك قەبرە دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى. قەبرىلەر ئاساسەن، تەبىئىي شەكىللەنگەن غولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ھەم يارداڭلىققا بىر كىچىك ئىشىك ئېچىلغان. بىر دانە سەل چوڭراق قەبرە قېزىلغان. قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ دەپنە بۇيۇملىرى بار. دەپنە بۇيۇمىدىن جەسەت قاچىلايدىغان ساپال تاۋۇت بار. دەپنە بۇيۇمى يوقلىرىنىڭ قەبرە ئۆيىدە پەقەت پۇت ـ قوللىرى يىغىلغان 1 دانە جەسەتلا بار. قەبرە ئۆيلىرى ھەممىسى يۇملاق تورۇسلۇق بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي سېلىش ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تۇيۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى، بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىققا نىسبەتەن قېزىش قىلىش ماتېرىيالى « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىلمىي ژۇرنىلى » نىڭ 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق بىلەن تۇيۇق مىڭئۆيى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بار. بۇ قەبرىستانلىق تۇيۇق مىڭئۆيىدىكى راھىبلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇشى مۇمكىن، دەۋرىمۇ مىڭئۆيلەر بىلەن بىر دەۋردىكى قەبرىلەر بولۇپ، مىلادى Ⅲ ئەسىردىن Ⅳ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى قەبرىلەر دەپ بېكىتىلدى.

## 7. ئاقتېرەك قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ئاقتېرەك قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسى لەنگەر مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 3 كىلومېتر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″ 5 ـ ″ 4 ′11 °90، شىمالىي پاراللېل ′ 50 °42 قا توغرا كې-

لىدۇ.

ئاقتېرەك قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 180 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئاقتېرەك قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بۇ قەبرىستانلىقتىكى بىر نەچچە قەبرىنى قازغان. كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن زور كۆلەمدە قېزىلىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلغان.

1988 - يىل 4 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئاقتېرەك قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى بىر نۆۋەت قايتا تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلگەن ھەم خاتىرىگە ئالغان.

ئاقتېرەك قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يانتۇ يوللۇق قەبرىلەر بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 3 — 4 مېتىر كېلىدۇ. قېزىلغان قەبرىلەرگە يەر يۈزىدىكى قورام تاش دۆۋىلىرى ئارقىلىق بەلگە قىلىنغان، قەبرە توپىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. قەبرە رايونىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار ھەمدە نۇرغۇن ساپال پۇچۇقلىرىمۇ تېپىلغان. قىزىل رەڭلىك، كۈل رەڭ ساپاللار، تاش قوراللار ھەم بەزىبىر توقۇلما بۇيۇملار بار.

ئاقتېرەك قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ شەكلى ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرىنىمۇ مىلادى V ئەسىردىكى قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 8. تۈگمەنبويى قەدىمىي قەبرىستانلىقى

تۈگمەنبويى قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى، تۈگمەنبويى 1 - مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، لۈكچۈن بازىرىنىڭ غەربىي - شىمالىي تەرىپىگە 2 كىلومېتىردەك كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 44′ 42″،



شىمالىي پاراللېل 42° 45′ 35″ — 36″ قا توغرا كېلىدۇ.

تۈگمەنبويى قەبرىستانلىقى يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سايلىقنىڭ ئالدى تەرەپ بوستانلىقىغا جايلاشقان. ھازىر قەبرىستانلىقنىڭ تۆت ئەتراپى تېرىلغۇ ئېتىزى. تەخمىنەن 2 كىلومېتىر شەرق تەرەپتە قوشچاگىزا خارابە رايونى بار. ئەتراپىدا ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار بار. لۈكچۈن بازىرىدىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان بىر ھارۋا يولى بار. تۈگمەنبويى قەدىمىي قەبرىستانلىقى مۇشۇ ھارۋا يولىنىڭ غەربىي قېتىدىكى تېرىلغۇ ئېتىزلىقى ئىچىدە.

تۈگمەنبويى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 250 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

تۈگمەنبويى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ھازىر تېرىلغۇ ئېتىز قىلىۋېتىلگەن. تەخمىنەن 250 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان دائىرىدىكى قەبرىستانلىق دېھقانلارنىڭ توپا يۆتكەش، ئوغۇت توپلاش ئىشلىرىنىڭ تەسىرىدىن، ئويۇلۇشى سەل چوڭقۇر بولغانلىقتىن، نۇرغۇن جەسەتلەر قېزىلىپ سىرتقا چىقىپ قالغان. قەبرىستانلىقتا يەنە ساپال قاچا قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىمۇ بار.

1988 - يىل 4 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى تەكشۈرگەندە، خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرە قالدۇرۇلغان.

تۈگمەنبويى قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ساقلىنىپ قالغان قەبرىلەرنىڭ شەكلىنى، قەبرىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەبرىستانلىقنى تەكشۈرۈش داۋامىدا قەبرىستانلىقتىن بىر قىسىم ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. بەزى ساپال قاچا پارچىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. ساپاللارنىڭ كۆپ قىسمى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك قىزىل ساپال. سىرتقى قىسمىدا قارا رەڭ بار. رەڭ ئارىلىقلىرىدا تۈز سىزىقلىق گۈل نۇسخىسى، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدىكى گۈل نۇسخىسى، ئەگرى سىزىق شەكىلدىكى گۈل نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. قاچا شەكلى، يالغۇز قۇلاقلىق كومزەك، تېگى تۈز قاچا ۋە تاش توپ قاتارلىق مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرى بار. ساپال قاچىلارنىڭ ئىچىدە ياپىلاق قۇلاقلىق ۋە تاسما قۇلاقلىق ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىندى.

تۈگمەنبويى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

## 9. ئۈچكۆۋرۈك قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ئۈچكۆۋرۈك قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى 1 ـ ئەترىتى تەۋەسىدە، يەنى ئامانشا قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ، ئىككى قەبرىستانلىقنىڭ ئارىلىقى 500 مېتر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 48′ 10″ قا، شىمالىي پاراللېل 42° 44′ قا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچكۆۋرۈك قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر تېرىلغۇ يېتىزى قىلىۋېتىلگەن. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئامانشا قەدىمىي قەبرىستانلىقى بار. جەنۇبىي تەرىپى سايلىق. يول ئېغىزىدا بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار. بۇ قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەردىن خېلى كۆپ ساندىكىسى قېزىلغان، ۋەيرانچىلىق بىر قەدەر ئېغىر.

ئۈچكۆۋرۈك قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈلگەن ۋە خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرىگە ئېلىنغان. قەبرىستانلىقنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، تېپىلغان بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى دەۋر ئالاھىدىلىكى قاتارلىق بىر قاتار ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۈچكۆۋرۈك قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى مىلادى V ئەسىردىكى قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 10. بىر تۈپ جۈجەم قەبرىستانلىقى

بىر تۈپ جۈجەم قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى قازاق مەھەللىسى ياشلار 1 ـ ئەترىتىنىڭ تەۋەسىدە بولۇپ، لۈكچۈن بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي



مېرىدىئان 89° 46′ 22″ ـ 46′ 50″ قا، شىمالىي پاراللېل 42° 45′ 50″ ـ 55″ قا توغرا كېلىدۇ.

بىر تۈپ جۈجەم قەدىمىي قەبرىستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 20 مېتر تۆۋەن.

بىر تۈپ جۈجەم قەدىمىي قەبرىستانلىقى يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. شەرقىي تەرىپىدە بىر تۆپىلىك بار. تۆپىلىك ئۈستىدە بىر ئېغىز تاشلاندۇق ئۆي ۋە بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار، جەنۇبىي تەرىپىدە خېلى زور كۆلەملىك ئۈزۈملۈك بىر باغ بار، غەربىي تەرىپىدە نۇرغۇن ئۆيلۈك ئاھالىلەر تۇرالغۇ رايونى ۋە بەزىبىر يېڭىدىن بىنا قىلىنغان كىچىك تىپتىكى ئورمانلىق بار. شىمالىي تەرىپىدە بىر قىسىم ھازىرقى زامان قەبرىستانلىقى بار. جەنۇبىي تەرىپىدە تەخمىنەن ئارىلىقى 2 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە شەرقىي شىمالدىن، غەربىي جەنۇبقا يۆنىلەنگەن بىر تاشيول بار.

بىر تۈپ جۈجەم قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 90 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

بىرتۈپ جۈجەم قەدىمىي قەبرىستانلىقى ھازىرغىچە خېلى ياخشى ساقلانغان. شەرقىي تەرەپ قەبرە رايونىدىكى قەبرىلەر ئاساسىي جەھەتتىن تىك لەھەتلىك قەبرىلەر، غەربىي تەرەپتىكى قەبرىلەر قەبرە يولى تەسىس قىلىنغان ئىچى گۆرلۈك قەبرىلەر. قەبرە رايونى ئىچىدە بىر نەچچە يەردە كۆلىمى تەخمىنەن 20 مېتر كېلىدىغان قەبرە توپىسى دۆۋىسى بار. بۇ ئەھۋال ئېھتىمال بىر نەچچە قەبرىنى بىرگە ئويۇپ، بىر نەچچە جەسەتنى بىرگە دەپنە قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ خىل ھالەت ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقتىمۇ 8 دەك قەبرە ئوغرىلىقچە قېزىپ كېتىلگەن. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىر تۈپ جۈجەم قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەندە، خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

بۇ قەدىمي قەبرىستانلىقتىن بىر قىسىم ساپال پۇچۇقلىرى ۋە 1 دانە قەبرە تەزكىرىسى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىندى.

بىر تۈپ جۈجەم قەدىمي قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادى V ئەسىردىكى قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 11. ئامانشا قەدىمي قەبرىستانلىقى

ئامانشا (ئامان شەھەر) قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى ئامانشا مەھەللىسى تەۋەسىدە بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان 89° 49′، شىمالىي پاراللېل 42° 43′ 15″ قا توغرا كېلىدۇ.

ئامانشا قەدىمي قەبرىستانلىقى لۈكچۈن بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تەخمىنەن 5 كىلومېتر كېلىدۇ. تاشيولنىڭ جەنۇبىدا، تەخمىنەن 2 كىلومېتردەك ئارىلىق بار. كەنتتىن ئايرىلغان يەردە بىر چىغىر يول بار بولۇپ، بۇ يول بىلەن داۋاملىق ماڭسا ئامانشا قەدىمي قەبرىستانلىقىغا بارغىلى بولىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي تەرىپى تېرىلغۇ ئېتىزلىق ۋە مەھەللىلەر بىلەن قورشالغان. جەنۇبىي تەرىپى سايلىق ۋە جاڭگاللىق.

ئامانشا قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 3000 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

يەرلىك ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسلانغاندا بۇ يەردە ئەسلىدە 100 مودەك كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە قەدىمي قەبرىستانلىق بار ئىكەن. بۇ قەدىمي قەبرىستانلىق ھازىر پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. قەبرىستانلىقتىكى بەزى ئېچىلىپ قالغان قەبرە يوللىرى ۋە ئىچ گۆرلۈكلەرنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى قاتارلىق ئەھۋاللارنى خېلى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قەبرىستانلىقتىكى نۇرغۇن قەدىمي قەبرىلەر ئوغرىلىقچە قېزىلغان.

1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ قەبرىستانلىقنى تەكشۈرگەندە، خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

ئامانشا قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ بەزىبىر يەرلىرىدە كۆل رەڭ سا-



پال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئامانشا قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى، مىلادى V ئەسىرگە تەۋە قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 12. سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقى

سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى ئۈچكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن بىر كىلومېتر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 38′ 13″، شىمالىي پاراللېل 40° 44′ 13″ قا توغرا كېلىدۇ. سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 5 مېتر تۆۋەن.

سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر تېرىلغۇ ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، تەك قويۇلغان. شىمالىي تەرىپىدە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بار. شەرقىي تەرىپى ئەسلىدە بىر پارچە يېڭى ئېچىلغان بوز بولۇپ، ھازىر ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلگەن. بۇ يەردە يەنە سەنگچوردىن تۆت كارىزغا بارىدىغان بىر ھارۋا يولى بار. ھارۋا بىلەن بۇ يولنى بويلاپ ماڭغاندا سەنكەنقىر قەبرىستانلىقىغا كەلگىلى بولىدۇ. سەنكەنقىر قەبرىستانلىقى بىلەن ئۈچكۆۋرۈك قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس.

سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. بىر نەچچە يەردە ئىلگىرى ئوغرىلانغان قەبرىلەر بار. كۆپىنچىسى تىك لەھەتلىك قەبرىلەر. بۇ قەبرىستانلىقنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، قەبرىستانلىقتىن ئېگەرسىمان يارغۇنچاق تېشى پارچىسى، تاش ساقا قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان.

1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژورنىلى 1982 ـ يىل 2 ـ سانىدىكى «شىنجاڭدىكى رەڭلىك ساپاللار» دېگەن ماقالىدە

تەمسىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقىنى يەنە بىر نۆۋەت قايتا تەكشۈرگەندە، خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان. ھازىر قەبرە رايونىدا بۇزۇلۇش ئېغىر بولغانلىقتىن رەڭلىك ساپال پارچىلىرىنى تاپماق تەس بولۇپ قالغان.

سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقىدىكى نەچچە يۈز قەبرە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قەبرىستانلىقتىن تىك لەھەتلىك قەبرىلەر تېپىلغان. يەرلىك ئاھالىلەر، بۇ يەردىكى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى ئازگاللاردىن ئادەم ئىسكىلىتلىرىنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشقان، رەڭلىك ساپال پارچىلىرىنىڭ ۋە ساق قاچىلارنىڭ تېپىلغانلىقلىرىنىمۇ ئىنكاس قىلىشقان.

سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن بىر خالتا ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىۋېلىنغان.

سەنكەنقىر قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىرگە تەۋە قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق گۇمان يوق.

## 13. ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقى

ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىلىك دالانكارىز چۆليار مەھەللىسىدىكى چوڭ خامانغا 200 مېتر كېلىدىغان يەردە. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 42′ 4″ — 5″، شىمالي پاراللېل 42° 41′ 55″ — 56″ قا توغرا كېلىدۇ.

ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 70 مېتر تۆۋەن.

ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپى تۈزلەڭلىك، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى 1 كىلومېتر كېلىدۇ. شىمالي تەرىپىدە ناھايىتى نۇرغۇن كارىزلار بار.

ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمي يەر كۆلىمى 40مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش



ئەھۋالي، قەبرىستانلىقتا ئىلگىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەچكە قەدىمي قەبرىستانلىقنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن. يەرلىك ئاھالىلەر، ئىلگىرى توپا ئالغان، ئۇلار ئوغۇت توپلىغان مەزگىللەردە نۇرغۇن جەسەتلەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئىنكاس قىلغان.

1988 - يىلى 4 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەندە، خەرىتىدىكى نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خاتىرە قالدۇرغان.

ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن بىر خالتا يىغىۋېلىنغان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا لايدا ئىشلەنگەن كۈل رەڭ ساپال، يۇمشاق قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قارامتۇل قىزىل، قوڭۇر رەڭ، توپا رەڭ ساپاللار ۋە سارغۇچ رەڭلىك ساپال پارچىلىرى بار. قەھۋە رەڭگىدىكى ساپال سۈيى بىلەن سىرلانغان ساپال پارچىسى بار. مىستىن ياسالغان بەلباغ ئىلمىكى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. بۇ يەردىن يىغىۋېلىنغان ئەۋرىشكىلەرگە « X — 1:88SDLA » دەپ نومۇر بېرىلگەن.

ئابىيۇنجۇن قەدىمي قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى يىغىۋېلىنغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن مىلادى IX — XI ئەسىرلەردىكى قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 14. ئاقتېتىر قەدىمي قەبرىستانلىقى

ئاقتېتىر قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ دالانكارىز يېزىسى بەشتام مەھەللىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 10 كىلومېتر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 36′ 57″، شىمالي پاراللېل 40° 36′ 13″ قا توغرا كېلىدۇ. ئاقتېتىر قەدىمي قەبرىستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 130 مېتر تۆۋەن.

قەبرە قويۇلغان سايلىقتا ناھايىتى شالاڭ ئۆسكەن چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بار. قەبرىستانلىق چوڭ ھاسا قەدىمي شەھىرى بىلەن

تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. بەشتام مەھەللىسىدىن چىقىپ بىر چىغىر يولنى بويلاپ ماڭسا ئاقتېتىر قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ يېنىغىچە بارغىلى بولىدۇ.

ئاقتېتىر قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئاقتېتىر قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن 50 نەچچە قەبرە ئوغرىلىقچە قېزىپ كېتىلگەن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن، سۇ ئېقىتىپ كەتكەن، قەبرە يولى ۋە قەبرە ئۆيلىرى ئاشكارىلىنىپ قالغان قەبرىلەر بار. ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان قەبرىلەرمۇ خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئاقتېتىر قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتكەن ۋە خاتىرىگە ئالغان.

ئاقتېتىر قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەر ئۇزۇن يانتۇ يول چىقىرىپ ياسالغان بولۇپ، قەبرە يولىنىڭ كەڭلىكى 0.55 مېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئىشىكى ئېغىزى يەر يۈزىدىن 1.5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا. قەبرە يولى قەبرە ئۆيىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، قەبرە يولى ۋە قەبرىلەرنىڭ يۆنىلىشى شىمالدىن غەربكە °10 قىيسايتىپ ياسالغان، قەبرىستانلىقتىن ناھايىتى ئاز ساندا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال تېپىلغاندىن باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلمىغان.

قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنىڭ شەكلى، قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى، قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئاقتېتىر قەدىمىي قەبرىستانلىقى مىلادى Ⅴ ئەسىرگە تەۋە قەبرىستانلىق دەپ بېكىتىلدى.

## 15. يەتتەقىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقى

يەتتەقىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى چۇۋانقىر مەھەللىسى يۇتۇق كەنتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 56′ 11″ – 12″ قا، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 6″ – 7″ قا توغرا كېلىدۇ. يەتتەقىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 320 مېتىر ئېگىز.

يەتتەقىزلىرىم مازىرىنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى، قەبرىستانلىق يۇتۇق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى 3 ـ پەلەمپەيلىككە قويۇلغان. پەلەمپەيلىك قورام تاشلىق ۋە شېغىل تاشلىق بىلەن شەكىللەنگەن سايلىق قاتلام. جەنۇبىي تەرىپىدىكى قىزىل توپا تاغنىڭ سۇ ئېقىتىپ كەتكەن توپىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كۆمۈلۈپ كەتكەن. جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز، شىمالىي تەرىپى پەس شەكىللەنگەن. بۇلاق سۇلىرىدىن يىغىلىپ شەكىللەنگەن يۇتۇق دەريا سۈيى قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى قىزىل توپا تاغقا يېقىن. يەرلىك ئاھالىلەر بۇ قەبرە رايونىنى يەتتەقىز مازىرى دەپ ئاتايدىكەن.

يەتتەقىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 150 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

يەتتە قىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى يامغۇر سۇلىرىنىڭ تەسىرىدىن كۆمۈرۈلۈپ كەتكەن. شىمالىي قىسمىدىكى قەبرە توپىلىرى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. خارابىلىك گەرچە بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، قەبرىستانلىقنىڭ گەۋدىسىنى، تارقىلىشىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 2 ـ پەلەمپەيلىكتە، ئوتتۇرا قىسمىدا تەخمىنەن 800 كۋادرات مېتىرلىق ئورۇندا چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىن قالغان قەبرىستانلىق بار. ھازىر دېھقانلار بۇ يەردىن كۆپلەپ توپا ئالغانلىقتىن بۇزۇلۇپ كەتكەن، بىر نەچچە ئورۇندا كېسەكلىرى ئېچىلىپ قالغان قەبرىلەردىن مېيىت ساندۇقلىرى ۋە جەسەت ئىسكىلىتىنىڭ قالدۇقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى يەتتە قىزلىرىم مازىرىنى تەكشۈرگەندە خەرىتىدىكى

نۇقتىسىنى بېكىتىپ خاتىرىگە ئالغان .

يەتتە قىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقىدا 3 ـ پەلەمپەيلىكتىكى قەبرىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . كۆپلىگەن قەبرىلەر بىر گەۋدە قىلىنغان . قەبرە دۆۋىلىرىنىڭ ئارىلىقى 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە ، قەبرە تۈپلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 0.80 مېتىردىن 1.5 مېتىرغىچە كېلىدۇ . ئوخشاش ئەمەس . قەبرە تۈپلىرىدا تاش دۆۋىلىرى بار . تۆت ئەتراپى تاش بىلەن چاسا شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن كىچىك دائىرىدىكى قەبرىستانلىق . ئايرىم ساندىكى قەبرە دۆۋىسى ئوچۇق بولمىسىمۇ ، بىراق تاش دۆۋىسى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . قەبرىستانلىقنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرىپى كىچىك بىر ئويمانلىق ، قەبرە ئۆرۈلۈپ بىر دانە تۆشۈك ئېچىلىپ قالغان . ئەمەلىي ئۆلچەشتىن قارىغاندا ئېغىزىنىڭ ھەجمى 0.70 مېتىر ، چوڭقۇرلۇقى 1.7 مېتىر كېلىدۇ . قەبرە ئۆيىنىڭ تېگىدە توپا دۆۋىلىرى بار . 2 ـ پەلەمپەيلىكتىكى چىنڭ دەۋرى قەبرىستانلىقى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان . 3 ـ پەلەمپەيلىكتىكى قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىن 1 دانە تاش ساقا ، بىلەپ ياسالغان تاش قورالدىن 1 دانە ، 10 نەچچە پارچە كۈل رەڭ ساپال پۇچۇقى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان .

يەتتە قىز مازىرى قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى 3 ـ پەلەمپەيلىكتىكى قەبرىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ قەبرىستانلىق ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قەبرىلەر ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە . بۇ يەردە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويۇملىرى تېپىلمىغان .

## 16 . چەكمەن قەدىمىي قەبرىستانلىقى

چەكمەن قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى چۇۋانقىر مەھەللىسى يۇتۇق كەنتىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 2 كىلومېتىر كېلىدۇ . جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 51′ 44″ 45″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 19″ ـ 20″ قا توغرا كېلىدۇ . چەكمەن قەبرىستانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 331 مېتىر ئېگىز .

چەكمەن قەبرىستانلىقى قىزىلتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى تاغ



باغرىغا جايلاشقان . يەر يۈزىنى بىر قەۋەت قورام تاشلىق قاتلىمى كۆمۈۋالغان . چوڭقۇرلۇقى 0.10 مېتىردىن 0.50 مېتىرغىچە كېلىدۇ . تاشلارنىڭ قېلىن ـ نېپىزلىكى ئوخشاش ئەمەس ، قورام تاش قاتلىمىنىڭ تېگى قاتلىمى سېغىز توپا قاتلىمى . يەر يۈزى قىسمىدىكى نۇرغۇن يانتۇلۇقلارنى يامغۇر سۈيى ئېقىتىپ كەتكەن . ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ئۈنمىگەن . قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىدىكى يانتۇلۇقتا خېلى چوڭ كۆلەملىك ئۈزۈملۈك بىر باغ بار . قەبرىستانلىقنىڭ باش تەرىپىدە شەرقتىن ـ غەربكە چېپىلغان بىر كىچىك ئېرىق ۋە چىغىر يول بار . شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا ئاقىدىغان سېغىز ـ قۇملۇق ئېقىن بار .

چەكمەن قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 600 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

كىشىلەر بۇ يەردىن توپا ئېلىپ ، شور قازغانلىقتىن ، ۋەيرانچىلىق ناھايىتى ئېغىر بولغان . زور تۈركۈمدىكى قەبرىلەر ئاشكارىلىنىپ قالغان ، ئاندىن كېيىن يەنە كىشىلەر قالايمىقان قېزىپ ئېچىۋەتكەن . شەرقىي قىسمىدىكى قەبرىلەر سەل قويۇق تارقالغان . ۋەيران بولۇشىمۇ ئەڭ ئېغىر ، يەر يۈزى قىسمىنىڭ كۆپ قىسمى كولىنىپلا قالماستىن ، بەلكى قەبرىلەرمۇ قېزىلىپ ئېلىپ كېتىلگەن . غەربىي تەرەپتىكى قەبرىلەر ئاز ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىمۇ يېنىك . توپا دۆۋىلىرى بار ، كۆپ قىسمى تاش توپا دۆۋىلىك قەبرىلەر . قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ ئېغىزى قىسمىدىلا ئەمەس ، باشقا ھەممە يەردىن جەسەت ئىسكىلىتلىرى ، ساپال قاچىلار ، ياغاچ قاچىلار ، يۇڭ رەخت ، تېرە پارچىسى ، كىگىز پارچىسى ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارلىق دەپنە بويۇملىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ .

1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى چەكمەن قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەندە بۇ قەبرىستانلىقتا مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەرۋگە خاس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇچراتقان ، دەسلەپكى قەدەمدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قەبرىلەرنى تەكشۈرگەن ، قەبرىلەر ئادەتتە 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتا ، 0.50 مېتىردىن 1.00 مېتىرغىچە كەڭلىكتە ، 0.30 مېتىردىن 1.00

مېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقتا ياسالغان. قەبرىلەر ئاساسەن شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قارىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قىسمەن قەبرىلەردە ھەم دەپنە بۇيۇملىرى بار. ئايرىم ئەھۋاللاردىن قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

چەكمەن قەبرىستانلىقىدا ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، قەبرىلەرنىڭ يۈزلىنىشى مەلۇم قائىدىگە بويسۇندۇرۇلغان. شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا يۈزلەندۈرۈلگەن. زور كۆپ قىسىم قەبرىلەرنىڭ ئېغىزى، دەسلەپتە ئىنچىكە چەگرە، ئۈستىگە دەرەخ شاخلىرى قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇچ يېپىلىپ، ئاندىن توپا بىلەن كۆمۈۋېتىلگەن. غەربىي تەرەپتىكى بەزى قەبرىلەرنىڭ قەبرە توپىلىرى تاشتىن دۆۋىلەنگەن. قەبرە توپىسىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 3 مېتر، ئېگىزلىكى 0.30 مېتر كېلىدۇ.

چەكمەن قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىششۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى، سىرتى يىرىك ساپال پۇچۇقى، مەلۇم ساندا رەڭلىك ساپال پارچىلىرى ۋە قاچا ـ قومۇچ پارچىلىرىدىن بىر قىسمى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان. بەزى ساپال پۇچۇقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، يا ۋە ئوق قاتارلىقلار، توقۇلما بۇيۇملاردىن يۇڭ رەخت قاتارلىقلار، ساپالدىن ياسالغان قاچىلار بار.

چەكمەن قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى، قەبرىستانلىقتىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بىر قىسىم تىك لەھەتلىك قەبرىلەر، مەلۇم ساندىكى رەڭلىك ساپاللار بار. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅶ ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرگىچە دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.



## 17. خاندۇ غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقى

خاندۇ غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى خاندۇ مەھەللىسى خوجامئالدى كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە 1 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە.

غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقى تاغ ئالدى تەرەپتىكى تىندۇرما تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ يەردە يەنە بىر پەسىل خاراكتېرلىك كەلكۈن سۈيىدە شەكىللەنگەن. ئېگىزلىكى 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە كېلىدىغان تاشلىق كىچىك بىر ئارال بار، ئارالنىڭ كەڭلىكى 15 مېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 120 مېتر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى چىغىر يول بىلەن ماڭغاندا بۇ غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقىغا بارغىلى بولىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 100 مېتر كېلىدىغان ئارىلىقتا كىچىك بىر دەريا بار. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى خوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتر كېلىدۇ.

غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1800 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئېغىر دەرىجىدە خاراب قىلىنغان. تەكشۈرۈش داۋامىدا قەبرىستانلىقتىكى 21 دانە قەبرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بۇزۇلغانلىقى ئېنىقلاندى. ھازىر قەبرىستانلىقتا جەسەتلەرنىڭ ئىسكىلىتلىرى، بىللە كۆمۈلگەن دەپنە بۇيۇملىرىنى خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەندە خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئۇزۇنچاق-چاسا شەكىلدىكى تىك لەھەتلىك قەبرىلەر ۋە يۇمىلاق شەكىللىك قەبرىلەر تېپىلدى. قەبرە توپىسىغا تاش ـ شېغىللار ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. قەبرىلەرنىڭ ئېغىزىنىڭ

ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىردىن 2.30 مېترغىچە ، قەبرە ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى 0.80 مېتردىن 0.90 مېترغىچە كېلىدۇ . قەبرىستانلىقتىن بەزىبىر ئۇزۇنلۇقى 0.70 مېتىر كېلىدىغان تاياقلار تېپىلغان ، بۇ تاياقچىلار ئېھتىمال دەپنە بۇيۇمى بولۇپ ، جەسەتنىڭ تېگىگە قويۇلغان كارىۋات بولۇشى ياكى قەبرە ئېغىزىنى ياپقاندا ئىشلەتكەن چەگرە بولۇشى مۇمكىن . خوجامئالدى قەبرىستانلىقىدا يەنە بىر مۇنچە يۇڭ رەختلەر ، ساپال پۇچۇقلىرى ، قومۇش قاتارلىق بۇيۇملار ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ .

غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ، بۇ يەدە ئۇچرىغان يۇڭ رەخت پارچىسى ، ساپال پۇچۇقى ، ئادەمنىڭ باش قىسمى ئۇستىقىنى قاتارلىق بۇيۇملاردىن بىر خالتا ئەۋرىشكە يىغىۋېلىندى .

غوجامئالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ساپاللارغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، قىزىل رەڭدىكى ساپاللار ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن . رەڭلىك ساپاللارنىڭ ئىچىدە يىرىك يۇزلۇكى ۋە سىزىقچە گۇل نۇسخىلىقلىرى بار . بەزىبىر ساپال قاچىلارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا رەڭ بېرىلگەن . يۇڭ رەختلەر تۈز - تەكشى گۇللۇك ، يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ، بۇ قەبرىلەرنىڭ دەۋرىنى مىلادىدىن V ئەسىردىن ئىلگىرى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ .

## 18 . دۆڭمەھەللە قەدىمىي قەبرىستانلىقى

دۆڭمەھەللە قەدىمىي قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى دۆڭمەھەللىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 250 مېتىر كېلىدۇ . جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 57′ 8″ — 9″ ، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ 52″ — 53″ قا توغرا كېلىدۇ .

مەھەللىدىن چىققان چىغىر يولنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ كىچىك دەريانىڭ شىمالىي قېتى بىلەن غەربكە قاراپ 100 مېتىردەك ماڭغاندا ، قەبرىستانلىققا بارغىلى بولىدۇ . قەبرىستانلىق دۆڭمەھەللە دەرياسىنىڭ شىمالىي قېتىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان . قەبرىستانلىقنىڭ تۆت ئەتراپىنى تېرىلغۇ ئېتىزلىقى قورشاپ تۇرىدۇ . دەريادىن ئۇدۇل ماڭسا



دۆڭمەھەللە خارابىلىكى بار .

دۆڭمەھەللە قەدىمىي قەبرىستانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

يەرلىك ئاما بۇ قەبرىستانلىق ئەتراپىنىڭ ئەسلىدە ئېگىز - پەس جاڭگاللىق ئىكەنلىكىنى ، كېيىن يەر تۈزەش ، يەر رەتلەش ، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە بۇ ئېگىز - پەسلىكلەردىن نۇرغۇنلىغان ئادەم ئىسكىلىتلىرىنىڭ چىققانلىقىنى ئىنكاس قىلغان .

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ، قەبرىستانلىقنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي قىياپىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن . ئادەم ئۇستىخانلىرى ھەممە يەرگە تارقىلىپ كەتكەن . بۇ يەر ئەسلىدە بىر پارچە قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق .

1988 - يىلى 4 - ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن نەق مەيداننى تەكشۈرگەندە ، خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ ، خاتىرىگە ئالغان .

دۆڭمەھەللە قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا قارا ساپال پارچىلىرى ۋە كۈل رەڭ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان . بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان .

دۆڭمەھەللە قەدىمىي قەبرىستانلىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردىن تاكى مىلادى VIII ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە دەپ بېكىتىلدى .

# VI بۇددىزم مۇنارلىرى

## 1 . خاندۇشا مۇنارى

خاندۇشا مۇنارى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى خاندۇ

كەنتى ئاقتۇر مەھەللىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 90°1′41″ ـ 42″، شىمالىي پاراللېل 42°53′30″ ـ 31″ قا توغرا كېلىدۇ. خاندۇشا مۇنارى دېڭىز يۈزىدىن 429 مېتىر ئېگىز.

خاندۇشا مۇنارىنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى، بۇ مۇنار يالقۇنتاغ بىلەن تىيانشان تېغىنىڭ ئارىلىقىدىكى تارچۇق ـ ئۇزۇن كارىدور ئىچىدە. بىر نەچچە يەردە جەنۇبتىن شىمالغا يۈزلەنگەن تۆپىلىك بار. شامۇنارى مۇشۇ تۆپىلىكلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان، مۇنارنىڭ شەرقىي تەرىپى بىر پارچە جاڭگاللىق. غەربىدە بۇلاق سۈيى، تېرىلغۇ يەرلەر بار. تۇرپان ـ پىچان تاشيولى مۇنارنىڭ جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مۇنارنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.1 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە يەنە بىر مۇنار بار.

خاندۇشا مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9.50×19.00×20.9 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ مۇنار قىلىن ئېگىز ياسالغان. تۆت تېمى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان، شەرقىي ۋە غەربىي تاملىرىدا تەبىئىي بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى بولۇپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ مۇنارغا چىققان ۋە چۈشكەن چاغدىكى ئىزلىرى بار. جەنۇبىي تەرىپى ھازىرقى زاماندىكى «گۆھەر قازغۇچىلار» تەرىپىدىن بىر چوڭقۇر يۇمىلاق تۆشۈك ئويۇلغان. ھازىرقى پارچە ئېگىزلىكى 9.2 مېتىر كېلىدۇ. كېسەكتە قۇرۇلغان. كېسەكلەر 39×22×10.5 mc، 35×24×13 mc كېلىدۇ.

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، خاندۇشا مۇنارىنى قايتا تەكشۈرگەندە خەرىتىدىكى ئورنىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

بۇ مۇنار كېسەكتىن قۇرۇلغان. تېگى قىسمى چاسا شەكىلدە. تۆت تەرىپى ئوخشاش 19 مېتىردىن كېلىدۇ. مۇنار سىرتى تېگى چوڭ، ئۈستى



كىچىك. كەسمە يۈزىدىن قارىغاندا پەلەمپەي شەكلىدە قۇرۇلغان. قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا ئالدى بىلەن مەركىزىي تۈۋرۈكى قۇرۇلغان. تەكشى يۈزى چاسا شەكىلدە. يان تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 5.10×5.10 مېتىر كېلىدۇ.

سىرتقى قىسمىغا بىر قەۋەت سامانلىق لاي سۇۋالغان. مۇنارنىڭ مەركىزىي تۈۋرۈك قىسمى قوپۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەتراپ تېمى قوپۇرۇلغان. ئوتتۇرىسى ۋە ئىچكى قىسمى كاۋاك شەكلىدە قۇرۇلغان. قۇرۇلۇشىنىڭ تۆت ئەتراپىدا نۇرغۇن يۇمىلاق تورۇسلۇق كىچىك ھۇجرىلار بار. بۇ مۇنار لەمجىن، دادۇڭ، ئۆتەڭغولى قاتارلىق جايلاردىكى مۇنارلارغا ئوخشايدۇ. تۆت ئەتراپى ئېغىر بۇزۇلغان. ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ.

خارابىلىكتە ئىشلىتىلگەن كېسەكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى لاي ئىچىدىن بىر پارچە توقۇلما بۇيۇم تېپىلغان بولۇپ، ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان.

ئوخشاش شەكىلدىكى مۇنارلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق خاندۇشا مۇنارىنىڭ مىلادى V ئەسىرگە تەۋە بۇددا مۇنارى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

## 2. ئۆتەڭغول مۇنارى

ئۆتەڭغول مۇنارى پىچان ناھىيىسى لەمجىن يېزىسى خاندۇ مەھەللىسى باغرى كەنتىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرىپىگە 5.5 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. مۇنارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89°57′4″ ـ 5″، شىمالىي پاراللېل 43°8′50″ ـ 51″ قا توغرا كېلىدۇ.

بۇ مۇنار تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئۆتەڭغول ئېغىزىدىكى تىندۇرما تۈزلەڭلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ ئالدى جەنۇبقا قارايدۇ. بۇ تەبىئىي تۈز شەكىللەنگەن تىندۇرما تۈزلەڭلىك سايلىق بولۇپ، ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ئۈنمەيدۇ. ئۆتەڭغولى ئەسلىدە تاغ ئارىلىقىدىكى پەسىل خاراكتېرلىك سۇ ئاقىدىغان قەدىمىي ئېقىن يولى ئى-

كەن . هازىر بۇ غول ئېقىنىدىن تارتىپ باشلانغان ، ئادەم كۆچىگە تايىنىپ ياسالغان بىر تاش ئۆستەڭ بار . بۇ ئۆستەڭ تاكى لەمجىنگىچە يېتىپ بارىدۇ . بۇ ئۆستەڭنى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆتەڭ ئۆستىڭى دەپ ئاتىشىدۇ . مۇنار خارابىلىكى ئۆستەڭنىڭ غەربىي باغرىغا يېقىن كېلىدىغان يەرگە قۇرۇلغان . باغرى مەھەللىسىدىن چىقىپ غەربىي ـ شىمالىي تەرەپتىكى يول بىلەن داۋاملىق ماڭسا ، ئۆتەڭغول مۇنارىغا بارغىلى بولىدۇ . غەربىي ـ شىمالىي تەرەپتە تەخمىنەن 2.5 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە تاغ ئېقىنى ۋە مەھەللە بار .

ئۆتەڭغول مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 765 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

بۇ مۇنار هازىرغىچە خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ ، بۇ مۇنار يەرلىك ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كېسەك بىلەن قۇرۇلغان . مۇنارنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي بۆلەكلىرى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان . غەربىي ـ جەنۇبىي تەرەپلىرى قىسمەن ئۆرۈلگەن . مۇنار پەلەمپەي شەكلىدە قۇرۇلغان . مۇنارنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىدە قوغداش تېمى بار . شەرقىي تامنىڭ تېگى قىسمىنىڭ هازىرقى ساقلىنىشى ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 27.65 مېتىر ، ئۈستى تەرەپ كەڭلىكى تەخمىنەن 3.8 مېتىر كېلىدۇ . مۇستەھكەملىنىشتىن ئىلگىرى ئېھتىمال 19.25 مېتىر بولۇشى مۇمكىن . پارچە ئېگىزلىكى 13.65 مېتىر ، مەركىزىي تۆۋرۈك قىسمى پارچە ئېگىزلىكى 14.25 مېتىر كېلىدۇ . تۆت تەرىپىگە سامانلىق لاي سۇۋالغان . مەركىزىي تۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى كاۋاك . يەنە ئوتتۇرا قىسمىدا جەنۇبتىن شىمالغا يۆزلەنگەن ئەگمە تورۇسلۇق كېمىر ئۆي بار . شەرقىي تەرەپتىكى تامنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى بۇرجىكىدە كىچىك بىر كېمىر بارلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان . بۇ قۇرۇلۇشتا بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئەگمە تورۇسلۇق ئۆيلەرمۇ بار .

شەرقىي ـ شىمالىي تاملارنىڭ يۈزىدە رەتلىك قويۇلغان چاسا شەكىللىك تۆشۈكچىلەر بار .

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلى



رىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ مۇنارنى تەكشۈرگەندە ، خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ ، خاتىرىگە ئالغان .

ئۆتەڭغول مۇنارى خارابىلىكىدە بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرەر قۇرۇلۇش خارابىلىكلىرى ۋە ياكى بىرەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالمىدى .

ئۆتەڭغول مۇنارىنىڭ دەۋرى ، مۇنار قۇرۇلۇشىنىڭ ئادەتتىكى مۇنارلاردىن پەرقى بار . مۇنار ئىچىدە نۇرغۇن كېمىر ئۆيلەر بولسىمۇ ئېتىۋېتىلگەن . بىر قانداق پەلەمپەي ئىزلىرىمۇ يوق . لەمجىن يېزىسىنىڭ تەخمىنەن 6 كىلومېتىر غەربىي تەرىپىدىكى قۇم سۇيا ئۈستىدە بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خارابە سىزىلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى بايقىلىشلار . يۇقىرىقى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بۇ مۇنار مىلادى ٧ ئەسىرگە تەۋە بۇددا مۇنار دەپ بېكىتىلدى .

## 3 . سىركىپ بۇددا مۇنارى

سىركىپ بۇددا مۇنارى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى سىركىپ مەھەللىسىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي تەرىپىدىكى يالقۇنتاغ تىزمىسىنىڭ سىركىپ غولى ئېقىنىدا بولۇپ ، تاشيولنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ . بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 35″ 50′ 89° ، شىمالىي پاراللېل 52″ 50′ 42° قا توغرا كېلىدۇ .

سىركىپ بۇددا مۇنارى ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ، بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە مەھەللە ۋە ئېتىزلىق بار . غەربىي تەرىپىدە دەريا ئېقىنى بار . بۇددا مۇنارىنىڭ ئەتراپىدا ۋەيران بولۇپ كەتكەن خۇمدان ۋە بىر پارچە مۇسۇلمانلار قەبرىگاھلىقى بار . بۇددا مۇنارىغا يېقىن بىر يەردە يەنە بىر ئېغىز تاشلاندۇق ئۆي بار .

بۇ بۇددا مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 44 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇلىلا قالغان . ئۈستى قىسمى ئىنسانلارنىڭ ۋە

تەبىئىي ئاپەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا قاتتىق ئۇچراپ پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. تەكشۈرۈش داۋامىدا مەلۇم بولۇشىچە مۇنارنىڭ سىرتقى قىسمىغا بىر قەۋەت سامانلىق لاي نېپىز سۇۋالغان.

1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكشۈرگەندە خارابىلىكتىن يىراق بولمىغان يەردىن قەدىمكى ئۈسسۈلۇقكىلەرنىڭ تاش قاتمىسىنى تاپقان.

بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇلى تەخمىنەن 2.2×2 مېتر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن (ھازىرقى پارچە ئېگىزلىكى) 0.80 مېتر كېلىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا بىر تاش غار بار. بۇ غارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 15 مېتر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2.50 مېتر، كەڭلىكى تەخمىنەن 1.70 مېتر كېلىدۇ (بۇزۇلۇشى ۋە خارابىلىشىشى ئېغىر بولغانلىقتىن، تەكشۈرۈش داۋامىدا توغرا ئۆلچەش مۇمكىن بولمىغان). غارنىڭ ئىچىدە ھەرخىل تاش ياپراقچىلىرى دۆۋىسى بار. غارنىڭ تورۇسى، تاملىرىدا تۈرخۇن بار. غارنىڭ ئىچى قارىداپ كەتكەن. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن بۇ غار راھىبلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا.

## 4. كىچىكھاسا بۇددا خارابىسى

كىچىكھاسا بۇددا خارابىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ دالانكارىز يېزىسى بەشتام مەھەللىسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە 8 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئان 89° 38′ 44″، شىمالىي پاراللېل 42° 36′ 21″ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 120 مېتر ئېگىز.

كىچىكھاسا خارابىسى داڭلىق ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقىي قىسمىغا، دالانكارىز يېزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى سايلىققا قۇرۇلغان. خارابىلىكنىڭ تۆت ئەتراپى قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان. خارابىلىكنىڭ شىمالىي بۇرجىكىگە يىراق بولمىغان يەردە بىر دەريا ئېقىنى بار. تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ دەريادا سۇ ئېقىۋاتقانلىقى بايقالدى. بۇ يەردە ھازىر يانتاق، قومۇش قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ. ھازىر بۇ خارابىلىك ئەتراپىدا بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى بار، كىچىكھاسا بۇددا



خارابىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە 2 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە چوڭخاسا قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار.

كىچىكھاسا بۇددا خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

كىچىكھاسا بۇددىزم خارابىسى يەتتە گۇرۇپپا ئوخشىمايدىغان قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ گۇرۇپپىدىكى قۇرۇلۇشنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى سەل ياخشى. باشقا گۇرۇپپىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بۇزۇلۇشى ـ ۋەيران بولۇشى بەك ئېغىر. قۇرۇلمىسىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ خارابىلىكنى تەكشۈرگەندە خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىمۇ بۇ يەرنى تەكشۈرگەن.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش بۇ خارابىلىكتىكى يەتتە گۇرۇپپا قۇرۇلۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

كىچىكھاسا بۇددا قۇرۇلۇشى يەتتە كىچىك گۇرۇپپا قۇرۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ دائىرىسى ـ كەڭلىكى 100 مېتر، ئۇزۇنلۇقىمۇ 100 مېتر كېلىدۇ.

خارابىلىكنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئورۇندا ساپال پۇچۇقلىرىنىڭ بارلىقى سېزىلدى. ساپال پۇچۇقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭدىكى يىرىك ساپال ۋە كۈل رەڭ ساپاللاردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەينى زامانلاردا ئىشلىتىلگەن بىر نەچچە پارچە چاسا خىش پارچىسىمۇ تېپىلدى. خىشلارنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 0.05 مېتر كېلىدۇ.

ئەۋرىشكە ئۈچۈن بۇ خارابىلىكتىن بىر دانە ياغاچتىن ئىشلەنگەن گۈرجەك يىغىۋېلىندى، بۇ گۈرجەككە «88DLXA:1» دەپ نومۇر

بىرىلدى.

خارابىلىكتىكى قۇرۇلۇشلار ئارىسىدىكى سەل ياخشىراق ساقلىنىپ قالغان خارابىلىكلەر ئارىسىدىن بۇددا مۇنارىنىڭ بارلىقىنى، ئۆيلەرنىڭ ئىچكى تاملىرىغا مىڭ بۇت سۈرىتى سىزىلغانلىقىنى، بۇنىڭدىن باشقا تام سۈرەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇنارنىڭ شەكلى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى چوڭ ئىبادەتخانا يېنىغا سېلىنغان مۇنارنىڭ شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ خارابىلىك ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى دەپ يەكۈن چىقىرىلدى.

## VII قىيا تاش ئويمىلىرى

### 1. سىركىپ ئېغىزى تاش ئويمىسى

تاش ئويمىلار پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى سىركىپ ئېغىزىغا تارقالغان. شىمالىي تەرىپىدىكى تامغا تاش دەپ ئاتىلىدىغان بۇددا دىنىغا تەۋە تاش ئويما بىلەن ئارىلىقى 500 مېتر كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 42′ 43″، شىمالىي پاراللېل 42° 49′ 50″ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتر ئېگىز.

سىركىپ ئېغىزى يالقۇنتاغ ئارىسىدىكى ئاساسلىق غول. لەمجىندىن لۈكچۈنگە بارىدىغان ئاساسلىق يولمۇ بۇ غولنى بويلاپ جەنۇبقا سوزۇلغان. غولدىكى دەريا ئۆتەڭغولى بىلەن لەمجىن يېزىسىدىكى بۇلاق سۇلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن. غولنىڭ ئىككى قىرغىقى دەريا غولى پەلەمپىيىنى شەكىللەندۈرگەن. غول ئىچىدىكى جەينەكلەردە 1 ــ پەلەمپەيلىكتىكى ئايرىم جايلاردا تۇرالغۇ ئۆيلەر بولۇپ، بەزى جايلىرىدا زىرائەت ئۆستۈرۈلگەن، بەزى جايلىرىدا مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن. ئىگىلىگەن دائىرىسى بەكلا ئاز. ئورنى تاشيول بويىدىكى تاغ ئالدى يانتۇلۇقىدا.



تاش ئويمىلار تاغ ئۈستىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر پارچە قىيا تاش يۈزىگە ئويۇلغان. تاشمۇ رەتسىز تۆسكە كىرىپ قالغان، ئويمىلارنىڭ ئىزى سەل تېيىز بولۇپ، يېقىنراق ئارىلىقتىن ئويمىلارنى سەل ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. ئويما ئۈستىدە يېڭىدىن سىزىلغان بور ئىزلىرى بار.

1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەسلىدە بۇ يەردىكى تامغا تاشنى تەكشۈرۈش ۋاقتىدا بىرلەشتۈرۈلۈپ تەكشۈرگەندە خەرىتىدىكى ئورنىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

تاش ئۈستىگە ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى بەلگىلەر تولۇپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مۇنچە شەكىللەر بولۇپ، تونۇغىلى بولمىدى.

بۇ تاشقا قەدىمىي يېزىقمۇ ئويۇلغان. شۇڭا بۇ تاش ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى (مىلادى V ئەسىر) دەۋرىگە تەۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەپ يەكۈن چىقىرىلدى.

### 2. تامغىلىق تاش

تامغىلىق تاش (بۇددا ھەيكەللىرى ئويمىسى) پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن بازىرى تەۋەسىدىكى سىركىپ ئېغىزىغا قۇرۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ جەنۇبىغا 50 مېتر كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 51′ 46″، شىمالىي پاراللېل 42° 49′ 48″ قا توغرا كېلىدۇ.

تامغىلىق تاش پىچاندىن لۈكچۈنگە بارىدىغان يولنىڭ غەربىي قېتىدىكى يالقۇنتاغ غولى ئىچىدە. دەريا سۈيى غەربىي تەرەپتىكى تاغ باغرىدا ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ سۇ تەبىئىي ھالدا بىر چوڭ دەريانى شەكىللەندۈرگەن.

تامغىلىق تاشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15.12 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

تامغىلىق تاشتىكى تاش ئويمىلىرىنىڭ ساقلىنىشى تازا ياخشى ئەمەس. شامال، ئاپتاپ ۋە يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن نۇرغۇن قىسمى تۇزۇپ

كەتكەن. شەرقىي تەرەپتىكى ۋە شىمالىي تەرەپتىكى بۇددا سۇرەتلىرى ساقلىنىپ قالغان. تازا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتمىسە شەكلى ۋە قىياپىتىنى پەرق ئەتمەك تەس. شەرقىي ـ شىمالىي تەرەپتىكى رەسىملەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە خېلى كۆپ كىچىك تۆشۈكچىلەر بار. بۇ تاشنىڭ شەرقىي تەرىپىگە بۇددا ھەيكەللىرىدىن 6 دانىسى ئويۇلغان. بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ ئىچىدە ياتقان بۇتتىن بىرى بار. بۇلارنىڭ ئۈستىگە كىچىك تۆشۈكچىلەر ئويۇلغان، كۆرگىلى بولىدىغانلىرىدىن 9 دانىسى بار، 6 دانىسى سەل ئېنىق، بۇ تۆشۈكچىلەرنىڭ ھەجمى 0.15 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 0.12 مېتر كېلىدۇ. تاشنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئولتۇرغان ھالەتتىكى بۇددا رەسىملىرى ئويۇلغان، جەمئىي ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن، ھەربىر گۇرۇپپىغا تۆت رەتتىن، ھەر بىر سۇرەتكە تۆتتىن بۇددا ھەيكىلى ئويۇلغان. يۈزى تەرىپى تازا ئوچۇق ئەمەس، توزۇپ كەتكەن.

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن تامغىلىق تاشنى تەكشۈرگەندە، خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان.

تامغىلىق تاشتىكى بۇددا ئويمىلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئاساسەن مىلادى V ئەسىردىكى ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، ئوبرازلارنىڭ يۈز قىسمى يۇمىلاق ھەم سېمىز قىلىپ چېكىلگەن.

## VIII قەدىمىي خارابىلەر

### 1. ئېغىلتام خارابىسى

ئېغىلتام خارابىسى پىچان ناھىيىسى لەمجىن يېزىسى چۇۋانقىر كەنتى يۇتۇق مەھەللىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 54′ 49″، شىمالىي پاراللېل 42° 51′ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 280 مېتر



ئېگىز.

خارابىلىك قىزىل قۇمنىڭ شىمالىي باغرىغا جايلاشقان. يەر يۈزىدە ئانچە ـ مۇنچە شېغىل تاشلار بار. تاشلارنىڭ تېگى سېغىز توپىلىق. بۇ قۇرۇلۇش ئەسلىدە تاغ شارائىتىغا بويسۇندۇرۇلۇپ قۇرۇلغان. ئالدى شەرق تەرەپتىكى دەرياغا قارايدۇ. خارابىلىكنىڭ ئالدى تەرىپىدە پەلەمپەي ئىزلار بار. تۆپىرىقى مۇنبەت بولۇپ، ئېتىزلىق ئىچىدىكى يولنىڭ ياقىسىغا دەرەخ تىكىلىپ، ئورمانلىق بەرپا قىلىنغان. قارشى تەرىپىمۇ ھەم شۇنداق، مەھەللىدىن بۇ خارابىلىك ئەتراپىدىكى ئېتىزلىققا بارىدىغان مەخسۇس يول بار.

ئېغىلتام خارابىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2550 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

بۇ خارابىلىك ئانچە ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنمىغان. خارابىلىكتە پارچە ـ پۇرات تاملارلا ساقلىنىپ قالغان. ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى پەرق قىلغىلى بولىدۇ. شىمالىي تام ـ ئوتتۇرا قىسمىدىكى پارچە تام تەخمىنەن 6 مېتر ئېگىزلىكتە كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى سوقما تامنىڭ سوقما قاتلىمى 0.8 مېتردىن 0.12 مېترغىچە قېلىنلىقتا كېلىدۇ. تاملارنىڭ ئۇلى قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 1.3 مېتر كېلىدۇ. بەزىبىر سوقما تاملارنىڭ سوقما قاتلىمى سەل قېلىن بولۇپ، 0.30 مېتردىن 0.40 مېترغىچە كېلىدۇ. غەربىي ـ شىمالىي بۇرجەكتە ئېگىزلىكى 5 مېتر كېلىدىغان بىر پارچە تام بار. ئەتراپى تەخمىنەن 4 مېتر كېلىدىغان چاسا شەكىللىك بۇ قۇرۇلۇش توپىدا قاڭداپ ياسالغان بولۇپ، سوقما تام قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.15 ـ 0.23 مېتر كېلىدۇ. ئۈستى قىسمىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي قىسمىدا كىچىك ئويۇقچىلار بولۇپ، بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ قالىدۇ. خارابىلىك ئىچىدىكى يەر يۈزىدە كىشىلەر كولاپ ۋەيران قىلىشقان ئىزلار كۆپ. غەربىي تەرەپتە تەخمىنەن 15 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە بىر كېسەك قۇرۇلۇشى بار. ئەتراپى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. بۇ خارابىلىكتە ئۇزۇنچاق چاسا، ياي شەكىللىك، تىنك ئازگاللار بار. بۇلار ئېھتىمال ھازىرقى زاماندىكى قەبرىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر 12 cm × 35 × 35 كې

لىدۇ .

1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن بۇ خارابىلىكنى تەكشۈرگەندە، خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان .

يەر يۈزى قېزىلغان بولۇپ، مەدەنىيەت قاتلىمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . ئۈچ ئورۇندا باشقىلار تەرىپىدىن قېزىلغان يۇمىلاق شەكىلدىكى ئازگال بار . ھەجمى تەخمىنەن 0.80 مېتر، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 0.40 ـــ 0.60 مېتر كېلىدۇ . دەسلەپكى قەدەمدە كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا بۇ ئازگاللار ئەينى زامانلاردا ئىشلىتىلگەن ئەخلەت ئازگاللار دەپ يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ .

ئېغىلتام خارابىلىكى ئەتراپىدىن، يەر يۈزى قىسمىدىن ساپال پارچىلىرى تېپىلغان .

ئېغىلتام خارابىلىكىدىن ئەۋرىشكە ئۈچۈن، لايدا ياسالغان، ئازراق قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان سىلىق ساپالدىن بىر پارچە، چۆگىلىتىپ ياسالغان كۈل رەڭ ساپال پۇچۇقىدىن بىر پارچە يىغىۋېلىنغان . بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا « 88SLX (Y) : 1 » دەپ نومۇر بېرىلگەن .

ئەمەلىي تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇ خارابىلىك مىلادى Ⅲ ئەسىردىن Ⅴ ئەسىرگىچىلىك ئارىلىقتا قۇرۇلغان بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى دەپ بېكىتىلدى .

## 2 . خوجامئالدى مازىرى مال كۆمگەن ئازگال

بۇ قەدىمىي ئازگال پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسى خاندۇ مەھەللىسى خوجامئالدى كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، قەدىمىي ئازگالنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89° 58′ 20″، شىمالىي پاراللېل 40° 50′ 37″ 38″ قا توغرا كېلىدۇ . بۇ قەدىمىي ئازگالنىڭ



ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 420 مېتر ئېگىز .

قەدىمىي ئازگال خوجامئالدى مەھەللىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر تەبىئىي تۆپىلىك ئۈستىدە بولۇپ، ئىسلام دىنى قەبرىستانلىقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن . غەربىي تەرەپتىكى تۆپىلىك ئۈستىدە بىر بۇلاق بار . بۇ بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا تاللار باراقسان ئۆسكەن . بۇ تۆپىلىكنىڭ سەل ـ پەل شىمالىدىكى ئېتىزلارغا ئۈزۈم تەكلىرى تىكىلگەن . خاندۇ مەھەللىسىدىن خوجامئالدىغا بارىدىغان يول بۇ يەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىن ئۆتىدۇ .

مال كۆمۈلگەن بۇ قەدىمىي ئازگال قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىسىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

قەدىمىي ئازگال قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى . بۇ يەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى شەرقىي تەرىپىدىكى ئىسلام دىنى قەبرىستانلىقىدىنمۇ بىر مال كۆمۈلگەن ئازگال تېپىلدى . كۆمۈلگەن چارۋىلارنىڭ بىر قىسمى يارداڭلىقتىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يەردىن ئاشكارا كۆرۈنۈپ قالغان . بۇ يەرگە كۆمۈلگەن ھايۋاناتلارنىڭ ئۈستىخىنىدا مىستىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بارلىقى بايقالغان . ئەسلىدە ھايۋاناتلارغا ئىشلىتىلگەن بېزەك بۇيۇملىرى بولۇشى مۇمكىن . سايلىقتا مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بار .

1988 ـ يىلى پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىلىككە كېلىپ تەكشۈرگەندە، بەزى مىستىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاپقان ۋە خەرىتىدىكى نۇقتىسىنى بېكىتىپ، خاتىرىگە ئالغان .

ئازگالدىن بۇ يەرگە كۆمۈلگەن مال ـ چارۋىلارنىڭ ئۈستىخانلىرى تېپىلغان . تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان مىس زىننەت بۇيۇمى ئەۋرىشكە ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان . ئەۋرىشكىگە بېرىلگەن نومۇر « 88SLHH:1 » .

بۇ قەدىمىي ئازگالنىڭ دەۋرى، بۇ يەردىن تېپىلغان زىننەت بۇيۇمىنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا بۇ ئازگالنىڭ دەۋرىنى بېكىتىش مۇمكىن .

بۇ ئازگالنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەپ قاراش ئەقىلگە سەل مۇۋاپىق.

## IX ئىسلام دىنىغا ئائىت قۇرۇلۇشلار

### 1. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى خېنىمجاي مەھەللىسى تەۋەسىدە. تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شەرقىي مېرىدىئاننىڭ 89° 12′، شىمالىي پاراللېلنىڭ 42° 56′ تا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2 مېتىر ئېگىز.

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى مۇنار بىلەن جامە بىر گەۋدە قىلىنىپ قۇرۇلغان مۇنار. جامەنىڭ ئالدى شىمالغا قاراپ تۇرىدۇ. مۇنار جامەنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي بۇرجىكىگە تۇتاش ياسالغان. مۇنارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يېزا ئارا تۇتاشتۇرۇلغان بىر يول بار. غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىدە يەنە بىر تاشيول بار. شىمالىي تەرىپى تېرىلغۇ ئېتىزى، ئۈزۈملۈك باغ ۋە مەھەللىگە تۇتىشىدۇ. شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپى تەخمىنەن 20 مېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا «شاد - خۇرام» شەھىرى بار (قەدىمىي تۇرپان شەھەر خارابىلىكى).

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ (مۇنار ۋە جامەنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، تەبىئىي ئايرىمىسى، ئىسلام دىنى‌مەدەنىيىتىگە تەۋە قەدىمىي مۇنار دەپ بېكىتىلدى.

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى تاھازىرغىچە خېلى ياخشى ساقلانغان. ئېگىزلىكى 37 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار گەۋدىسىنىڭ تېگى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 8 مېتىر كېلىدۇ. كۆل رەڭ ۋە سېرىق خىشتىن مۇستەھكەم، كۆركەم قىلىپ



ياساپ چىقىلغان مۇنار ئۈستىگە ئېگىزلىگەنسېرى مۇنار گەۋدىسى ئىچىگە تارتىلىپ، كىچىكلەپ، بىر تال يۇمىلاقىقىنا تۈۋرۈك شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن، سىرتىقى قىسمىغا 10 نەچچە خىل گېئومېترىك گۈل نۇسخىسى چىقىرىلغان. ئۆزگىرىشى گۈزەل، ئىسلام ئۇسلۇبى ناھايىتى قويۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مۇنارنىڭ ئىچىدە 72 تاتمىلىق پەلەمپەي بۇرما شەكلىدە ياسالغان. مۇنارنىڭ تېگى قىسمىدىن ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. يورۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان دېرىزىلىرى بار. مۇنارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇنار رېمونت قىلىنغان، مۇنارنىڭ تۆۋىنى، ئوتتۇرا قىسمىدا 3 تال تۆمۈر چەمبىرەك بار.

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى. بىراق، ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا مۇنار گەۋدىسىدە دەز بارلىقىنى بايقىدۇق. قوغدىغۇچى خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مۇناردىكى دەز 1987 - يىلى قىش مەزگىلىدە چىققان ھەمدە بۇ دەز مەركەزلىك ھالدا شەرقىي جەنۇبىي تەرەپكە مەركەزلەشكەن. كۆزىتىشتىن مەلۇم بولۇشىچە، كەتكەن بۇ دەز تېگى قىسمىدىن ئۈستىگە قاراپ داۋاملىق ئۆزگىراۋاتقانلىقى مەلۇم. ھازىر بۇ دەزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 — 4 مېتىردەك كېلىدۇ، دەزنىڭ ئەڭ كەڭ قىسمى 2 سانتىمېترغا يېتىدىكەن، دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل قىلىشىمىزچە غەربىي - شىمالىي بورىنى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. ھەرقېتىملىق بوران مۇنار گەۋدىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى شەرقىي - جەنۇبىي تەرەپكە يۆتكىگەن، شۇ ئاساستا بېسىم كۈچى ئاشقان، ئاندىن دەز كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىققان.

مۇنارنىڭ يېنىدىكى جامەنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر كېلىدىغان چوڭ زال 1979 - يىلى بىر نۆۋەت رېمونت قىلىنغان.

مۇنارنىڭ دەۋرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە مۇنارغا ئاتاپ تۇرغۇزۇلغان تاش ئابىدىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، بۇ مۇنار چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەنلۇڭ يىللىرى ياساپ پۈتكۈزۈلگەن دەپ بېكىتىلدى.

## 2 . شەرقىي چوڭ جامە ( دۆڭداسى )

شەرقىي چوڭ جامە ( دۆڭداسى ) پېچان ناھىيىسىنىڭ دۆڭبازار يېزىسى تەۋەسىدىكى چوڭ يولنىڭ غەربىي قېتىدا ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 250 مېتر كېلىدۇ . بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 13′ 90° قا ، شىمالىي پاراللېل 47″ 51′ 42° قا توغرا كېلىدۇ .

شەرقىي چوڭ جامە قۇرۇلغان يەرنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتى ، جامەنىڭ ئالدى شەرققە قارايدۇ . تۆت ئەتراپىدا ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇسى ، ھويلا ئاراملىرى بار ، ئورمانلىقلارمۇ بار ، كەينى تەرەپتىن 50 مېتر ئارىلىقتا جەنۇبقا ئاققان بىر كىچىك دەريا بار ( ئەسلى يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن شەرقىي دەريا بويى ) دەپ ئاتالغان . جامەنىڭ جەنۇبىدا شەرقتىن غەربكە يۆزلەنگەن بىر يېزا يولى بار . ھويلا ئىچىدە بىر نەچچە تۈپ قارىياغاچ دەرىخى بار .

شەرقىي چوڭ جامەنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 660 كۋادرات مېتر كېلىدۇ .

شەرقىي چوڭ جامەسىنىڭ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى . جامە ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ ، ئاساسەن ياخشى ساقلانغان . تەكشۈرۈش داۋامىدا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە ، جامەنىڭ ئەسلىدىكى ئىشىكى ، ئاخۇن ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ئۆي ۋە سەرراپ بولۇپ ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بۇ قۇرۇلۇشلار بۇزۇۋېتىلگەن .

1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا پېچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ 1980 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈش داۋامىدا قالدۇرغان خاتىرىلىرىگە ئاساسەن تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ، شەرقىي چوڭ جامەنى تەكشۈرگەندە خەرىتىدىكى ئورنىنى بېكىتىپ ، خاتىرىگە ئالغان .


شەرقىي چوڭ جامە جامەسىدە ئاساسلىق ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت



ئالاھىدىلىكى ، جامەنىڭ ئالدى تەرىپىگە قۇرۇلغان دەھلىز ، چوڭ قەسىر ، ئۇنىڭ كەينىدىكى تىلاۋەتخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ۋە دىنىي ئەسلىھەلەر ھازىرمۇ تولۇق ۋە مۇكەممەل ساقلانماقتا .

شەرقىي چوڭ جامە مىللىي ئۇسلۇبتا ياسالغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ ، ئاساسلىق گەۋدە قۇرۇلۇشى ياخشى قۇرۇلغان . جامە قۇرۇلۇشى 1907 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ ، 1911 ـ يىلى قۇرۇلۇش تاماملىنىپ ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن .


شەرقىي چوڭ جامە ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى . ھازىر بۇ جامەنىڭ قوغداش تەدبىرلىرى مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى تەرىپىدىن جىددىي ئىشلەنمەكتە .




1 ــ رەسىم : يارغول ، ئاستانا ، ئويمان بۇلاق تاشقۇرال ئىزى


1 ــ 2 . يارغول تاش مېغىزى ، 3 ــ 4 ، 5 ــ 8 . ئاستانە قىرغۇچى ئەسۋابى ، يۇنۇش ئەسۋابى . 6 ــ 7 . ئويمان بۇلاق ئوقىسمان ئەسۋابى ، تاش ياپرىقى .






2 ــ رەسىم دىغار تاشقۇرال ئىزى .


1 ــ 3 ــ 5 . تاش مېغىزى ، 4 ــ 7 ــ 10 . تاش ياپرىقى ، 6 ــ 8 ــ 9 . قىرغۇچى ئەسۋاب .



3 ـ رەسم : قىزىل قۇم تاشقورال ئىزى .


1 . تاش مېغىزى ، 2 ـ 3 . تاش ياپرىقى ، 4 . پالتىسىمان ئەسۋاب .





4 ـ رەسم : ياڭخېي ئاسقال مەھەللە ۋە 2 ـ كەنت تاشقورال ئىزى

1 ـ 2 . ياڭخېي تاش مېغىزى ، 4 ـ 6 ـ 8 . ياڭخېي قىرغۇچى
ئەسۋابى ، 3 . ياڭخېي پالتىسىمان تاشقۇرالى ، 7 . 2 ـ كەنت
قىرغۇچى ئەسۋابى ، 5 . 2 ـ كەنت تاش مېغىزى .





5 ـ رەسىم : تاشقىن ئېرىق تاشقورال ئىزى .

1 ـ 5 ـ 9 . تاش مېغىزى ، 4 . تاش ياپرىقى ، 6 . يا ئوقى

2 ـ 3 ـ 7 . قىرغۇچى ئەسۋاب ، 8 . يونۇش ئەسۋابى .






6 ـ رەسىم : ئاق تېرەك ،دىغار ۋە 2-كەنت تاشقورال ئىزى

1 ـ 2 ـ 3 ئاق تېرەك قاناتسمان قىرغۇچى ئەسۋابى ، 4 .

2 ـ كەنت قىرغۇچى ئەسۋابى ، 5 . دىغار قىرغۇچى ئەسۋابى .




7 ـ رەسىم : چەشتاغ قەدىمىي قەۋرىستانلىقى ۋە پارچە شاغال ئۆزىدىن تېپىلغان ساپال يۇچۇقلىرى .


ـ 3 . چەشتاغ قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال پۇچۇقلىرى ،

ـ 5 . پارچە شاغال ئۆزىدىكى ساپال پارچىلىرى .







8 ـ رەسىم : پارچە شاغال ئۆزىدىن بايقالغان ساپال پارچىلىرى .




9 ـ رەسىم : چۇلاق كارىز قەۋرىستانلىقى ساپال قاچىلار


1 ـ ساپال جام ، 3 ـ 4 ـ رەڭلىك ساپال پۇچىقى ، 2 ـ 5 ـ تېگى يۇملاق ساپال كۆمزەك






10 ـ رەسىم : كۇجەي قەۋرىستانلىقى ساپال قاچىلىرى .


1 ـ 2 ـ 7 . ساپال قاچا ئېغىزى پارچىلىرى ، 3 . غېدىر ، 4 . تاشقورال ، 5 ـ 6 . ئاشخانە جابدۇقى




11 ـ رەسىم: يېڭى يايلاق قەۋرىستانلىقى.


1 ـ 2 ـ 3 ـ 8. ساپال پارچىسى، 4 ـ 5 ـ 10. ساپال جام پارچىسى، 6 ـ 7 ـ 9. ساپال تەشتەك پارچىسى.






12 ـ رەسىم: دۆڭ بازار، دۆڭ مەھەللە خارابىلىرى ۋە قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال پارچىلىرى.


1 ـ 5 ـ 7 ـ 8. دۆڭ مەھەللە خارابىلىغىدىكى ساپال پارچىلىرى،
6 ـ 9 ـ 11. دۆڭ مەھەللە قەۋرىستانلىغىدىكى ساپال پارچىلىرى،
12. دۆڭ بازار خارابىلىغى ساپال پارچىلىرى.




قاچا، ئۇستىخان قورال، مىس قوراللار.


1 ـ 3 ـ 6. دۆڭ مەھەللە ئىزىدىكى تاش قوراللار، 4. دۆڭ مەھەللە خارابىدىكى مىس ئوق ئۇچى، 8. دۆڭ مەھەللە ئىزىدىكى ساپال يۇچىخى، 5 ـ 12. دۆڭ مەھەللە قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال ئەسۋابلار، 9 ـ 10. سەنكەنقىر قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال پارچىلىرى، 11. سەنكەنقىر قەۋرىگاھلىقىدىكى ئۇستىخان قوراللار






14 ـ رەسىم: قوشچاگىزا ۋە سۇ بېشى ئىزلىرىدىكى ساپال قاچىلار ۋە ساپال پارچىلىرى.


1 ـ 4. قوشچاگىزا ئىزىدىن تېپىلغان قوش قۇلاقلىق كومزەك ۋە رەڭلىك ساپال پارچىلىرى؛ 5 ـ 12. سۇ بېشى ئىزىدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال پارچىلىرى.



15 ـ رەسىم : سۇ بېشى خارابىلىقىدىكى ساپال قاچىلار ۋە ساپال پارچىلىرى .

1 ـ 2 . غېدىر ، 3 ـ 5 . كومزەك ، 6 ـ 8 . قاچا قۇلىقى ، 9 ـ 12 . قاچا ئېغىزىدىكى گۈل بېزىكى .






16 ـ رەسىم : چەكمەن قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال قاچىلار .


1. قوشقۇلاق كومزەك . 2 ـ 7 . يالاڭ قۇلاقلىق .

ساپال كومزەك ، 8 . داس ، 9 ـ 11 . ئېگىز بويۇنلۇق قاچا ، 4 . 12 پۇتلۇق كومزەك .





17 ـ رەسىم : چەكمەن قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال قاچىلار
1 ـ 3 . يالاڭ قۇلاقلىق كومزەك . 4 ـ 11 . ئاياقلار .







18 ـ رەسىم : چەكمەن قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال قاچىلار ۋە ياغاچ بۇيۇملار .
1 . جوغىلىق كومزەك ، 2 . تۇلۇڭ شەكىلدىكى جام ، 3 . يالاڭ
قۇلاقلىق جام ، 4 . ئۈچ پۇتلۇق جاۋۇر ، 5 ـ 6 . چۆگۈن ،
7 . قاچا قويغۇچ ، 8 . ھىجىر ، 9 . ياغاچ غىدىر ، 10 . تارغاق ، 11 . تەگنە .




19 ـ رەسىم : تۇگمەن قەۋرىستانلىقىدىكى دەپنە بۇيۇملىرى بىلەن تونۇشۇش خەرىتىسى .







20 ـ رەسىم : سۇ بېشىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق قەۋرە ۋە تۇگمەن بويى قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال قاچىلار.

1 . 2 داس ، 3 ـ 5 . غېدىر ، 6 . رەڭلىك ساپال پارچىسى ،

7 ـ 8 . كومزەك ، 4 . تاش ساقا ، 9 . قوش قۇلاقلىق داس ،


10 . ئاياق .




21 ــ رەسىم : ياڭخېي قەۋرىستانلىقى تونۇشۇش خەرىتىسى

1 . ياغاچ دەپنە بۆيۈملىرى ، 2 . لەھەت ( 2 . پەلەمپەيلىك شەكلى )







22 ــ رەسىم : ياڭخېي قەۋرىستانلىقى ساپال قاچىلىرىدىن بىر تۈركۈمى .

1 ــ 5 . رەڭلىك ساپال پارچىسى ، 6 ــ 8 . غىدىر ، 7 ــ 9 . 11

يالاڭ قولاقلىق كومزەك ، 12 . تۈز تەگلىك كومزەك ،


13 . جوغىلىق قاچىنىڭ ئېغىزى قىسمى .




23 ـ رەسىم : ياگخىي قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال قاچىلارنىڭ
2 ـ تۈركۈمى .

14 ـ 16 . ساپال داس ، 17 ـ 19 . جام ، 18 . كومزەك
بوينىنىڭ پارچىسى ، 20 . ۋازا ، 21 . قاچا ، 22 . تۆت پۇتلۇق پەتنۇس






24 ـ رەسىم : سۇ بېشى 2 ـ نومۇرلۇق قەۋرىستانلىقتىكى ساپال قاچىلار .
1 ـ 3 . رەڭلىك ساپال پارچىسى ، 2 ـ 4 . جام ، 5 ـ 6 . كومزەك ،
7 ـ 9 . ياڭاق قۇلاقلىق كومزەك ، 5 . چۆگۈن ، 10 . تەشتەك .



25 ـ رەسىم: توگمەن بويى قەۋرىستانلىقىدىكى ساپال قاچىلار.

1 ـ 6. يالاڭ قۇلاقلىق كومزەك، 7. قوش قۇلاقلىق كومزەك.





26 ـ رەسىم: كۆجەي قىيا تاش سۈرەتلىرى

1. تاغ تېكىسى، 2. بۇغا، 3. يىلپىزنىڭ يەمەكلىك تۇتۇشى.



27 ـ رەسىم : قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى قوي بېقىش سۈرىتى .






28 ـ رەسىم : قىياتاش سۈرەتلىرىدىكى ئوۋ ـ ئوۋلاش سۈرىتى .




29 ـ رەسىم: كۆجەي قىياتاش سۈرەتلىرىدىكى ھايۋانلار سۈرىتى.






30 ـ رەسىم: غوجام بولاق قەدىمى شەھىرىنىڭ تۈز يۈزلۈك خەرىتىسى.





31 ـ رەسىم : 1. سىڭگىم ئېغىزى ئۇت تورى ، 2. مۇرتۇق
سايدىكى قەلئە ، 3. قارۇزە ئۇت تۇرى ، 4. چىچانخۇ ساي ئۇت تۇرى .






32 ـ رەسىم : دادۇك ۋە قوتانتۇر قەدىمى شەھەرلىرىدىكى
سۆگەك ، ساپال ، قاشتېشى ، تاش ، مىس بۇيۇملار .
1. تاش سوقۇقا ، 2. تاش قورال ، 3. قاشتېشى
زىننەت بۇيۇمى ، 4. مىس قورال ، 5 ـ 8. ساپال قاچىلار .



33 ـ رەسىم : تۇيۇق مىلك ئۆيىدىكى تام سۈرىتى


1 . ئۇيغۇر سەدىقچى ، 2 ـ 4 . پەرۋاز قىلىش ،

3 . سەدىقچى ، 5 . ھايۋانلار شەكلى ،

6 . تۈز تەگلىك نۇسخا سۈرىتى .



3




34 ـ رەسىم . ساپال قاچىلار .

1 ـ 3 . غوجام بولاق قەدىمكى قەۋرىستانلىقى ،

2 . چىچانخۇ ساي قەدىمكى قەۋرىستانلىقى ،

4 ـ 6 . چىكاگكۆل قەدىمقى قەۋرىستانلىقى .



35 ـ رەسىم : كىچىك سۇ بېشى قەۋرىستانلىقى، چىقتىم قەدىمقى شەھىرى ۋە غوجام ئالدى مال ئازگىلىدىكى قاچا ـ قۇچىلار.
1 ـ 4 . كىچىك سۇ بېشىدىكى ئاياقلار ، تاشلار ، ياغاچ پارچىلىرى ، 6 . غوجام ئالدى مىس زىننەت بۇيۇمى ، 5 ـ 7 ـ 8 . چىقتىم قەدىمكى شەھىرىدىكى ساپال پارچىلىرى .



مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان
تېخنىك رېداكتورى: گۈلنىسا ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ماۋ يۇك

# تۇرپان ئاسارئەتىقىلىرى

ئاپتورى: ئابلىم قېيۇم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 8.375
1997 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1997 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 2,500
ISBN 7—228—03960—2/K • 440
باھاسى: 15.00 يۈەن

编：魏力
设计：毛玉龙
编辑：古丽尼沙·亚森

责任编辑：魏　力
责任校对：吾买尔江
技术编辑：古丽尼沙·牙生
封面设计：毛玉龙

高昌文物（维吾尔文）
阿布力木·克尤木　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　1/32开本　8.375印张
1997年4月第1版　1992年4月第1次印刷
印数：1—2,500

ISBN7—288—03960—2/k·440　定价：15.00元